

# بۇلاق

# BULAK

1991 2



« قىزىلگۈل » داستانىغا ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

## 12-يىل نەشرى

## ئومۇمىي 35-سان

1991

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببas، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## 1991 - يىل 2 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


بەھرام ۋە دىلئارام ......................... موللا سىدىق يەركەندى 5
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

«مۇھەببەتنامە - ۋائىزىن» .................. نورۇزاخۇن كاتىپ زىيائى 53
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەسرۇللا ھەمدۇل

بازنامە.................................... موللا ئەلى قۇشچى 68
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھىمىت


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


خەرنامە .................................. شەيخى 76
نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۇنۇس


### مەشھۇر كلاسسىكلار


شەيخى ۋە ئۇنىڭ «خەرنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا ............ 80
مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن


### ئەدەبىي مۇھاكىمە


ئاھ، شائىر قىسمىتى ........................ ئىبراھىم ھەققۇلوۋ 83
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھەممەت پولات

خەلق ئېغىزىدا بىياتلاردىن


قىزىلگۈل (داستان) ........................ 102
توپلاپ رەتلىگۈچى: مويىدىن سايىت

مەلىكە ھۆسنىبانۇ (چۆچەك) ........................ 131
رەتلىگۈچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت

بېلىقچى بوۋاي بىلەن سۇ پەرىسى (چۆچەك) ........................ 136
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ........................ 142
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرام ئىسلام

رىۋايەتلەر ........................ 147
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت جۇمە

بېيىت - قوشاقلار ........................ 153
توپلاپ رەتلىگۈچى: جاپپار ئەھمەت

* *

چاغاتايچە لۇغەت «ر» ........................ 157
تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھمەت


* *


رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى.
تېتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچېڭ.


مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: 1986- يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «بىدىل رۇبائىيلىرى» ناملىق كىتابچىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت.

ئىككىنچى بېتىدە: «قىزىلگۈل» داستانىنىڭ 106- بېتىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت.

ئۈچىنچى بېتىدە: (1) «مۇھەببەتنامە - ۋائىزىن» نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت. (2) «مۇھەببەتنامە - ۋائىزىن» نىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچىسىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت. (3) «بازنامە» نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت. (4) «خەيرنامە» نىڭ تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان فاكسىمىل نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

تۆتىنچى بېتىدە: ئابدۇرېھىم نىزارى داستانلىرىدىكى رابىيە - سەئىدىننىڭ قەشقەر يامانيارىدىكى قايتىدىن ياسالغان قەبرىسى.




موللا سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

*    *

دۈشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ نەۋباھار كەبى يېشىل تونلارنى كىيىپ، يېشىل گۈمبەزگە
كەلگەنلىكى، ئۇ يەردە مايسا رەڭلىك لىباسلارنى كىيگەن بىر يېشىل سەرۋى
بىلەن بىللە زۇمرەت جامىدا ھاياتلىق شەرۋەتلىرىنى ئىچكەنلىكى
ۋە ئۇ ھاياتلىق بۇلىقىدىن خىزىر ھاياتىغا ئېرىشكەنلىكى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ھەم مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقىتكى، دۈشەنبە كۈنى بۇ ئالتۇنلار بىلەن بېزەلگەن ئاسمان تۈن ئەيىنىكىنىڭ رەڭگىنى سۇندۇرۇپ، يۈزلىگەن سېھىردىي ھۈنەرلىرى ئارقىلىق سۇبھىنى پەيدا قىلدى؛ تۈن چېدىرىغا زۇمرەتتىن رەڭ بەردى؛ پارلاق قۇياش بۇلىقىنىڭ سۈيى بىلەن پەلەك مايىسزارىنى سۇغاردى. شاھ بەھرامۇ بوستانىدىكى سەرۋىدەك رەيھانسىمان يېشىل تونلارنى كىيدى ۋە كۆكلەمزار بىلەن يورۇپ، يېشىل ئايۋان ئىچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ يەردىكى پەرى سۈپەت گۈزەللەرمۇ ئۆزىنى شىشە رەڭلىك لىباسلار بىلەن بېزەپ، جىلۋىگەر بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مايسا رەڭلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا تەبەسسۇم قىلىپ، لەۋلىرىدىن شېكەر تۆكمەكتە ئىدى. ئەگەر يېشىل دەرەخنىڭ مېۋىسى شۇنداق تاتلىق بولىدىغان بولسا، تېخىمۇ گۈزەل بولىدىكەن. ئۇ سەنەم كېلىپ نازكەرەشمىلەر بىلەن شاھ بەھرامغا شىشە رەڭلىك جامنى تۇتتى. شاھمۇ ئۇنى ئارقىمۇ ئارقا قولىدىن ئېلىپ، ئۆز ئەكسىنىڭ رەڭگىدىن ئۇ جامنى زۇمرەت رەڭگىگە كىرگۈزگەن ھالدا ئىچمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ زۇمرەت رەڭ پەلەك تۈن لەشكەرلىرىنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن كېچە رەڭگىگە كىردى. شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىنىڭ خىياللىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئوُيقوُنى ئىستىدى. شاھنىڭ قائىدە يوسوُـ
نى بويىچە ئوُنىڭ خادىملىرى سىرتقا
چىقىپ، بىر موُساپىرنى شاھ قېشىغا باشـ
لاپ كىردى. شاھ ئوُنى پەردە سىرتىدا
ئولتوُروُپ، دەرھال ئەپسانىسىنى باشلاشقا
بوُيروُدى. ئوُ موُساپىر پادىشاھقا مەدھىيە ۋە
ماختاشلارنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن،
بوُ گوُزەل ھېكايىسىنى باشلىدى.

## ئوُچىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتوُروُلگەن موُساپىرنىڭ ئەپسانىسى

ئوُ موُساپىر ئوُز ھېكايىسىنى موُنداق
باشلىدى:
بوُروُنقى زاماندا مىسىر شەھىرىدە
كاتتا باي بىر خوجا بار ئىدى. ھەرقانداق
ھاجەتمەن ئوُنىڭ ئىشكى ئالدىدىن ئوُروُن
ئالاتتى. ئوُنىڭ ھەددىۋ ھېسابسىز مال ـ دوُنـ
ياسى ۋە چەكسىز سېخىيلىقىنى تەرىپلەپ
توُگەتكىلى ۋە تەسۋىرلەپ ئاخىرىغا يەتكىلى
بولمايتتى. مىسىر پادىشاھىنىڭ خەزىنىلىرىـ
مۇ ئوُنىڭ بايلىقىغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئوُ
ھوُسن ـ جامالدا، بارلىق پەزىلەت ۋە داناـ
لىقتا مىسىر يوُسوُپىدەك ئىدى. ئوُنىڭ چىراـ
يىدىن ھوشيارلىقى چىقىپ توُراتتى. ئوُنىڭ
بىر بەختىلىك پەرزەنتى بار ئىدى. جاھانـ
دا ئوُ پەرزەنتىنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى.
ئاتىسىنىڭ بار ـ يوق مال ـ موُلكى شوُنىڭ
ئىختىيارىدا ئىدى. ھەرقانداق ئىلىم ئوُنىڭ
نەزەرىدە ئايان ئىدى. بارلىق پەزىلەت
ئەھلى ئوُنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. ئوُنىڭ
ئىسمى سەئىد ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئولتوُرساـ
قوپسا ئويلايدىغىنى ئوُنىڭ سالامەتلىكى ئىـ
دى. ئوُنىڭ ئاجايىپ بىر مېھمانخانىسى
بار ئىدى. ئوُ يەرگە مەيلى تونوُش ياكى
ناتونوُش كىشىلەر كەلسوُن، ۋە ياكى سەپەر
ئەھلىلىرى كەلسوُن دەخلىسىز ھالدا كىرـ
گوُزەتتى. كەلگەن مېھمانلارنىڭ مېھرىبانـ
لىق بىلەن ھالىنى سوراپ، موُرادلىرىنى ھاـ
سىل قىلاتتى. ئوُلارغا چەكسىز ئىلتىپات ۋە
ياخشىلىقلارنى قىلاتتى. سەئىد مېھمانلارنى
موُلايىملىق ۋە ياخشىلىقلىرى بىلەن تەسىرـ
لەندوُرگەندىن كېيىن، ئوُلارنىڭ كوُرگەن،
بىلگەنلىرىنى، قىلىدىغان ھوُنىرىنى سورايتـ
تى. بوُ ئارقىلىق ئوُلارنىڭ يوشوُروُن سىرـ
لىرىنى بىلەتتى ۋە ئوُلوُغ ئىشلىرىنى ئوُگىـ
نەتتى. شوُنداق قىلىپ ئوُ نوُرغوُن ئىلىملەرـ
نى ئىگىلەپ، ئوُنىڭدا كامىل بولدى. مىتال
تاۋلاش، سېھرىگەرلىك ۋە كىمىياگەرلىك
ئىلىملىرىنىمۇ پوُختا ئوُزلەشتوُردى.
كوُنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى نەپەر موُـ
ساپىرنىڭ رىسقى يەنە بوُ تەرەپكە تارتىپ،
ئوُنىڭ مېھمانخانىسىغا كىردى. ھەر ئىككىلىـ
سىنىڭ كىيىمى باشتىن ـ ئاياغ يېشىل رەڭـ
دە ئىدى. سەئىد ئوُلارغا ئىلتىپات ئىشكـ
لىرىنى ئېچىپ، تەرەپ ـ تەرەپتە زىياپەت
ئەسلىھەلىرىنى تەييار قىلدى. بوُنداق قىلـ
ماسلىقتا ئوُنىڭ كوُڭلى ئوُنىمايتتى. سەئىد
ئوُز ئادىتى بويىچە ئوُلارغا دوستلوق ئىزـ
ھار قىلدى، بوُنىڭ بىلەن ئوُ ئىككىيلەننى
مەمنوُن ۋە مىننەتدار قىلدى. بوُ قەدەر
چەكسىز ئىلتىپات ۋە ئادەمگەرچىلىكنى
كوُرگەن ئوُ ئىككى يېشىل تونلوُق كىشى
ھەيران ـ ھەس قالدى.
سەئىد بىر كوُنى ئوُلارنىڭ كوُڭلىنى
ئېچىشنى ئويلاپ، مەشرەپ توُزدى، بەزمە
ئىچىدە ئوُلارنىڭ كوُڭلى نېمىنى خالىسا،
شوُنى تەييار قىلدى. مەينىڭ ئوُتكوُرلوُكىدىن

ئۇلارنىڭ نىبىرۋىلىرى قىزىپ، تارتىـ
نىش ۋە ياتسىراش پەردىلىرى ئارىدىن
كۆتۈرۈلدى. سەئىد ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتـ
تۇپ، ھىسابسىز مەي بىلەن ئىككىلىسىنىڭ
روھىنى تىخىمۇ جانلاندۇردى، ئاندىن نا-
ھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئىلگىرىكى بەزى
كىشلەرنىڭ شەھەرلىرىنى سوراپ كىلىپ:

— سىزلەر قايسى شەھەرلىك؟ نىمە
سەۋەبتىن بۇ يىشىل لىباسلارنى كىيدىڭىز-
لار؟ — دىدى.

— شەھىرىمىز، — دىدى ئۇ ئىككىسى
جاۋاب بىرىپ، — ناھايىتى گۈزەل شەھەر
بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى «شەھرى سەبزە»
(يىشىل شەھەر) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ شەھەر-
نىڭ كۆكلەمزارى گويا ئەينەك رەڭگىـ
دەك جىلۋىگەردۇر. ئاشۇنداق شەھەر بىز-
نىڭ ۋەتىنىمىز بولغان يەردە، بىزنىڭ يىـ
شىل كىينىشىمىز ھىچقانداق ئەجەبلىنەرلىك
ئەھۋال ئەمەس.

سەئىد ئۇلارغا:

— سىلەر ئۇچراتقان ھەرقانداق ئا-
جايىپ - غارايىپ ئىش بولسا، سۆزلەپ بىرىڭـ
لار، — دىگەنىدى، ئۇ ئىككى مۇساپىرنىڭ
بىرسى سۆز باشلىدى.

— دىيارىمىزدا بىر تاغلىق بار، ئۇنىڭ
ئىچىدە جەننەتىكە ئوخشاش گۈزەل بىر
كۆكلەمزار بار. ئۇ دىيار كىشلىرى ئۇ يەر-
نىڭ ئىسمىنى «كەتۇر» دىيىشىدۇ. ئۇ يەر-
دە بىر چوڭ بۇتخانا بار. ئۇنىڭ ئىگىزلىكى
پەلەكتەك يۇكسەك؛ ئۇنىڭ پەشتاقلىرىنىڭ
يۇقىرىسى كۆككە تاقاشقاندۇر. ئۇ ئىمارەتنىڭ
ئىچى ۋە تىشى تاشتىن بىنا قىلىنغان. ئىـ
چى ۋە سىرتىغا باشتىن - ئاياغ جانۋارلار-
نىڭ شەكلى، سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن.
ھەرقانداق كىشى ئۇ يەردە ئورۇنلاشسا، ئۇ
كىشگە شۇنداق بىر نەتىجە ھاسىل بولـ
دۇكى، تەڭرى ئۇنىڭغا قانداق ۋەقە ياكى
تەقدىرنى بۇيرۇغان بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەر-
دار بولىدۇ. ھەر كىشى ئۇ بۇتخانىغا كىرىپ،
كىچىسى شۇ يەردە بولسا، ئۇنىڭ كۆزى
ئۇيقۇغا بىرىش بىلەنلا، چوقۇم چۈشىدە ئا-
جايىپ ئىككى سۈرەتنى كۆرىدۇ. ئۇ ئىككى
سۈرەت مەزكۇر كىشىنىڭ قىشىغا كىرىپ،
ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز تىكىپ سەپ سالغانـ
دىن كىيىن، ھەر بىرى ئۆز سۆزىنى بايان
قىلىپ قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كەلگۈسىدىـ
كى نازۇ - نىمەت ۋە راھەت - پاراغەتلەر
ھاسىل بولىدىغان ياخشى ئىشلارنى بايان
قىلىدۇ. يەنە بىرى، كىشىنىڭ بەخت - تەلـ
يى يانغاندا يۈز بىرىدىغان، جاپا - مۇشەقـ
قەتكە ئىلىپ بارىدىغان يامان ئىشلارنى
سۆزلەپ بىرىدۇ. بۇ ئىككى ئەھۋالدىن خەـ
ۋەر تاپقاندىن كىيىن، ئۇ كىشى ئۇيقۇدىن
ئويغىنىدۇ ۋە شۇندىن باشلاپ ياخشى ئىشلار
ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يامان ئىشـ
لاردىن ئىھتىيات قىلىدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلەردىن كىيىن بىرىنچى
مۇساپىر سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاندىن
ئىككىنچى مۇساپىر سۆز ھىكمەتلىرىنى باـ
يان قىلىشقا باشلىدى:

— ئاشۇ بۇتخانا ئىچىدە كۆڭلى گويا
قۇياشتەك روشەن بىر كىشى بار. ھەر كىشى
ئۇ يەردە چۈش كۆرۈپ، چۈشىدە كۆرگەنـ
دەك ياخشىلىققا يول تاپالمىسا ياكى جاپا -
مۇشەققەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى بىلەلـ
مىسە، بىرىپ ئاشۇ پىر - ئۇستازنى تىپىپ
ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلسا، پىر ئۇنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئىلىپ، شۇ ھامان تەدبىر
ۋە مەسلىھەت كۆرسىتىدۇ. ئۇ كىشى قانداق
يول كۆرسەتسە شۇ بويىچە بەجا كەلتۈرۈش

كېرەك. شۇنداق قىلغاندا چۈشىدە كۆرگەن ئىشتىن مۇراد ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئەلقىسسە، سەئىد بۇ ئىككى ئەپسانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنى كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ھوشىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۇ كەچكىچە يېشىل تونلۇق مۇساپىرلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى. كۈن كەچ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھاۋايى ھەۋىسى بىلەن مۇساپىر بولۇشقا بەل باغلىدى. بۇتخانىنى كۆرۈش ئىشتىياقى سەئىدنىڭ كۆڭلىگە غەم-قايغۇلارنى سېلىپ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇنى قاچۇردى.

تاڭ ئاتتى. شىشە رەڭ ئاسمان يەر يۈزىنى يورۇتتى. بۇ ئارزۇ-ھەۋەس سەئىدنىڭ كۆڭلىدىن قارارىنى، قولىدىن ئىختىيارىنى ئېلىۋالدى. سەئىد ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلدى. ئاتىسى ئۇنى توختىتىپ قېلىش ئۈچۈن قانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە ھېچبىر تەسىر قىلمىدى. سەئىد بۇ ھەۋەس تۈپەيلىدىن بىچارە بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ھەۋەس ئوتلىرىنى توسۇش ئارقىلىق ئۆچۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. ئاخىر ئاتىسى ئوغلىنىڭ غېمى بىلەن يىغلاپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا ئۇنى تەڭرىگە تاپشۇردى.

— قانچىلىك مال-دۇنيا ئېلىشنى نىيەت قىلساڭ، كۆڭلۈڭ خالىغىنىچە ئال، — دېدى ئاتىسى سەئىدكە.

سەئىد سەپەر ئەسلىھەلىرىنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. خىزمەتكارلار ئون كۈنگىچە قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بارلىق يول جابدۇقلىرىنى تەق قىلدى.

شۇنداق شاھانە جابدۇقلارنى راسلىدىكى، ئۇنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. كۈمۈش يۈكلەنگەن تۆگىلەر قاتار-قاتار قىلىپ تىزىلدى، ئۇلارنىڭ يۈكلىرىدە مىڭ-مىڭلاپ ئاقچىلارنى ئېلىپ ماڭدى. ئالتۇن كەمەر، ئۈنچە-ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغان تونلارنى كىيگەن تۆتيۈز خىزمەتكارنىمۇ بىللە ئېلىۋالدى. يۇقىرىقى ئىككى يېشىل تونلۇق مۇساپىرنىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىززەت-ئىكراملار بىلەن ئۆزىگە يولداش قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. سەئىد يولغا كىرىش ئالدىدا ئىككى كۆزىدىن دەريا ئاققۇزغان ھالدا ئاتىسى بىلەن خوشلاشتى. ئاتىسى ئوغلىغا ئېچىنغىنىدىن ئۆزىگە ئۆلۈمنى راۋا كۆرگەن ھالدا قېپقالدى.

سەئىد ئىنتايىن ئالدىراش ھالدا يول يۈرۈپ، سەپەر جەريانىدىن ئىككى مەنزىلنى بىر بېسىپ ماڭدى. ھېلىقى يېشىل تونلۇق ئىككى مۇساپىر ئۇنىڭغا يول باشلىدى. نەچچە مەزگىل شەھەر ۋە باياۋانلارنى كەزگەندىن كېيىن، ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە قەدەم قويدى. ئۇ ئىككى يېشىل تونلۇق مۇساپىر سەئىدنى بۇتخانىغا باشلاپ كىردى. سەئىد ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئالدى، شەرۋەت ۋە تائاملار بىلەن غىزالاندى. ئۇ ناھايىتى خۇش چىراي ۋە ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن بۇتخانا ئەھلىگە چەكسىز ئىززەت-ھۆرمەت ۋە ھېسابسىز خەير-ساخاۋەت يەتكۈزدى. ئاندىن سەئىدنىڭ كۆڭلى بۇتخانا سەيلىسىگە مايىل بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىككى ھەمراھىنى ئېلىپ بۇتخانا ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەتراپىنى تاماشا قىلاتتى، ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىپ ھەيران بولاتتى. سەئىد كۈن كەچ بولغاندا بۇتخانىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. بۇتخانىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، سەئىدكە:

— بۇ ئىشىڭ ساڭا ناھايىتى كۆپ

پۇشايمان كەلتۈرىدۇ،— دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئۇلار قانچە پەندى - نەسىھەتلەرنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەئىدنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلمىدى. بۇ ھەۋەس ئۇنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغاچقا، نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى. ئۇ بۇتخانا ئىچىگە كىرىپ، بىر بۇلۇڭدا ئۇخلاپ قالدى. بۇتخانا شەيخلىرى ئىشىكنى گوياكى خەيبەر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدەك مۇستەھكەم تاقىدى. ئاندىن سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ۋەھىمە ۋە ئەندىشىگە چۈشكىلى تۇردى. ئۇلار بۇتخانىدىن چىقىپ كېتىشكە قانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پۇشايمان ۋە ھەسرەتتىن ئۆزگە نەتىجە ھاسىل بولمىدى. لېكىن بۇ پۇشايمان پايدا بەرمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، تاڭ ئاتقۇچە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىگە غەرق بولدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ھەر نەپەستە يۈزلىگەن ۋەسۋەسە ۋە ئەندىشىلەر پەيدا بولاتتى. سەئىدنىڭ كېچە بويى ئۇيقۇسىزلىق سۆزلىرى ئاغزىدىن چۈشمىدى. سۈبھى ۋاقتى بولغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇخلاش بىلەنلا بۇ كونا بۇتخانا ئۇنىڭ چۈشىگە كىردى. چۈشىدە: ئىككى يېشىل رەڭلىك قۇش پەيدا بولۇپ، سەئىدنىڭ باشلىرىدىن چۆگىلەپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئاندىن ھەر ئىككىلا قۇش سايراشقانلىرىچە سەئىدنىڭ قېشىغا چۈشتى. بىر قۇش گويا غايىبتىن كەلگەن ئاۋازدەك بىشارەت بېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ساڭا بىر پەرى نېسىپ بولىدۇ، — دېدى ئۇ قۇش سەئىدكە، — ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالى خۇددى شەرق قۇياشىدەك گۈزەلدۇر.

يەنە بىر قۇش قورقۇنچ ۋە خەۋپ بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، سۆزلىرىنى مۇنداق تاماملىدى:

— سېنى بىر دىۋە ئەسىر قىلىۋېلىپ، ئىككى ئايىغىڭغا غول ۋە زەنجىرلەرنى سېلىپ باغلايدۇ.

سەئىد بۇ ئاجايىپ ھادىسىدىن ھەيران قالدى ۋە بۇ ھەيۋەتلىك ئاۋازدىن سىلكىنىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، نالە - پىغان چەككەن ھالدا ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ تاڭ ئاتقانلىقىنى سېزىپ ئىشىك تەرەپكە قاچتى. شەيخلەر ئىشىكنى ئاچتى. سەئىد بۇتخانىدىن ۋەيرانە ۋە سەۋدايى بولغان ھالدا قايتىپ چىقتى. ئاشۇ چۈشتىن ئۇنىڭ ھالى پەرىشان بولۇپ، تاكى ئاخشامغىچە بىتاقەت بولدى. ھەر ۋاقىت ئۇ نالە - زارە ۋە پەرياد - پىغاندىن ئۆزگە ھېچ ئىش قىلمايتتى. سەئىدنىڭ كۆڭلىگە ئىزتىراب ۋە تاقەتسىزلىك ئوتلىرى تۇتاشتى. خىزمەتكارلار ئارىسىدىمۇ بۇ ئىشتىن ئوت چۈشتى. ئۇلار ھېلىقى يېشىل تونلۇق ئىككى مۇساپىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى:

— سىزلەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭىزلەردىكىدەك ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، سەئىد ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ساراڭ بولدى. ئەمدى بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭىزلار.

ئۇ يېشىل تونلۇق مۇساپىرلار ئىچىدىن ئىككىنچى ئەپسانىنى سۆزلىگەن كىشى سەئىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇنداق ئىلتىماس قىلدى:

— بۇ ئىشقا مەن سۆزلىگەن ئاشۇ مويسىپىت پىر ئامال قىلىدۇ، قوپۇڭ، شۇنىڭ ئالدىغا بارايلى. بۇ ئارقىلىق چوقۇم دەردىڭگە داۋا تاپىمىز.

سەئىد ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ
ماڭدى. ئۇ ئىككىسى يول باشلاپ تاغ تەرەپ-
كە ماڭدى. ئۇ تاغ ئىچىدە بىر قاراڭغۇ غار
كۆرۈندى. ئۇلار ۋەھىمىگە چۈشكەن ھالدا
غار ئىچىگە كىردى، غار ئىچىدە بىر ئايۋان
نامايان بولدى. بۇ ئايۋان تاغ قازغۇچى
پەرھاتنىڭ مىتىن ۋە كەكىسى بىلەن قېزىل-
غاندى. مەزكۇر مويسىپىت كىشى خالايىق-
تىن قېچىپ ئاشۇ غاردىكى ئايۋان ئىچىدە
مەخسۇس تائەت - ئىبادەتكە ئولتۇرغاندى.
گويا ياقۇت كان ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك ئۇ
پىر ئۇستازنىڭ جىسمى جەۋھەرلىرى ئاشۇ
قاراڭغۇ غار ئىچىگە پىنھان بولغاندى.
خۇددى تۈن قاراڭغۇسىدا پۈتكۈل جاھان
پىنھان بولغاندەك ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن
چاچلىرى پۈتۈن بەدەنلىرىنى ياپقاندى.
ئۇنىڭ كۆڭلىدە بەئەينى كاندا يوشۇرۇنۇپ
ياتقان جاۋاھىرلاردەك تالايلىغان ئىلىملەر
ھەقىقەتلىرى ۋە سىر - ئەسرارلىرى بار
ئىدى. ئۇ يەتتە يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن
بولۇپ، بارلىق سىر - ھېكمەتلەر ئۇنىڭ
ئالدىدا ئايان ئىدى. جاھاندىنمۇ ئۈمىد
كۈتمەيتتى ۋە ھېچ نېمىدىن قورقمايتتى.
خالايىق ئۇنىڭ ئىسمىنى «پەيلاسوپ ھېكىم»
دەپ ئاتىشاتتى. سەئىد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھ-
لىرى ئۇ كىشىنى كۆرۈش بىلەنلا قوللىرىنى
كۆكسىگە قويۇپ ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ
تۇردى. ئۇ كۆڭلى يورۇق ھېكىم
بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار
ئىدى. ئۇ يۈزلىرىدىن چاچلىرىنى ئېچىپ،
جامالىنىڭ نۇرلىرى بىلەن بۇ ئايۋان ئىچىنى
يورۇتتى، گويا قۇياش نۇرىدىن بۇ ئالەم
نۇرلانغاندەك بولدى. ھېكىم مېھماندارچى-
لىق قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق بۇلارغا ئىلتىپات
كۆرسەتتى. بۇلارمۇ ئۇنىڭ سۆلەت ۋە ھەي-
ۋىتىنى كۆرۈپ، تەزىم بىلەن تۇپراق ئۈس-
تىگە باش قويۇشتى.

— ھەي سائادەتمەن يىگىت، — دېدى
ھېكىم سەئىدكە، — بۇ زاماندىن كۆڭلۈڭگە
پەرىشانلىق يەتمىسۇن. چۈنكى جامالىڭنى
كۆرۈش بىلەنلا ھەممە ئەھۋالىڭنى ئويلاپ
يەتتىم. ساڭا دۇچ كەلگەن ئىشلارنى ئۆزۈڭ
بايان قىلامسەن ياكى ئۇنى مەن سۆزلەپ
بېرەيمۇ؟

ھېكمەت ئېيتىشقا، ئەلۋەتتە، ھېكىمى
لوقمان ياخشىراق ئەمەسمۇ ؟! — دېدى سەئىد
يەر سۆيگەن ھالدا جاۋاب بېرىپ.

ئۇ دانىشمەن ھېكىم تەبەسسۇم قىل-
غان ھالدا باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ،
كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئىسىل گەپلەرنى باش-
لىدى. ئۇ سەئىدنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى با-
يان قىلدى؛ ئۇنىڭ يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى،
ئۇنىڭ خەير - ساخاۋەتلىرى ۋە مېھمان-
خانا - سارايلىرىنى بىر - بىرلەپ تولۇق
سۆزلەپ بەردى. سەئىدنىڭ ئىلىم - ھۈنەر
ئۆگەنگەنلىكلىرىنى، ئەلنىڭ ھالىدىن ئوبدان
خەۋەر ئالغانلىقلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.
ئۇنىڭ مۇساپىرلارغا مال - مۈلۈك بەرگەنلىك-
لىرىدىن باشلاپ تاكى ئۇ ئىككى يېشىل
تونلۇقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، بۇ تەرەپ-
كە كېلىپ غۇربەتچىلىك ۋە مۇساپىرلىقىنى
ئىختىيار قىلغانلىرى، تەزىم بىلەن بۇتخانىغا
كىرىپ ئۇ يەردە چۈش كۆرگەنلىكلىرى ۋە
چۈشىدە ئىككى قۇشنىڭ بايان قىلغان ھېك-
مەتلىرىگىچە بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى-
دىن ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە خەۋەردار ئىكەن-
لىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ھېكىمنىڭ سۆزلىرى-
گە ھەم قايىل، ھەم ھەيران بولدى. ئۇلار-
نىڭ ئەقىل - ھوشلىرى بۇنىڭغا ھەم، مايىل
ھەم سەرگەردان بولدى. ئۇ دانىشمەن

ئۇستاز سەئىدكە ناھايىتى كۆپ مېھرىبانلىق
كۆرسىتىپ، يەنە ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى
باشلىدى:

يۈزۈڭنى كۆرمەك مېنىڭ ئارزۇيۇم
ئىدى. مەن سېنىڭ چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنىمۇ
ئېيتىپ بېرىمەن ھەم ئۇنىڭ تەدبىرىنىمۇ
قىلىمەن. بىراق بۇ ئىشتا بىر زۆرۈرىيەت بار،
بۇنى ساڭا ئېيتمىسام بولمايدۇ. بۇنى ساڭا
ئېيتىشىم نېمىشقا زۆرۈر بولۇپ قالدى؟
چۈنكى مېنىڭمۇ سەندىن ئۆز مەقسىتىمنى
ھاسىل قىلىشىم زۆرۈر بولماقتا. ئىلگىرى
مەن ئاشۇ قەدىمىي بۇتخانىدا ھېكمەت
ئەھلىگە پېشىۋا ھەم يولباشچى ئىدىم. ماڭ-
مۇ بىر ھەۋەس پەيدا بولۇپ، مەنمۇ ئاشۇ
سەن ئۇخلىغان يەردە ئۇخلاپ، چۈش
كۆرگەن ئىدىم. شۇ ئاخشىمى مېنى بۇ ئىش-
تىن ئىلىم - ھېكمەتلىرىم ۋە ئەقىل - ئىدراك-
لىرىم قانچە توسقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا
ھەۋىسىم غالىب كېلىپ، بېشىمدا ئەقىل-
ھوشۇمنى قويماپتۇ. شۇندىن كېيىن مەن
بىتاقەت ۋە بىئىختىيار ھالدا ئۇ يەرگە
كىردىم - دە، بىر بۇلۇڭدا ئورۇن تۇتۇپ،
كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۆزۈم زورىغا ئۇخلىدىم.
چۈشۈمدە ئۇ بۇتخانىنى كۆردۈم، ئۇ يەردە
يۈز مىڭلىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، مېڭەم-
دىن ھوش ۋە ئىدراكنى ئېلىپ قاچقاندەك
بولدى. ئۇ ئىككى سۈرەت ماڭىمۇ خۇددى
ساڭا كەلگەنىدەك قۇش سۈرىتىدە كېلىپ،
خۇشناۋالار قىلغان ھالدا ھەر ئىككىلىسى
تىلغا كىردى. بىر قۇش:

— ئەي ھەۋەس قىلغۇچى كىشى،
راھەت - پاراغىتىڭنىڭ شېمى ئۆچۈپ،
ئىككى ئايىغىڭغا ئىشكەل چۈشۈپ، ئورنۇڭ
قاراڭغۇ گۆر بولغۇسىدۇر! — دېدى.

ئاندىن كېيىن يەنە بىر قۇش:

— غەم قىلمىغىن، ساڭا بەخت - سا-
ئادەت يۈلتۈزى تۇغۇپ، ئىككى قانات ھا-
سىل بولىدۇ، نىجاتلىق يولىنى تاپىسەن. ئاخى-
رى خۇشال ۋە شادىمان بولىسەن، — دېدى.

ئۇ ئىككى قۇشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش
بىلەنلا كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچتى. كۆڭلۈم-
گە ھېسابسىز ئىزتىراپلار چۈشۈپ مېنى ۋەي-
ران قىلدى. خىياللىرىمدا ۋەھىمە غالىب
بولدى. ئەمدى بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىر ئۇچۇ-
رىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بىر تەبىرچىگە ھاجەت-
مەن بولدۇم. تەبىر بىلىدىغان كىشىنى ھەر-
قانچە ئىزدىگەن بولساممۇ تاپالمىدىم. بۇ
ئەندىشىلەر تۈپەيلىدىن تېنىم زەئىپلەشتى،
جېنىمغا جاپا، كۆڭلۈمگە خاپىلىق يەتتى.
بۇ ۋەھىمە ئۇتلىرى جىسمىمنى كۆيدۈرۈشكە
باشلىدى. «بالا - قازا ۋەھىمىسى ئىچىدە
بولغاندىن كۆرە، بالا - قازانىڭ ئىچىدە
بولغان ياخشىراق» دەيدىغان ئاجايىپ ياخشى
بىر تەمسىل بار. مەنمۇ ئاشۇ تەمسىل بويى-
چە ئىش كۆرۈپ، جېنىمنى جەۋر - جاپاغا
تاپشۇرۇپ، ئۆلمەكتىن ئۆزگە چارە تاپالمى-
غاندىن كېيىن، ئاخىر جاندىن قولۇمنى
يۇدۇم. ئەنە شۇ چاغدا قېشىمدا خىزىردەك
بىر كىشى پەيدا بولدى، ئۇ كىشىنىڭ كى-
يىمى - كېچەكمۇ يېشىل، سەللىسىمۇ يېشىل
بولۇپ، ئۇ بەئەينى ھەزرىتى خىزىر پەيغەم-
بەرنىڭ ئۆزى ئىدى.

— ھەي ۋەھىمە ئىچىدە قالغان
كىشى، — دېدى ئۇ ئادەم ماڭا، — غەم قىلىپ
مۇشەققەت تارتمىغىن، ئۆز جېنىڭغا قورقۇنچ
ئوقلىرىنى ئاتمىغىن. چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنى
ئېيتىپ بېرىمەن، بىراق مەن نېمىنى
بۇيرۇسام سەن ئۆزرە ئېيتماستىن ئۇنى
قوبۇل قىلىشقا ۋەدە بەرگىن، ئۇنداق بول-
مىغاندا ئۆزۈڭنى خاراب قىلىسەن.

مەن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا يەر سۆيگەن هالدا:

— مېنىڭ بۇ مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلغىن. مەن قانداق بۇيرۇقۇڭ بولسا، جان ۋە دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىپ، سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش تۇتاي، — دېدىم.

ئۇ دانىشمەن كىشى بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— جاماس هېكىمنىڭ كىتابىغا قاراپ، ئۇنىڭدىكى هۆكۈملەرنى تولۇق ئوقۇپ چىققىن. چۈشۈڭگە كىرگەن بۇ ۋەقەنىڭ تەبىرى شۇ كىتاب ئىچىدە بىرمۇبىر يېزىقلىق بار. ساڭا شۇ شەرتنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بۇنىڭغا ئوبدان قۇلاق سالغىن. بۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىلىملەرگە كۆز سالماي، مەخسۇس تەبىر ئىلمىنى مۇلاهىزە قىلىپ ئۆزلەشتۈرگىن. ئۇ ئىلىمگە كىرىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش سەندىن، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ساڭا بەخش ئېتىش بىزدىن بولسۇن. هەرقانداق كىشى بۇتخانا ئىچىدە چۈش كۆرۈپ، زار ۋە بىقارار بولسا، سەن ئۇنىڭ غېمىگە ئىلاج، دەردىگە داۋا قىلغايسەن.

ئۇ كىشى شۇ سۆزلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن غايىب بولدى. مەن ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرىغا كۆزلىرىمنى قويۇپ، ئۇ يەرگە كۆز ياش گۆهەرلىرىنى چاچتىم. ئاندىن كېيىن جاماس هېكىمنىڭ كىتابىنى تېپىپ، ئۇنى ئاچقانىدىم، شۇ هامان مېنىڭ ئەهۋالىمنى يېزىپ قويغان جۈملىلەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «پالان زاماندا پالان كىشى ئىلمىي هېكمەت بىلىشكە تەلەپكار بولسا ۋە بۇتخانا ئىچىدە ئۇخلاپ، چۈش كۆرۈپ، دەردئەلەمگە مۇپتىلا بولسا، ئۇنىڭ چارىسى شۇكى، بۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ، قاراڭغۇ غار ئىچىدە ۋەتەن تۇتسۇن. يۈز يىل مۆهلەت توشمىغۇچە ئۇ يەردىن هەرگىز تاشقىرىغا ئاياغ باسقۇچى بولمىسۇن. چۈنكى ئۇ كىشى چۈشىدە كۆرگەن قۇشنىڭ «ئورنۇڭ قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە بولغاي» دېگەن ئىشارىتىگە مۇشۇنداق تەبىر توغرا كېلىدۇ. يۈز يىل مۆهلەت توشقاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۆز جېنىغا هاياتلىق خۇش خەۋىرىنى تېپىپ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى تارتىدىغان دىشۋارچىلىقلىرى تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى بىر سائادەت يۇلتۇزى كېلىپ يورۇتىدۇ. ئۇ سائادەت يۇلتۇزى دېگىنىمىز بىر سائادەتمەن كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىغىمۇ ئاشۇ بۇتخانا ئىچىدە كۆرگەن چۈشتىن غەم پەيدا بولغان بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەئىددۇر. ئۇنىڭ هۆسن-جامالىغىمۇ سائادەت يۇلتۇزى باغلانغاندۇر. ئۇ يىگىت قاراڭغۇ غارغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى مەزكۇر هېكىمگە بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تەبىرىنى سورايدۇ. ئۇ هېكىممۇ ئۇنىڭ تەبىرىنى ئاشكارىلاپ، جاۋابىنى بەرگەي، سەئىد ئۇ هېكىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يولغا كىرىپ، تىرىشىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆز مۇددىئاسىنى هاسىل قىلغاي. تەبىر ئېيتقۇچى هېكىممۇ مۇرادىغا يېتىپ، قىيىن ئىشلىرىغا ئاسايىشلىق تاپقاي. يەنى تولا ئىشلارغا دانا بولۇپ، پەلەكىيات (ئاسترونومىيە) ئىلمىنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلغاي. ئۇ ئۆز پىكىرلىرى بىلەن كۆكنى سەيلە قىلغاي. پەلەك بوستانى ئۇنىڭغا جىلۋىگەز بولۇپ، ئاسمان ئىشلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا قۇدرەت تاپقاي؛ پەلەكلەر ئۇنىڭ ئالدىدا يەردەك پەس بولغاي. چۈنكى ئۇ كىشى قاراڭغۇ غار ئىچىدە

رىيازەت چېكىپ، ئۆز نەپسىنى خار تۇتتى.
شۇڭا ئۇ كىشى جىسمانىي چەكلىمىلەردىن
ئازاد بولۇپ، ئۇنىڭ زاتىمۇ روھانىي سۈ-
پەتلەرگە ئىگە بولغۇسىدۇر. ئالەم ھادىسى-
لىرى تۈپەيلىدىن چەكلىنىپ قالماي، ئىلىم-
ھېكمەتتىن مۇراد-مەقسەتلىرىنى تاپقۇسى
ۋە ھەممە شەيئىنىڭ ئىلىملىرى ئۇنىڭغا
نېسىپ بولغۇسىدۇر. بارلىق پەنلەر ئۇنىڭغا
ئايان بولۇپ، ئەل ئىچىدە «دانا پەيلاسوپ
ھېكىم» دەپ ئاتالغۇسىدۇر.» ئۇ كىتابتا
مەن كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى يۇقىرىقىدەك
يېزىلغاندىن سىرت، ئۇ تەبىرنىڭ داۋامى
يەنە مۇنداق شەرھىلەنگەنىدى: «ئۇ
ھېكىمنىڭ چۈشىدە قاناتلارغا ئىگە بولىدى-
غانلىقىدىن خەۋەر بېرىلىشى ئۇنىڭ ئىلىم-
پەندىن كەشپىياتلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئار-
قىلىق ئاسمانلارنى سەيلە قىلىدىغانلىقى، بار-
لىق شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ، بۇ
ئايلانغۇچ چەرخنىڭ سىرلىرىغا ئالىم بولىدى-
غانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.» كىتابتىن جاماس
ھېكىمنىڭ سۆزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن،
خىزىر پەيغەمبەر ئېيتقان سۆزلەر يادىمغا
يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەبىر ئىلمىگە كىرى-
شىپ كۆپ مۇشەققەتلەرنى چەكتىم. تەڭرىم
ئاخىر ماڭا ئۇ ئىلىمنى ئاتا قىلدى. بۇ غار
ئىچىدە يۈز يىلدىن بېرى ئېتىكاپتا ئول-
تۇردۇم. ھەرقانداق كىشى ئۇ بۇتخانىغا
كىرىپ، چۈش بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ قالسا
ۋە قېشىمغا كېلىپ ئۆز ئەھۋالىنى بايان
قىلسا، ئۇنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلدىم.
يەنە بىر تەرەپتىن، سېنىڭ ۋىسالىڭغا قاچان
يېتەرمەنكىن، دەپ كۆزلىرىم ئۈمىد بىلەن
يولۇڭغا تەلمۈرمەكتە، جانلىرىم ئىنتىزارلىق
بىلەن سېنى كۈتمەكتە ئىدى. تەڭرىمگە
كۆپتىن-كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەنكى، بىر

نەرسىنى يۈز يىل تىلىگەن ئىدىم، سېنىڭ
قەدىمىڭنىڭ بەرىكىتىدىن ئۇنىڭغا ئېرىشتىم.
ئۇ دانىشمەن ئۇستاز ئۆز كەچمىشلى-
لىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە
سۆز باشلىدى:
— ئەمدى سېنىڭ ئىشلىرىڭغا كېلەيلى،
چۈشۈڭدە بىر قۇش سايراپ: «ساڭا بىر
پەرى نېسىپ بولىدۇ» دەپ بىشارەت بەردى.
ئۇ قىز يېشىل تونلۇق پادىشاھنىڭ قىزى-
دۇر. ئۇنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئىزى قۇياشنىڭ
كۆزلىرىنى روشەن قىلغۇچى سۈرمىدۇر. ئۇنىڭ
پايتەختى سەبزە شەھىرى بولۇپ، بۇ شەھەر-
نىڭ خانى گوياكى سەبزىزاردەك گۈللەپ
ياشنىغان پادىشاھتۇر. ئۇنىڭ بۇ پەرى سۈ-
پەت قىزىنىڭ ھۆسن-جامالىدىن پەرىلەر-
نىڭ كۆڭلى پەرىشان، ئەقىل-ئىدراكلىرى
بىسەرەمجاندۇر. ئۇ پەرىنىڭ گۈزەل رۇخسا-
رىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشقا تىل
ئاجىزدۇر. جەننەت ھۆرلىرى ئۇنىڭ ئاددىي
كېنىزىكى، بۇ پەلەك كەمپىرى ئۇنىڭ ياساپ-
تارىغۇچى كەمپىرىدۇر. ئۇنىڭ ھۆسن-
جامال ئەينىكى قۇياشنى خىرەلەشتۈرۈپ
قويىدۇ. ئۇنىڭ چېھرىلىرى قۇياش ئەينىكى-
نى كۆزگە ئىلمايدۇ ۋە ھېچبىر ئەينەككە
موھتاج بولمايدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى سۈ-
پەتلىيەلمەي تىل ھەيران ۋە سەرساندۇر.
چىرايلىرىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ بو-
لالماي ناتىقلارنىڭ دېمى سىقىلىپ كېتىدۇ.
ياقۇت لەۋلىرىنىڭ سۈزۈك سۇلىرى گوياكى
تىرىكلىك سۈيىدەك يېشىل رەڭدە بولۇپ،
خۇددى خىزىردەك نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.
ئۇنىڭ يېشىل لىباسلار ئۈستىدىكى جىلۋى-
لىنىپ تۇرغان يۈزلىرى گويا كۆكلەمزار
ئۈستىدە ئېچىلغان بېھىشت گۈلىگە ئوخشايدۇ.
شاھنىڭ كۆز قارىچۇقى، شادلىق ۋە پاراغى-

تىنىڭ ئاساسى ئاشۇ قىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ
پادىشاھنىڭ بىر بۈيۈك قەلئەسى بار. ئۇنىڭ
يۈكسەكـلىكى بۇ ئايلىنىۋاتـقان پـەلەكتەك
ئېگىـز. ئۇنىڭ ئۈستىـدە بىر قورغان بىنا
قىلىنـغان بولۇپ، ئۇ پـەرى شۇ قورغان
ئىچىگە ئورۇنلاشقان. ئۇ قورغاندىكى قەسىر-
نىڭ ئەتراپى ئۈچ قات سېپىل بىلەن قور-
شالغان. بۇ سېپىلنىڭ ھەربىر مەنـزىللىرى
كۆككە تاقاشقان. ھەربىر سېپىلغا بىردىـن
كاتتا دەرۋازا بېكىتىلگەن. بۇ دەرۋازىلارنىڭ
ئېگىزلىكى گويا ئاسمان گۈمبىزىنى ئەسلە-
تىدۇ. لېكىن ئۇ دەرۋازىلار زادىـلا ئېچىلـ
مايدۇ. ئۇ يەرگە بارىدىغان يولدا سان-
ساناقـسىز خەۋپ-خەتەر ۋە قىيىنچىلىقـلار
باردۇر. بىرىنچـى سېپىلنىڭ دەرۋازىـسىدا
دېۋىـدەك بىر زەڭگـى بار. ئۇ زەڭـگىنىڭ
كۈچ-قۇۋۋىتى ئالدىدا مەستلىكتىن قۇتىر-
غان پىلمۇ بىر چۈمۈلـچىلىك ئەرزىمـەس
نەرسىدۇر. ئۇ زەڭگىنىڭ ھەربىر تال تۈكىدە
بىر پىلـنىڭ كـۈچى بار. جەڭ ۋاقتىدا ئۇ
زەڭگى بۇ بىر قارا بالا بولسا، ئۇنىڭ ھەربىر
تال تومۇرى بىردىـن ئەجدىھـا بولىدۇ. ئۇ
زەڭگى قەلئە دەرۋازىسىنىڭ مۇھـاپىزەتچـ
سىدۇر. ئۇنىڭ ئىسمى قەتـران زەڭـگىدۇر.
ئىككىنچى سېپىلنىڭ دەرۋازىسىدا بىر دانىشـ
مـەن ھېكىـم بار. ئۇ ھەمىشـە ئۇ يەردە
كىتابـنى ئېچىپ مۇلاھىزە قىلـغان ھالـدا
ئولتۇرىدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئىلىمدە كامالەتكە
يەتـكەن، تەقـۋادارلىقتىمـۇ ئالىي كامالەت
ھاسىل قىلغان كىشىدۇر. ئۇنىڭ جامالىدىنمۇ
زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.
ئۇ ئاشۇ قورغانـنىڭ كـۆزەتكۈچىسىدۇر. ئۇ
يەردىن ئۆتسە ئۈچىنچى قورغان سېپىلىنىڭ
دەرۋازىسىغا بارىدۇ. ئۇ يەردە بىر سېھىرگەر
قېـرى كەمپىر بار. ئۇ پۈتكـۈل ئـۆمرىدە

ھىيلە-مىكىرنى ئۆزىگە بىردىنبىر ھـۈنەر
قىلىپ كەلـگەن. بۇ جەھەتـتە بۇ ھىيلىگەر
پـەلەكمۇ ئۇنىڭـغا شاگىرتتـۇر. ئۇ موماي
قەسىرنى شۇ قەدەر ھوشيارلىق بىلەن ئاي-
لىنىپ يۈرۈپ ساقلايدۇكى، ئۇنىڭ ئىچىگە
ھەتتاكى مەيىن شامالمۇ كىرەلمەيدۇ. قۇشـ
لارنىڭ قانىتىمـۇ ئۇ يەردىن ئـۆتەر چاغدا
كۆيۈشۈپ قالىدۇ-ئۇ يەردىن ئۆتكەن چىۋىنـ
لەرمۇ ساق قالمايدۇ. ئۇ كەمپىر ئۆز سېھىر-
لىرى بىلەن سېپىل ئىچىگە ئوت ياقىدـ
غان بولسا، ئۇ ئوتتا تاشلارمۇ ئېرىپ خۇدـ
دى بۇلاق سۇلىرىدەك ئاقىدۇ. ئەسـلىدە ئۇ
پـەرى سۈپـەتلىك قىزنىڭ ياتلىق بولۇشقا
پەقەت خۇشى بولمىغانلىقتىن، شاھتىن بۇ
مۇستەھكەم قورغاننى تەلەپ قىلغان ۋە خا-
لايىقتىن قېچىپ، شۇ قورغان ئىچىدە ئو-
رۇنلاشقان. لېكىن ئۇنىڭ ھـۆسن-جامالى
پۈتكۈل شەھەرلەرگە شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ،
ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭدىن يۈزلەرچە سەۋدايىـ
لىق يۈزلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەسـلىنى
ئارزۇ قىلـشىپ، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ
بۇ ھەقتە سۆز ئېچىپ بېقىشتى. مەيلى شاھ
ياكى مەيلى شاھزادە بۇ ئىشتىن ئاھ-ۋاھ
چېكىپ، ئۇ پەرى چېھرە قىزنى نىكاھىغا
ئېلىش ئۈچۈن كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇ كىشى
ئـۆزىنىڭ ئەقىـل پاراسـتى ۋە غەيـرەت-
جاسارىتى ئارقىلىق بۇ ئۈچ قورغاننى قولغا
ئېلىشى كېرەك. قورغانلارنى ئېلىـشنىڭ ئۇ-
سۇلى مۇنداق: بىرىنچى دەرۋازىغا كەلگەنـ
دە قەتران زەڭگىنى يېڭىپ، ئۇنىڭ پۇت-
قوللىرىنى باغلاش كېرەك. ئاندىن دەرۋازا
ئېچىلىدۇ. يەنە بىر قورغاننىڭ دەرۋازىـسىغا
بارغاندا، ئۇ ھېكىمنىڭ بارلىق سوئاللىرىغا
ئوچۇق جاۋاب بېرىش كېرەك. ئۇ ھەرقانداق
ئىلىمدىن سوئال سورىسا، ئىلىم-ھېكمەت

ۋە ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئۇنىڭ بارلىق نەيرەڭلىرىنى بىكار قىلىش كېرەك. ئاندىن ئۈچىنچى قورغان ئۈستىگە تۇغ تارتقاندا ئىلىم ۋە ئەقىل ئارقىلىق ئۇ جادۇگەر مومايىنىڭ بارلىق سېهرى-جادۇلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇ قورغانىمۇ قولغا ئېلىش كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇ پەرى چېهرە سەنەمنى قولغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا قايسى قورغاندا ئەسىر بولۇپ قالسا، شۇ هامان ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قانخور قىلىچ قىنىدىن چىقىدۇ. ئۇ كىشى شۇ يەردىلا هالاك بولىدۇ. ئۇلار ئۇنداق ئادەمنىڭ جىسمىنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىپ، كاللىسىنى قورغاننىڭ كۈنگۈرىلىرىگە ئېسىپ قويىدۇ. هالاك بولغۇچىنىڭ بىللە كەلگەن قوۋۇم-قېرىنداشلىرى ۋە هەمراهلىرىنىڭ هەممە مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇ مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. نەچچە زاماندىن بېرى ئۇ يەرگە بارغان بىچارىلەر ئىچىدە جېنىدىن ئايرىلماي سالامەت قايتىپ كەلگىنىدىن بىرەرسىمۇ يوق، ئۇ يەردىكى سېپىل كۈنگۈرىلىرىنىڭ ئاستىدا سانسىزلىغان بەختسىز بىچارىلەرنىڭ باشلىرى سايىنىڭ تېشىدەك دۆۋىلىنىپ ياتماقتا. بىراق سەن هەرگىز غەم-ئەندىشىدە بولما، تەڭرى ساڭا ئۇ گۈزەل پەرىنى نېسىپ قىلىپ، سېنى ئۇنىڭ ۋىسالىدىن بەهرىمەن قىلىشقا ئاز قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانداق تەلىم بەرسەم، قورقماستىن شۇنداق قىلغىن، — ئۇ دانىشمەن هېكىم شۇ سۆزلەردىن كېيىن بىرنەچچە كەلىمە ئايەتنى يېزىپ، سەئىدنىڭ قولىغا بەردى، يانچۇقىدىن بىر ئاجايىپ شەكىل ئويۇلغان مۆهۈرنى چىقىرىپ، ئۇنىمۇ سەئىدنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى بۇ كەلىمىلەرنى يادقا ئالغاچ، سەبزە شەهىرى تەرەپكە يول ئالغىن. يولدا توختىماستىن ئۇ شەهەرگە يېتىپ بارغىن. شەهەر ئىچىگە يېقىنلاشقاندا، يېشىل تونلۇق ئىككى هەمراهىڭنى سېنىڭ هال-ئەهۋالىڭ ۋە مەقسەت-مۇرادىڭنى بايان قىلىش ئۈچۈن پادىشاهنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىن. پادىشاه سېنىڭ خىيالىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، سېنى ئاشۇ قەتران زەڭگى بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سەن قەتراننىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، مەن بەرگەن كەلىمىلەرنى دەم ئالماستىن بىر نەپەس ئىچىدە قىرىق بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئاندىن هېلىقى شەكىل ئويۇلغان مۆهۈرنى ئېغىزىڭغا سېلىپ، ئۇ زەڭگى تەرەپكە قاراپ تۈكۈرگىن. خۇدا خالىسا، ئۇ كەلىمىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن شان-شەۋكەت تاپقايسەن. ئۇ ئايەت سېنىڭ دۈشمىنىڭنى كۈچسىز ۋە ماغدۇرسىز قىلغاي، ئۇ مۆهۈرنىڭ بەرىكىتىدىن تۈكۈرگەن تۈكرۈكۈڭ قەتران زەڭگىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلتۈرگەي. سەن ئۇنى باغلاپ، ئۇ قورغاننى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، يەنە مەشۇقۇڭ تەرەپكە يول ئالغىن. ئىككىنچى قورغانغا قەدەم قويۇپ، ئۇ مۇبارەك خىسلەتلىك هۆكۈمانىڭ قېشىغا بارغىنىڭدا، ئۇ سەندىن هەرخىل مەسىلىلەرنى سورايدۇ. سەنمۇ ئۇنىڭغا مەن يېزىپ بەرگەن خەتنى بەرگىن. ئۇ مېنىڭ خېتىمنى كۆرسە، ساڭا ناهايىتى ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ ۋە ئىشلىرىڭغا ماڭا ئوخشاش چارە-ئامال قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ هۆكۈما مېنىڭ شاگىرتىم ۋە پەرزەنتىمدۇر. ئۇ ساڭا شەپقەتچى بولىدۇ ۋە غەمخورلۇق قىلىدۇ. ئۇ سېنىڭ سېهرىگەر مومايىنىڭ ئەپسۇنلىرىنى ۋە سېهرى-جادۇلىرىنى بىكار قىلىپ، بارچە مۇراد-مەقسەتلىرىڭگە يېتىشىڭ-

گە يار- يۆلەك بولىدۇ. ئەمدى قوپىقىن،
كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ھېچ يەردە توخ-
تىماستىن مەقسەت تەرەپكە قاراپ ماڭغىن.
ئۇ دانىشمەن ھېكىم شۇ سۆزلەردىن
كېيىن، سەئىدنىڭ ماڭلىيىغا مېھرىبانلىق
بىلەن سۆيۈپ قويىدى. سەئىدنىمۇ خۇشال
قىلىپ، ئۆزىمۇ خۇشال- خۇرام ھالدا، خوش-
لىشىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.
ئەلقىسسە، سەئىد يېشىل تونلۇق
ئىككى ھەمراھى بىلەن كېچە- كۈندۈزلەپ
يول يۈردى. ئاخىر ئۇلار سەبزە شەھىرى-
گە يېتىپ كەلدى. سەئىد ئۆزىنىڭ مۇددى-
ئاسىنى شاھقا بايان قىلىش ئۈچۈن ئىككى
ھەمراھىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى بىر
كۆكلەمزار ئۈستىدە مەپىلەرنى چۈشۈرۈپ
ئورۇنلاشتى.
ئۇ يېشىل تونلۇق ھەمراھلار شاھنىڭ
قېشىغا بېرىپ، بۇ يېقىملىق ھېكايىنى سۆز-
لەپ، سەئىدنىڭ ئەھۋالىدىن پادىشاھنى خە-
ۋەردار قىلدى. ئۇلار شاھ ئالدىدا سەئىد-
نىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرى-
نى بىر- بىرلەپ بايان قىلدى. شاھ بۇ ئەھ-
ۋاللاردىن تولۇق خەۋەر تاپتى. بۇ ئىككى
يېشىل تونلۇق كىشىنى پادىشاھ تونۇيتتى.
بەلكى ئۇلار شاھنىڭ يېقىن خادىملىرى-
دىن ئىدى. شاھ ئۇلارنى راستچىل كىشى-
لەردىن دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ
سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، سەئىدكە نىسبەتەن غا-
يىبانە قايىللىق ۋە مېھرىبانلىق ھېسسىيا-
تىدا بولدى. ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىلتى-
پات كۆرسەتتى.
— ئەتە ئۇ يىگىتنى باشلاپ كېلىڭ-
لار، — دەپ پەرمان قىلدى شاھ ئىككىي-
لەنگە.
ئۇلار ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا

بېرىپ، سەئىدنى باشلاپ كەلدى ۋە بۇ ئار-
قىلىق شاھنى شادىمان قىلدى. شاھ سەئىد-
نىڭ كېلىشكەن چىراي- تۇرقىنى كۆرۈش
بىلەنلا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلىدە مۇھەب-
بەت پەيدا بولۇپ، دەرھال كۆرۈشتى. سە-
ئىدمۇ ھاجەتمەنلەرچە يەر سۆيۈپ، سالام
بەجا كەلتۈرۈپ تۇردى. شاھ ئۇنىڭغا مەر-
ھەمەت كۆرسىتىپ، تەخت يېنىدا بىر ئورۇن
تەييار قىلدى. سەئىد ئۇ يەردىن ئورۇن
ئالدى. ئاندىن شاھانە تائاملار كەلتۈرۈلدى.
بارلىق دوست ۋە بىگانە كىشىلەر بىللە غى-
زالاندى. غىزادىن كېيىن ھېلىقى يېشىل
تونلۇق ھەمراھلار شاھنىڭ ئالدىدا سەئىد-
نىڭ ئارزۇسىنى قايتا ئارىغا سالدى. شاھ
سەئىدكە قاراپ:
— بۈگۈن تىنچلىقنى غەنىمەت بى-
لىپ قايتىپ كەت. ئەتە قورغان تەرەپلەرگە
بېرىپ باققىن، — دېدى.
سەئىد يەر سۆيگەن ھالدا پادىشاھ بىلەن
خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا قايتىپ
كەلدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بەز-
مە- مەشرەپنى باشلىۋەتتى. سەئىد شۇ ئاخ-
شىمى ئۆز كۆڭلىنىڭ مۇرادى، مەشۇقىنىڭ
يادى بىلەن مەي ئىچىپ، مەست بولدى.
بەزمە تاكى تەڭ كېچىگىچە داۋام قىلدى.
سەئىدنىڭ بارلىق ھەمراھ ۋە خىزمەتكار-
لىرى بۇ قاراڭغۇ تۈندە مەستلىكتىن ھوشى-
نى يوقاتتى. سەئىد بارلىق بەزمە ئەھلىنىڭ
مەستلىك ۋە غەپلەت ئىچىگە غەرق بولۇپ،
ئۇخلاپ قېلىشقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن،
ئۇ بەزمىدىن چىقىپ دىلدارى تەرەپكە قا-
راپ ماڭدى. ئۇ بىرخىل مەستانىلارچە كەي-
پىيات بىلەن قورغان تەرەپكە يۈزلەندى.
چۈنكى ئىشق بىلەن مەينىڭ قۇۋۋىتى سە-
ئىدنى قورقماس، بىپەرۋا قىلىپ قويغانىدى

ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا شارابىنىڭ كەيپى ھۆ-
كۈم سۈرسە، كۆڭلىدە مەھبۇبىسىنىڭ ئىشقى
زوراۋانلىق قىلاتتى. سەئىد ئۇ قورغانىنىڭ
ئەتراپىدا گاھى يىقىلىپ، گاھى قوپۇپ،
ئارام ئالماستىن ئاشىقانە مۇقاملارنى توۋ-
لاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىشق
ئوتلىرى توختىماستىن يالقۇنجىماقتا ئىدى.
بۇ چاغدا قەتران زەڭگى قەلئەنىڭ ئەترا-
پىنى كۆزىتىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان
ئەلپاز بىلەن مۇھاپىزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى.
زەڭگىنىڭ قۇلىقىغا توساتتىن بىر ئاۋاز كى-
رىپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن غەزەپكە تولغان
ھالدا قولىغا قان تۆككۈچى قىلىچىنى ئېلىپ،
ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ قارا بوران-
دەك يۈگۈردى. قارىسا ئۇ يەردە خۇدىنى
يوقاتقان بىر مەست ئادەم تۇرۇپتۇ. قەت-
رانغىمۇ ئەتە سەئىد بىلەن جەڭ قىلىدى-
غانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىدى. بىراق بۇ مەست-
تە نالە-پىغاندىن ئۆزگە ھېچقانداق جەڭ
ئەسۋابى كۆرۈنمەيتتى. قەتران ئۇنى تۇتۇ-
ۋالدى-دە، ئۇنىڭ سەئىد ئىكەنلىكىنى بىل-
مەي، پۇت-قولىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆل-
تۈرۈشكە نىيەت قىلدى. لېكىن ئۇ كۆڭلى-
دە يەنە: «بۇ كېچە بۇنى چىڭ ساقلاي،
ئەتە تاڭ ئاتقاندا، مەرىكە تۈزۈپ، سەئىد
بىلەن ئېلىشىدىغان چاغدا، ئالدى بىلەن
بۇنىڭغا ئامان بەرمەستىن ئۆلتۈرۈپ، بارچە
خالايىق ئالدىدا تاماشا قىلاي. بۇ ئىشى-
دىن ماڭا روبىرو بولۇشقا جۈرئەت قىلغان
ئۇ دۈشمىنىمنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالاي»
دېگەنلەرنى ئويلىدى. قەتران زەڭگى ئۆزى-
نىڭ بۇ خىيالىدىن مەمنۇن بولۇپ، سەئىد-
نىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالدى. بۇ قەلئەنىڭ
سىرتىدا خۇددى قاراڭغۇ گۆرگە ئوخشايدى-
غان بىر غار بار ئىدى. قەتران سەئىدنى

ئاشۇ غارغا ئاپىرىپ قامىدى. غارنىڭ ئاغ-
زىغا بىر چوڭ تاشنى قويۇپ، مەھكەم ئېتى-
ۋەتتى. قەتران سەئىدنى قامىۋەتكەنىدىن
كېيىن، ئۆز ئەقلىگە بارىكاللا ئوقۇغان ھال-
دا قەلئە تەرەپكە قايتىپ كەتتى.

سەئىد ئۆزىنىڭ غار ئىچىدە ھوشسىز
ياتقانلىقىنى ھېچ سەزمەيتتى. ئۇ تاڭ ئاتاي
دېگەندە ھوشىغا كېلىپ ئويغاندى. ئۆزىنىڭ
ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ھەر تەرەپكە تول-
غاندى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي
ئويلاپ كەتتى. ئاخىر كېچىدىن بولغان
ئەھۋاللار خىرە-شىرە يادىغا يەتكەندەك
بولدى. سەئىد بۇ ئەھۋالدىن ئۆزىنىڭ چۈ-
شىدە كۆرگەن ۋە قۇشنىڭ سۆزلەپ بەرگەن
ئەھۋاللارنىڭ تېگىگە يەتتى. ئاندىن سەئىد
ھېلىقى پەيلاسوپ ھېكىم بەرگەن خەتنى
ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنى يادقا ئالغانلىقىنى ئېسىگە
ئالدى. ئۇ مەزكۇر كەلىمىنى ئوقۇشقا باشلىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنىگە شۇنداق بىر
كۈچ، قۇۋۋەت پەيدا بولدىكى، بەدىنىدىكى
ھەممە باغلاقلارنى ئۈزۈپ، ئىشكەللەرنى
سۇندۇرۇپ تاشلىدى. غارنىڭ ئاغزىغا قو-
يۇلغان ئېغىر تاشنىمۇ ئىرغىتىپ تاشلاپ،
ھەمراھلىرى تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.
ئۇ شۇنداق تېز ماڭدىكى، تاكى ئۆزى
چۈشكەن جايغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن
توختىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەئىدنى تا-
پالماي ئىنتايىن پەرىشان ۋە بىسەرەمجان
بولۇپ كەتكەنىدى. سەئىد كېلىپ، مېھرى-
بانلىق بىلەن ئۇلارغا تەسكىن بەردى. شۇن-
دىن كېيىن ئۇ ۋەدىلەشكەن مەيدانغا قاراپ
ماڭدى.

مەيدانغا پۈتۈن خالايىقلار يىغىلىش-
قانىدى. شاھمۇ مەيدانغا ھازىر بولغان بو-
لۇپ، قەتران زەڭگى ئۇ يەردە ھەر خىل

ماھارەتلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. ئۇ
ئاي يۈزلۈك سەنەممۇ سېپىل ئۈستىدىكى
بىر مەنزىلدە قاراپ تۇراتتى. يۈز تۈمەنلى
گەن خالايىق سەئىد ئۈچۈن قايغۇرۇشماقتا
ئىدى. قەتران زەڭگى سەئىد يېتىپ كېلىش
بىلەنلا، كىچىدىن تۇتقان ئادەمنى ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، سەئىدنى ۋەھىمىگە
سالماقچى ئىدى. ئۇ ئاشۇ خام خىيال بىلەن
قاراڭغۇ غارغا بارغان بولسىمۇ، غار ئىچىگە
قامىغان ئادەمنى تاپالماي قايتىپ كەلدى.
بۇ ئىشتىن قەتراننىڭ قەھرى-غەزىپى ئۆر-
لەپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت چۈشكەندەك بول-
دى. ئۇ ئاشۇ قەھرى-غەزىپى بىلەن سە-
ئىدكە قاراپ ئېتىلدى. سەئىدمۇ ئېتىدىن
چۈشۈپ، ھازىرلاندى. ئۇ پەيلاسوپ ھې-
كىمدىن ئۆگەنگەن كەلىمنى ئوقۇش بىلەنلا
شۇنداق شان-شەۋكەت ۋە كۈچ-قۇدرەتكە
ئىگە بولدىكى، دۈشمىنىنىڭ كۈچى ئالدىدا
ھېچ ئاجىز بولمىدى. بىرقانچە قېتىم
ئېلىشقاندىن كېيىن ھېلىقى مۆھۈرنى ئاغ-
زىغا سېلىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى دۈشمەن تە-
رەپكە تۈكۈردى. ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن
زەڭگىنى ئۇيقۇ باستى، زەڭگىنىڭ كۆزى
ئۇيقۇغا بېرىش بىلەنلا، سەئىد ئۇنى كۆتۈ-
رۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ جىس-
مى يەرگە پېتىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن
خالايىقنىڭ قىقاس-چۇقان، ئاللا-بارىكال-
لىسى پەلەككە يەتتى.

ئاندىن سەئىد شاھقا ئىلتىجا قىلىپ،
يەنە نېمە تاپشۇرۇقى بارلىقىنى سورىدى.
شاھ ئۇنى پەرمان بىلەن ھۆكۈما تەرەپكە
يولغا سالدى. سەئىد سۇسلۇق قىلماستىن
دەرھال ئىككىنچى قورغانغا يۈرۈپ كەتتى.
سەئىدنىڭ ئاتلىق يېتىپ كەلگەنلىكىنى
كۆرگەن ھۆكۈما ھەيران قالدى. سەئىد ئۇ
ھۆكۈمانى كۆرۈش بىلەنلا ئېتىدىن چۈشۈپ
سالام قىلدى ۋە پەيلاسوپ ھېكىم يېزىپ
بەرگەن خەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇستازى-
نىڭ يازغان بۇ خېتىنى كۆرگەن ھۆكۈما
دەرھال خەتنى سۆيۈپ، يۈز-كۆزلىرىگە
سۈرتتى. ھۆكۈما خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن
ئۇستازىنىڭ سەئىدنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغان-
لىقىنى، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىدىن خەۋەر
ئېلىشى لازىملىقىنى بىلدى. ھۆكۈما سەئىد-
كە ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇنى كۆرگەن سە-
ئىد ھۆكۈمانىڭ ئاياغلىرىنى سۆيمەكچى
بولغانىدى، ھۆكۈما دەرھال ئۇنى توسۇۋال-
دى-دە:

— ئالدىڭدا ئۇلۇغلۇق قىلىشقا مېنىڭ
ھەددىم ئەمەس، — دېدى.

ھۆكۈما سەئىد بىلەن نۇرغۇن مەسى-
لىلەر ھەققىدە پاراڭلاشتى. خالايىقلار يىراقتا
ئۇلارنى كۆزىتىپ، تاماشا قىلىپ تۇردى.

— ئۇستازىم خېتىدە ماڭا قىرى كەم-
پىرنىڭ سېھرى-جادۇلىرىنى بىكار قىلىشىم-
نى بۇيرۇپتۇ، — دېدى ھۆكۈما سەئىدكە، —
ئۇ مومايىنى مەن سېھىر بىلەن پارچە-پۇ-
رات لاتىلاردىن ياساپ چىققان. ئۇ يەردى-
كى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەيكىلى
بولغان بىلەن ئۆزى ئەمەلىيەتتە يوق نەر-
سىلەردۇر. ئۇ يەرگە بارغىنىڭدا دەرۋازىدىن
كىرىش بىلەنلا مومايىنىڭ كۆكسىگە پەشۋا
ئۇرغىن.

ئۇ ئىككىيلەن بىر-بىرى بىلەن كۆ-
لىشىپ بولغاندىن كېيىن، سەئىد شاھنىڭ
ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەن ھال-
دا:

— يەنە ئىش بولسا بۇيرۇغايلا، — دەپ
ئىلتىجا قىلدى.

شاھ ئۇنى موماي قېشىغا بۇيرۇدى.

سەئىد پەرۋا قىلماستىنلا ئۈچىنچى قەسىرگە قاراپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ مومايىنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۈتكۈل شەھەر خەلقى تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن سۈرەن سالغىنىچە ئەگىشىپ كىرىشتى. سەئىد ئۇ مومايىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغۇن خەۋپ-خەتەر ۋە ئاپەتلەر تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەردىكى ئەجدىھالارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئوتلار شولا چېچىپ تۇراتتى. سەئىد قورقماستىن چاققانلىق بىلەن بىرىپ مومايىنىڭ كۆكسىگە شۇنداق تەپتىكى، بۇ موماي سۈرەتلىك ھەيكەل تۇرغان ئورنىدىن تەۋرەپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزالىرى پارە-پارە بولۇپ، بىر-بىرلەپ يەرگە تۆكۈلدى. بۇ قېرى موماي ئەسلىدە كونا لاتىلاردىن چېكىپ سېھىرگەرلىك بىلەن سۈرەتكە ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەنىدى. ئەجدىھالارنىڭ سۈرەتلىرى يىپلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئەپسۇن ئارقىلىق راستتەكلا كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان ئوت شولىلىرى قىزىل لاتىلاردىن ياسالغانىدى.

سەئىد بۇ سېھىر-جادۇلارنى بىكار قىلغاندىن كېيىن شاھنىڭ يېنىغا كەلدى. شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، سەئىدنى قۇچاقلاپ يۈزلىرىگە سۆيدى ۋە «پەرزەنتىم» دېدى. سەئىدمۇ شاھنى «ئاتا» دېدى.

ئەلقىسسە، بۇ پادىشاھنىڭ جاھانغا زىننەت بەرگۈچى بىر گۈلشىنى بار ئىدى. بۇ گۈلشەننىڭ ئىسمىنى «رەۋزەئى خۇزرا» (يېشىل باغ) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە گۈزەل ۋە ئالىي بىر قەسىر بار بولۇپ، ئۇنى «قەسرى ئەخزەر» (يېشىل قەسىر) دەپ ئاتايتتى. شاھ ئاشۇ گۈلشەن ۋە قەسىر ئىچىدە مەرىكە تۈزۈپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىگە توي بەردى. خالايىقلار شادىمان بولدى. بۇ گوياكى پەرىشتە بىلەن پەرى ۋىسال تاپقاندەك، قۇياش بىلەن چولپان بىر يەردە جەم بولغاندەك ئىش بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سەبزە شەھىرىنىڭ پادىشاھى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ئۇ شاھنىڭ ئورنىدا سەئىد بىلەن شاھنىڭ قىزى قېپ قالدى. سەئىد سەبزە شەھىرىگە پادىشاھ بولدى. ئۇ تاج-تەختنى قايتىدىن زىننەتلەپ، بارلىق زىننەت ئەسلىھەلىرىنى يېشىل قىلدى. ئۇ يېشىل تونلۇق ئىككى دوستىنى ئۆز يېنىدا يېقىن ۋەزىر قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك قىزمۇ بوستاندا ئۆسكەن سەرۋىدەك بويلىرىغا تازا رەيھان رەڭگىدىكى يېشىل لىباسلارنى كىيىپ، ياپراقلار ئارىسىدىكى گۈلدەك جىلۋىگەر بولدى. سەئىد شەھەرنى ئەسلىدىكى پادىشاھتەك ئادىل ئىدارە قىلىپ، ئاۋاتلاشتۇردى. خەلقلەر شاد-خۇراملىققا چۆمدى.

سەبزە شەھىرىنىڭ خەلقى ۋە پادىشاھنىڭ يېشىل كىيىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، باھارنىڭ رەڭگى ۋە كۆكلەمزارلارنىڭ رەڭگىمۇ يېشىلدۇر. ئەگەر غەم-ئەندىشە يىلىنى بىراۋغا ھۇجۇم قىلسا، ئۇ يىلاننى زۇمرەت رەڭگىدىكى جامنىڭ شارابى ئارقىلىق قارىغۇ قىلىپ تاشلاش كېرەك. مەشۇقلەرمۇ سەرۋىدەك ئۆسۈپ بوي تارتقاندا، ئۇنىڭ يېشىل مېيىقلىرى خالايىقنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ھالاك قىلىدۇ. ھەزرىتى خىزىر پەيغەمبەرمۇ ئاشۇ يېشىل رەڭگە ئىبرىشكەنلىكى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولغان بولسا، ئەجەب ئەمەس.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ مۇساپىر بۇ ھېكايىسىنى تاماملىدى. شاھ بەھرام ئۇنىڭ ئەسلى ۋە نەسلىنى سورىغانىدى. ئۇ كىشى:

— ھەي بەخت-تەلىيى ئۈستۈن پادى-
شاھ، مەن سەبزە شەھىرىنىڭ ئادەملىرىدىن
بولىمەن، سەئىدىنىڭ ئەۋلادلىرىدىنمەن، —
دەپ جاۋاب بەردى.
شاھ بەھرامغا ئۇنىڭ بارلىق ئەھۋالى
ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇ مۇساپىرنى
سەبزە شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى
ۋە بارلىق غەم-قايغۇلاردىن ئازاد قىلدى.
ئۆزىمۇ غەملىرىنى ئۇنتۇپ، مۆگىدىگەن
پېتى ئۇيقۇغا كەتتى.

**سەيشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ گۈل رەڭلىك تون-پېرىجەلەرنى كىيىپ، گۈلنارىسىمان قەسىر**
**تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكى، ئۇ يەردە شەپەق رەڭلىك لىباسلارنى كىيگەن بىر قۇياش**
**تەلئەتلىك سەنەم بىلەن ياقۇت قەدەھلەر ئىچىگە ياقۇت رەڭلىك دەيلەرنى**
**تولدۇرۇپ ئىچكەنلىكى، شاھ بەھرامنىڭ ئۇ لەئەل ۋە ياقۇتلار بىلەن سۆيۈنۈپ،**
**مەي كەيپىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى يۇمغانلىقى**



سىرلىق مەنىلەردىن رىۋا-
يەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن
بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈ-
چىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇ-
ھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سە-
ھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى
دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى
ئەمىر، مىرزا ئەلىشىر مۇنداق
رىۋايەت قىلىدۇ:
ۋاقتىكى، سەيشەنبە كۈنى
بۇ ھەرىكەتچى چاقنان پەلەك يۇل-
تۇزلار شولىسىدىن جاھانغا گۈل-
لەرنى چاچتى. ئاسمان كەمپىرى
ئۆزىگە زىننەت بېرىپ، قىزىل
رەڭلىك بۇلۇتلىرى بىلەن خېنە
ياقتى. شاھ بەھرام گۈل رەڭ-
لىك تون-سەرۇپايىلارنى كىيدى.
ئۇ گۈل رەڭلىك قەسىر ئىچىگە كى-
رىپ، گۈلسىمان ئۆي ئىچىدە، گۈل
رەڭلىك تەخت ئۈستىدە ئولتۇر-
ماقچى بولدى. ئۇ يەردە گۈلدەك
قىپقىزىل شاراب ئىچىشنى خالاپ

قالدى. ئۇ يەردىكى گۈل يۈزلۈك سەرۋىمۇ پۈتۈنلەي گۈل سىياقىدىكى لىباسلارنى كىيىپ، شاھنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئىستىقبالىغا چىقتى. ئۇ ئىككىيلەن قەسرگە كىرگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي گۈل رەڭ شارابلارنى ئىچىشتى. شاراب بۇ ئىككىسىنىڭ گۈل يۈزلىرىنى تېخىمۇ قىزارتىۋەتتى. شاھنىڭ كۆزلىرى شاراب كەيپچىلىكىدە قىزاردى، لېكىن ئۇ قىزارغان كۆزلەردىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. خادىملار شاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن قەسر ئالدىغا چىقىپ، بىر ئەپسانىۋاز مۇساپىرنى تاپتى. ئۇ يولۇچى ھېكايە ئېيتىشتا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ كىشى شاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزى كەزگەن تاغۇ-دەشتلەر، ئايۋان-سارايلار ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغان ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىش پەرمانى چۈشۈرۈلدى. ئۇ ئەپسانىۋاز ھېكىم شاھقا مەدھىيە ۋە تەشەككۈر ئادا قىلىپ، سۆزىنى مۇنداق باشلىدى:

— شاھنىڭ بەخت-تەلىيى ئۈستۈن بولسۇن، جام ۋە شارابتىن ئۇنىڭ بەخت-ئامەت چېھرىلىرى گۈل-گۈل بولسۇن. ئۇنىڭ قولىدىن دائىم گۈل رەڭلىك شارابلار چۈشمىسۇن، مەستلىك ۋە خۇشكەيپلىكتىن ئۇنىڭ كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلسۇن. شاھنىڭ ئىتلىرى ئالدىدا، دۈشمەنلىرىنىڭ قېنى كەم بولمىسۇن.

يولۇچى بۇ دۇئا ۋە تەشەككۈرلاردىن كېيىن پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ، ھېكايىسىنى باشلىدى.

## تۆتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزمەنلىكى

ئۇ مۇساپىر ھېكايە ئۈنچىلىرىنى مۇنداق تەشتى:

بۇرۇنقى زاماندا دېھلى شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ھەممە پادىشاھلاردىن يۈكسەك ئىدى. ھېچقايسى دۆلەتتە ئۇنىڭ تەختىگە تەڭ كەلگۈدەك تەخت يوق ئىدى. ئۇنىڭ مال-مۈلۈك ۋە خەزىنىلىرىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. لەشكەرلىرىنىڭ سانىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكىگە بۇ پەلەكمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇنىڭ پىللىرىنىڭ سانى باشقا پۈتكۈل پادىشاھلارنىڭ ئات-يىلقىلىرىنىڭ سانىغا تەڭ كېلەتتى. خالىسلىق، ئىنساپ، ئادالەتمۇ ئۇنىڭ مۇھىم خىسلەتلىرىدىن بىرى ئىدى. بارلىق پادىشاھلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى شاھ جۇنە دەپ ئاتىشاتتى. بۇ پادىشاھ پۈتكۈل جاھان خەلقى ئىچىدە لۇتپۇ مەرھەمەت ۋە خەيرى-ساخاۋەت جەھەتتە مەشھۇر ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆز ئېلىدىن قوغلانغان بىر ھاجەتمەن كىشى بىر سېۋەت ئامۇتنى ئېلىپ كېلىپ سوۋغا قىلدى. شاھ جۇنە ئامۇتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىنئام بېرىشكە ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى ۋە ئۇ كىشىدىن:

— نېمە ھاجىتىڭ بولسا بايان قىلغىن، — دەپ سورىدى.

— ماڭا بىر ھەرە بىلەن بىر كەكە بېرىلسە ھاجىتىم راۋا بولىدۇ، — دېدى ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ.

شاھ ئۇنىڭغا ھەرە بىلەن كەكىنى ئاچقىتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن

بۇنى قانداق قىلدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇ كىشى:

— قەيەردە بۇ خىل مېۋىنىڭ دەرىخىنى ئۇچرىتىپ قالسام، مۇشۇ ھەرە ۋە كەكە بىلەن كېسىپ تاشلايمەن، — دېدى.

شاھ ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا، دەرھال مال - مۈلۈك ئىنئام قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇيرۇلغان مال - دۇنيانىڭ سانى ئون لەك ئىدى، ھەر بىر لەك ئىچىدە ئون تۈمەن تىزىق ئالتۇن بار ئىدى. ۋەزىرلەر مۇنچىۋالا مال - مۈلۈكنى بىر ئادەمگە بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، پادىشاھنى بىر باھانە بىلەن ئۇ مال - دۇنيا تەرەپكە باشلاپ باردى، ئۇلار شاھ مۇنچىۋالا مال - مۈلۈكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر ئادەمگە بېرىشتىن يالتىيىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بىراق شاھ يۇقىرىقى خەزىنە - دەپىنىلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن:

— بۇ ئاز بولۇپ قاپتۇ، يەنە ئىككى ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىلسۇن، — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

چۈنكى ئۇ پادىشاھ يۈكسەك ھىممەتكە ۋە چەكسىز مەردلىك ھەم ساخاۋەتكە ئىگە ئىدى. بۇنچىلىك مال - دۇنيا ئەمەس، ئۇنىڭدىن يۈز مىڭ ھەسسە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى ئۇ پادىشاھ ھىممەت ۋە ساخاۋىتىنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈپ، بىر بەزمە تۈزدى. شاھ بۇ بەزمىدە گوياكى ساخاۋەت بۇلۇتىدەك گۆھەر چاچماقتا ئىدى. بەزمە ئەھلى ئىچىدە بىر غېرىب مېھمان بار ئىدى. ئۇ كىشى پادىشاھقا ئاجايىپ بىر ئەينەكنى سوۋغا قىلدى. بۇ ئەينەككە ھەرقانداق ئادەم قارىسا، ئەگەر ئۇ ئادەم راست سۆزلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسى پاكىزە ۋە ئاق كۆرۈنەتتى. ئەگەر يالغان سۆزلىسە يۈزى قارا بولۇپ كۆرۈنەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ سىناپ بېقىشۇدى ئېيتقاندەك كۆرۈندى.

شاھ ئۇ كىشىگە شۇ قەدەر ھەددۇ ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى بەردىكى، كىشىنىڭ ئەقىل ۋە خىيالى ئۇنىڭ ئۇندىن بىرىنىمۇ پەرەز قىلالمايتتى. شاھ بۇ مال - دۇنيانى ئۇ كىشىگە بەخش ئەتكەندىن كېيىن، سۆز ئارىسىدا مۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قالدى:

— بۇ ئالەمدە كېزىپ يۈرۈپ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى كۆرۈپسەن، ئۇلار ئىچىدە مېنىڭدەك ساخاۋەتلىك كىشىدىن بىرەرسىنى كۆردۈڭمۇ؟ ياكى شۇنداق كىشىنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىپ باقتىڭمۇ؟

ئۇ كىشى شاھنىڭ بۇ سوئالىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. ئەگەر «ھەئە» دېسە، بۇ پادىشاھقا نۇقسان بولاتتى. «ياق» دېسە، ئۇ ئەلۋەتتە يالغان بولاتتى. ئۇ كىشى قورقۇنچ سەۋەبىدىن، راست سۆزلىمەي يالغان ئېيتتى:

— جاھاندا مەن كۆرمىگەن يەر قالمىدى. لېكىن سەندەك ساخاۋەتلىك كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ — دېدى پادىشاھ.

ئۇ كىشى:

— راست، — دېدى.

پادىشاھ ئۇ كىشىنى دەرھال ھېلىقى ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىشى ئەينەككە قاراپ، ئۆز ئەكسىنىڭ قاپقارا

تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. شاھمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خىجىل بولدى.

— ھەي مېھمان، — دېدى پادىشاھ ئۇنىڭغا، — بىز سېنى خىجىل قىلىپ قويدۇق، يۈزۈڭنىڭ قارا كۆرۈنۈشىدىكى سەۋەب ساڭىمۇ ئايان، بۇ ئەلۋەتتە يالغان ئېيتقانلىقىڭ ئۈچۈن شۇنداق بولدى. ئەمدى راست گەپ قىلغىن، بۇنىڭدىن ئەنسىرىمە.

ئۇ مېھمان:

— كۆردۈم، — دېدى - دە، شۇ ھامان ئەينەككە قارىغانىدى يۈزى ئاق كۆرۈندى.

— بۇ قەدەر ساخاۋەتلىك قانداق ئادەم ئۇ؟ — دېدى پادىشاھ.

ئۇ كىشى:

— ئەي پادىشاھ، بۇنى ئېيتماقتىن ئۆزگە چارەم يوق. بىراق بۇ ھېكايە ئەجايىب ۋەقە بولغاچقا، خالىي ئورۇندا سۆزلەشكىنىمىز تۈزۈك، — دېدى.

پادىشاھ دەرھال بەزمە ئەھلىنى چىقىرىۋەتتى. مېھمان بىلەن شاھ يالغۇز قالدى.

— ھىندى مەملىكىتىدە بىر شەھەر بار، — دېدى ئۇ كىشى سۆز باشلاپ، — ئۇنى بۇ ئالەمنىڭ جەننىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ شەھەرمۇ سېنىڭ دۆلىتىڭگە تەۋە، ھەر يىلى ئۇنىڭ باج - خىراجەتلىرى خەزىنىلىرىڭگە قوشۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ سۈپەتلىرى شۇ قەدەر گۈزەلكى، ئۇنى توغرا بايان قىلىپ بېرىش قىيىن. ئۇنىڭ ئىسمى تىراز شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان چەكسىز گۈزەل شەھەر. بەلكىم ئۇ يەرگە سېنىڭمۇ قەدىمىڭ يەتكەندۇ، ياكى ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولغىيتىڭ.

— ئۇ يەرلەنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئەمما داڭقى ۋە تەۋسىپىنى ئاڭلىغان، — دېدى پادىشاھ، — ئەمدى ھېكايەڭنى باشلا، كۆرگەنلىرىڭنى تولۇق بايان قىلغىن.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۇ مېھمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ شەھەر بېھىشتىن نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ دەرەخلىرى گويا جەننەتتىكى تۇبى دەرىخىدەك كۆككە تاقاشقان. ئۇنىڭ ئېقىۋاتقان تازا، تىنىق ۋە لەززەتلىك سۇلىرى جەننەتتىكى كەۋسەر سۈيىنىڭ ئۆزىدۇر. باغلىرىنىڭ ھاۋاسى كىشىگە خۇددى بېھىشتەك راھەت بېغىشلاپ، جاننى ياشنىتىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ خەلقى باغ بىنا قىلىش، ئۇنى پەرۋىش قىلىش ۋە زىننەتلەشكە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنكى، ئۇ يەردە باغلىرى ۋە باغ ئىچىدە بوستان، گۈلىستانلىرى بولمىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇ يەردە ھەركىم باغلىرىنى ئۆزىنىڭ ھالىغا يارىشا، ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە زىننەتلەپ، ياساپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز پادىشاھىنىڭ ئادالىتى تۈپەيلىدىن ناھايىتى بېيىپ كېتىپتۇ. شەھەرنىڭ كوچىلىرى بېھىشتەك ئاۋات ھەم مەمۇرچىلىق، ئۇ يەرنىڭ ئۆيلىرى قەسىردەك، خەلقى ھۆردەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار پۇل ۋە ماللىرىنى قويۇشقا ھېچبىر ۋەيرانە جاينى تاپالماي ھەيراندۇر.

ئاشۇ شەھەردە بىر ياش يىگىت بار. ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشتا مىڭلىغان دانالارمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ يىگىت گۈزەللىكتە كۆكتىكى ئايدەك، خۇش خۇيلۇقتا ئابىھايات كەبىدۇر. ئۇنىڭ يېشى كىچىك، ئەمما ئەقىل - پاراستى چوڭدۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئەقىل - ئىدراك بىلەن

پۈتكەن، زىبەنى ئەينەكتەك رۇشەندۇر. ئۇنىڭ كۆكلەمزار ئۈستىدە ئاققان سۈزۈك سۇدەك پەم ـ پاراسىتى ئالدىدا ھېچ نەرسە يوشۇرۇنۇپ قالالمايدۇ. ھەر بىر ھېكمەت ئىچىدىن يەنە قانچىلىغان ھېكمەتلەرنى پەملىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ تالانتى ھەرقانداق ئىلىمگە شۇ قەدەر ماس كېلىدۇ. پۈتۈن ئىلىم ئەھلىلىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. جاھاندا ھېچ كىشى ئۇنىڭچىلىك بەختلىك ئەمەس. ئۇنىڭ تەلىيى سائادەتلىك بولغاچقا، ئىسمىنىمۇ مەسئۇد دەپ ئاتىشىدۇ. ساخاۋەتلىكتەكرى ئۇ يىگىتتىن ھېچ نەرسىنى ئايىماي، ھەممە ئىشتا كامالەت بېرىپتۇ. خۇسۇسەن مال ـ دۇنيا ئاتا قىلىشتىن ئايانماپتۇ.

ئۇ يىگىت ھەمىشە گۈلزار ئىچىدە مەجلىس تۈزۈپ، گۈل رەڭ شارابلارنى ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈل مەۋسۇمىلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇ ھامان گۈلشەندە بەزمە تۈزۈپ، گۈللەر بىلەن ئۈلپەت بولىدۇ. بەزمە ئىچىدە گۈللەرنى چېچىپ، باشتىن ئايىغىچە گۈل ئىچىگە غەرق بولىدۇ. ئۇ يىگىتنىڭمۇ ھازىر گۈل پەسلىدۇر. شۇڭا ئۇ نەپىس گۈل رەڭ لىباسلارنى كىيىدۇ. گۈل بەرگىدىن ئەتىرلەرنى ئېلىپ، لىباسلىرىغا سېپىدۇ. گۈل رەڭلىك ئورۇن ۋە مەنزىللەردە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە گۈل يۈزلۈك خىزمەتكارلار گۈل سېپىشكە دائىم تەييار تۇرىدۇ. ئۇ يىگىت قاچانكى بەزمە تۈزۈش ئۈچۈن گۈل رەڭلىك قەسىرگە كەلسە، چاكارلار ئۇنىڭ بېشىدىن گۈللەرنى چېچىشىدۇ. ھەركىم ئۇنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت ۋە شادلىق بەزمىسىگە داخىل بولسا، پىردەۋس بېغىنىڭ بەزمىسىدىنمۇ كېچىدۇ. بىراق

مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىشلىرىنى سۇندۇرۇپ، يۈزدىن بىرىنىلا بايان قىلدىم. ئۇنىڭ ساخاۋىتى ھەققىدە سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. بۇ ھەقتە يۈزلىگەن ھاتەم تىرىلىپ كەلسىمۇ سۆزلەپ بولالماس.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھ جۇنەنىڭ سەۋر ـ تاقىتى قالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇنى كۆرۈش ھەۋىسى تۇغۇلدى. كۆڭلىدە: «بۇنداق نادىر كىشىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي» دەپ ئويلىدى. ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈپ:

— مەن بىر ھەپتىگىچە ھەرەم ئىچىدە ئارام ئېلىپ، مەي ـ شاراب ئىچىش بىلەن بولىمەن. بارلىق خىزمەتكارلار بىر ھەپتىگىچە ئۆيۈڭلەردە دەم ئېلىڭلار،— دېدى.

ئۇلار ھەممىسى پەرمان بويىچە ئۆيىگە قايتىشتى. پادىشاھ تەختى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىشەنچلىك بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ، ئۇ كىشىگە پەند ـ نەسىھەتلىك تاپشۇرۇقلارنى جېكىلىدى.

ئەلقىسسە، شاھ جۇنەنىڭ بىر تېز يۈرۈشلۈك ئېتى بار ئىدى. تېزلىكتە چاقماقمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇ ئاتنىڭ ئىسمى سەرىئۇس ـ سەيىر (تېز يۈرگۈچى) ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈشىنىڭ ئىتتىكلىكى ئالدىدا ھاۋادىكى قۇشمۇ توختاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر ھەپتىلىك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، شۇ كېچىسى قايتىپ كېلەلەيتتى. پادىشاھ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تېزدىن ئاتلاندى. ئاتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىككى كۈن يول يۈردى، شاھ بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە يۈز ياغاچلىق① مۇساپىنى بېسىپ

① ياغاچ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ھەربىر ياغاچ مۇساپە 12 مىڭ قىبىرغا تەڭ (ھەر بىر قىبىرى تەخمىنەن بىر مېتىر).

ئۆتۈپ، ئۇ شەھەرگە يەتتى.

پادىشاھ كۆردىكى، بۇ جەننەت بېغىدەك بىر شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ تۆپراقلىرى ئىسپار، ئەنبەر ۋە ئەتىرلەر بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك ئىدى. ئۇ سۆزمەن مېھماننىڭ بايان قىلغىنىدىنمۇ يۈز ھەسسە ئارتۇق گۈزەل ئىدى. شاھ جۇنە مەسئۇدنىڭ ئۆيىنى سوراپ تاپتى ۋە بەزمە تۈزگەن ئورۇننىمۇ كىشىلەردىن ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ جايغا يېتىپ باردى. پادىشاھ ئۇ يەردە بىر ئۇلۇغ بارگاھنى كۆردى. ئۇنىڭ ئايۋىنى ئاسمان گۈمبىزىگە تاقاشقانىدى. ئايۋان ئىچىدىكى خالايىقلارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى يەتتە قات ئاسماندىن ھالقىغانىدى. كىشىلەر ئۇ بارگاھ ئىچىگە كىرىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. دەرۋازا ئالدىدا بىرقانچە كىشى مەخسۇس غېرىب-مۇساپىرلار ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. ئۇلار شاھ جۇنەنى كۆرۈپ، بىر غېرىب بىچارە ئوخشايدۇ دەپ بىلدىدە، دەرھال ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سوراپ، مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار شاھنىڭ ئېتىنى ئاختىخانىغا باغلاپ، يەم-بوغۇز بېرىۋەتكەندىن كېيىن، شاھنى قەسىر ئىچىگە باشلاپ كىردى. بۇ قەسىر مېھمان ئۈچۈن ئالاھىدە بىساتلار سېلىنغان كۆركەم ۋە ئازادە بىر ئايۋان ئىدى. شاھنى ئۇ يەرگە باشلاپ، داستىخان سالدى ۋە ئالدىغا خىلمۇ خىل تائاملارنى كەلتۈرۈپ تىزدى. مەسئۇدمۇ ئۇ يەرگە دەرھال يېتىپ كېلىپ، خۇش خۇيلۇق بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئادەمگەرچىلىكنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزدى. شاھ جۇنە بۇنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشال بولدى.

غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەسئۇد مېھماننىڭ كۆڭلى شارابنى ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن سورىدى. مەسئۇد مېھماننىڭ كۆڭلىنىڭ شارابقا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بارلىق شادلىق ئەسلىھەلىرىگە زىننەت بېرىپ بىر ئالىي بەزمە تۈزمەكچى بولدى.

مەسئۇدنىڭ بىر ھاممامى بار ئىدى. ئۇنىڭ تېگى مەرمەر تاشلاردىن، سۇ چاچقۇلىرى كۈمۈشتىن، كۆلچەكلىرى شىشىنىڭ ئورنىدىكى نازۇك ئالماسلاردىن ياسالغان. كۆلچەكلەر گۈل سۈيى بىلەن توشقۇزۇلغانىدى. مەسئۇد پادىشاھقا:

— ئەزىز مېھمان، ئالدى بىلەن ھاممامغا كىرىپ، يولنىڭ چاڭ-توزانلىرىدىن بەدەنلىرىنى خالىي قىلىپ، شاد-خۇرام بولغايلا، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

جۇنەنىڭمۇ شۇنداق ئارزۇسى بار ئىدى. ئۇ ھاممامغا كىرىپ، بۇ يەرنىڭ شۇ قەدەر زىننەتلەنگەن ۋە ھەممە ئەسلىھەلىرىنىڭ تەق قىلىنغانلىقىنى كۆردى. بۇنداق ئالىي ھاممام شاھ جۇنەنىڭ شەھىرىدە يوق ئىدى. پادىشاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ تاماشا قىلىپ كۆردى ۋە مەسئۇدقا ئىچ-ئىچىدىن قايىل بولدى. ئۇ ھاممامنىڭ ئالتۇندا زىننەتلەنگەن ئاپتۇۋىلىرى گويا ھىلال ئايدەك كۈمۈش تۇتقۇلىرى بىلەن تەرەت ئۈچۈن تەييار ئىدى. بەدەن سۈرتۈش ئۈچۈن تەييار قىلىنغان پوتىلارغا ئىسپار، ئەنبەرلەر سېپىلگەن. بۇلار يىپەك ئورنىغا ئالتۇن رىشتىلەرنى، يەنى كالاۋتۇن يىپلىرىنى بىرىكتۈرۈپ توقۇلغان بولۇپ، سۈبھىنىڭ مەيىن شامىلىدەك پاك ۋە مامۇقتەك يۇمشاق ئىدى.

ھاممام ئىچىدە غۇسلى تەرەت قىلغۇچىلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قانچىلىغان گۈل بەدەنلىك پەرىدەك خىزمەتكارلار تەيىنلەنگەن، — ئۇلار چىچەنلىك ۋە زېرەكلىكتە بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشنى ئىنچىكىلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. شاھ ئۇ يەردە راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپ، جىسمىنى سەپەرنىڭ كىر ـ غۇبارلىرىدىن خالاس قىلدى.

شاھ ھاممامدىن چىققاندىن كېيىن، خىزمەتكارلار ئۇنىڭغا گۈل رەڭ لىباسلارنى كىيگۈزدى. ئۇنىڭ لىباسلىرى مەسئۇدنىڭ لىباسلىرى بىلەن بىر خىل رەڭدە بولدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار بەزمىگاھ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردە شۇ دەرىجىدە ئالىي بىر جەننەت بەزمىسى تۈزۈلگەن ئىدىكى، بۇنداق كاتتا بەزمىنى بۇ ياشقىچە كونا قېرى پەلەكمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ بەزمىنىڭ ساقىيسى ھۆر، شارابى كەۋسەر سۈيى ئىدى. مەسئۇد شاھنى بەزمىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. بۇ گۈل يۈزلۈك بەزمە ئەھلىنىڭ ھەممىسى گۈلنار رەڭلىك لىباسلارنى كىيىشىپ، گوياكى بېھىش گۈللىرىدەك ياسانغانىدى. مەسئۇد بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر خۇش قامەتلىك گۈزەل ساقىينى چاقىرىپ، ئۇنى مېھمانغا شاراب تۇتۇشقا بۇيرۇدى. سورۇندا شاراب قەدەھلىرى ئارقىمۇ ئارقا نەچچە قېتىم ئايلاندى. شاراب بارا ـ بارا بەزمە ئەھلىنىڭ باشلىرىغا چىقىپ، ئۇلارنى مەست قىلدى. بۇ مېھمان زاماننىڭ كەم تېپىلىدىغان بۈيۈك پادىشاھى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە دەۋراننىڭ تەڭداشسىز ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەردىن ئىدى. لېكىن ئۇ بۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇننى كۆرگىنىدە، بەزمىنىڭ زوق ـ شوقى تۈپەيلىدىن ئۆز ئىختىيارىنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. شارابنىڭ ھارارىتى شاھنىڭ نېرۋىلىرىنى قىزىتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەقىل ۋە دانىشمەنلىك قائىدىسىگە تەسىر يەتتى. شاھ ئۆزىنى بېھىش ئىچىدە سەزمەكتە، قاياققا قارىسا كۆزلىرىگە ھۆر ـ غىلمانلار كۆرۈنمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن سەۋر ـ تاقىتى قېچىپ، ئىختىيارسىز ھالدا مۇبارەك ئېغىزلىرىنىڭ قۇتىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى چېچىپ، ئۇ چېچىلغان سۆز ئۈنچىلىرىنى مەقسەت يىپلىرىغا تىزىشقا باشلىدى. مېھماننىڭ بۇنداق گەپدانلىقىنى كۆرگەن مەسئۇد ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە، شاھ جۇنە مەسئۇددىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— ھەي ئىسمى جىسمىغا لايىق بەختىيار يىگىت، مەن بۇ جاھاندا مۇساپىر كىشىمەن. پۈتكۈل ھىندى مەملىكىتى ئىچىدە مەندەك كۆپ ساياھەتتە بولغان ھېچكىم يوق. تەڭرى ساڭا مۇشۇنچىۋالا بايلىق، دانىشمەنلىك ۋە ئىقتىدارنى بېرىپتۇ. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغىن، ئىلاھىم، مەن جاھان ئىچىدە ھېچكىمنىڭ بۇنچىۋالا بايلىقى ۋە ھەشەمىتى بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغاندىم. شۇ سەۋەبتىن بۇنىڭ سىرىنى سەندىن سوراپ بېقىشنى ئويلاپ قالدىم. راست ئېيتقىن، قايسى ئىش تۈپەيلى مۇنچىۋالا سەرمايىگە ئىگە بولدۇڭ؟

— ئەي مۇبارەك خىسلەتكە ئىگە

كىشى، — دېدى مەسئۇد جاۋابەن، — سەن بۇنداق سورىغان ئىكەنسەن، بۇنىڭ سىرىدىن ئەلۋەتتە سىېنى خەۋەردار قىلىشىم زۆرۈر. شۇنى بىلگىنكى، بۇ ئالدى بىلەن تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىدىن بولدى. لېكىن بۇنىڭ يەنە باشقا سەۋەبىمۇ بار. بىزنىڭ پادىشاھىمىز شۇنداق ئادىل پادىشاھتۇركى، ئۇ گويا تەڭرىنىڭ ئالەم خەلقى ئۈستىگە چۈشكەن سايىسىدۇر. تەڭرى ئۇنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، سەلتەنىتىگە ئەبەدىيلىك ۋە زىننەت بەخش ئەتسۇن. ئۇنىڭ ئادالىتى ۋە ياخشىلىقىنىڭ بەرىكىتى ھەممە ئادەمگە، بەلكى پۈتكۈل ئالەمگە ئورتاقتۇر. ئۇ ئۆز ئىلىدە زۇلۇم تارىنى ئۈزۈپ، ئادالەت سازىنى تۈزگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تىنچلىق ۋە بەختىيارلىقتىن ئۆزگە ھېچ ئىش قالمىدى. پادىشاھلىقنىڭ ئىشى شۇنداق تۇرسا، يۇرت ئىچىگە تىنچ-ئەمىنىيەتلىك، يۇرت خەلقىگە باي-باياشاتلىق يۈزلەنمەي قالامتى. بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىلىم-ھۈنەردە ماھىر، پەزىلەتلەردە كامىل بولۇشىمۇ ئاشۇ پادىشاھىمىزنىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە كۆيۈنۈشى تۈپەيلىدىندۇر. چۈنكى ئۈستىمىزدە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئادىل ۋە ھەققانىي سىياسىتىنىڭ سايىسى كەم بولمايدۇ. مېنىڭ بەخت-دۆلىتىمنىڭ باشقىلاردىن زىيادە بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، تەڭرىنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە ۋاقتىدا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تۇردۇم، ئىككىنچىدىن، پادىشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ۋە سەلتەنىتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا دۇئا قىلىشنى ئۇنۇتمىدىم. مانا مۇشۇ ئىككى ئىش مېنىڭ دۆلەتمەن بولۇشۇمنىڭ سەۋەبىدۇر. خالايىق بولسا بۇ ئىككى ئىشتىن غاپىلدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچ مۇرادى ھاسىل بولمايدۇ. تەڭرى مېنى بۇ ئىشتىن ئاگاھ قىلدى. مەن بۇ ئىككى ئىشنى دائىم ئادا قىلىپ تۇرغانلىقتىن، مۇشۇنداق دائىمىي سائادەت، ئەبەدىي بەختكە ئىگە بولدۇم.

شاھ جۇنە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق شادلاندىكى، ۋارقىراپ تاشلاشقا ئازلا قالدى. شاھنىڭ كۆڭلىدە سەئىدنىڭ مېھرى باشقىلاردىنمۇ ئۈستۈنرەك ئورۇنغا ئۆتتى. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن شۇنداق قىزىق ھېكايە، لەتىپىلەرنى سۆزلەپ كەتتىكى، ئۇنىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتىدىن تامامى خالايىق ھەيرانۇ ھەس قالدى. مەسئۇد بۇنداق پەزىلەتلىك مېھماننى، ياق بەلكى نادىرى زاماننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا جان پىدا قىلغۇسى كەلدى، ئۇنىڭ كەلگەن ھەربىر قەدىمىگە يۈزلىگەن تەشەككۇرلارنى ئادا قىلدى.

ئەلقىسسە، تەرەپ-تەرەپلەرگە ئەۋەتكەن سودىگەرلىرى ئىچىدىن بىرسى ھەددىدىن ئارتۇق پايدا-مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىپ، شۇ كۈنى خۇشال-خۇرام ھالدا قايتىپ كەلدى. مەسئۇد بۇ ھەددۇ ھېسابسىز پايدىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ شۈكرى-سانالارنى ئېيتقان ھالدا:

— ئۇلۇغ تەڭرىم ماڭا بۇ قېتىم بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە تەڭ كەلگۈدەك مەنپەئەتنى ئاتا قىپتۇ، — دېدى. ئاندىن شاھ جۇنەگىمۇ ناھايىتى كۆپ مال-دۇنيا سوۋغا قىلىپ ئادىمىگەرچىلىك قىلدى. شاھ دېھلى شەھرىدە ئۆزىگە ئەينەك سوغا قىلغان مۇساپىرنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا چەكسىز ئاپىرىنلار ئېيتتى.

مەسئۇد يەنە بەزمە تۈزمەكچى بولۇپ:

— ئون نەپەر ھۆر سۈپەت قىز شادلىق قوزغاش ئۈچۈن گۈلخانىلارنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، خالايىقنىڭ باشلىرىغا گۈللەرنى چاچسۇن، — دېدى.

بۇ ۋاقىت گەرچە كۈز پەسلى بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان ئەنبەر پۇراقلىق گۈللەرنى چېچىشقا باشلىدى، ئۇلار پۈتكۈل جاھاننى خۇش پۇراققا تولدۇرۇپ، بەزمە سورۇنىنى جەننەت گۈلىستانىغا ئايلاندۇرىۋەتتى. ھەممە ياقتا گۈل يۈزلۈك مەشۇقلەر گۈل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، گۈلرەڭ شارابلارنى ئىچىشكە باشلىدى. شادلىقتىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گۈل - گۈل ئېچىلىپ كەتتى. شاھ جۇنەنىڭ كۆڭلىمۇ يايراپ كېتىۋاتاتتى. مەسئۇدنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىر گۈل يۈزلۈك مەشۇق ھەرىكەتكە كەلدى - دە، قۇياش كەبى بىر جامغا ئۇپۇق گەبى شارابنى توشقۇزۇپ، شاھ جۇنەگە سۇندى. بۇنداق جام ۋە شارابنى شاھ جەمشىدمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— بۇ جامنىڭ خاسىيىتى شۇكى، — دېدى ئۇ مەشۇق جامنى شاھ جۇنەگە ئۇزاتقان ھالدا، — بۇنىڭغا شارابنى بىرلا تولدۇرۇپ، ئۇڭ تەرەپتىن سورۇندىكى ھەممە ئادەمگە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تۇتسا، كىشىلەر ئۇنى ھەرقانچە ئىچكەن تەقدىردىمۇ، جامدىكى شاراب ئازايمايدۇ. ئەگەر جامدىكى شارابنى سورۇندا سول تەرەپكە قاراپ ئايلاندۇرۇپ تۇتسا قانچە توشقۇزغان بىلەنمۇ، ئازراقلا ئىچسە ئۇنىڭدىكى شاراب تۈگەپ قالىدۇ. ھېكمەت ئالىملىرى بۇ جامنى ياسىغان چاغدا، ئۇنىڭغا ئاشۇنداق تىلسىماتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ياساپ چىقىپتىكەن.

شاھ جۇنەنىڭ ئۇ جامنى سىناپ باققۇسى كەلدى. سىناق قىلغانىدى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق خاسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇ جامنىڭ شارابى ئەمەس، ئىشتىياقى مەست قىلدى. مەسئۇد بۇنى سەزدى - دە، جامنى شاراب بىلەن قوشۇپ پادىشاھقا سوۋغا قىلدى. شاھ ئۇ جامدىكى مەينى ئىچىپ شادىمان بولدى ۋە خۇدىنى يوقاتقانغا قەدەر ئىچىپ بەزمىنى قىزىتتى. ئۇلار شۇ كۈنى تاكى ئاخشامغىچە ئاشۇ يوسۇندا بەزمە تۈزۈپ، كەچ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزمىدىن چارچىغان جىسمى ئۇيقۇدىن ئارام تاپتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتتى. قۇياش شارابى سۇبھى ھاراقكەشنىڭ مەستلىكىنى پاخىل قىلىپ، ئۇنىڭ روھلىرىنى تازىلىدى. شاھ جۇنە باشلىق مەيخورلار يەنە شاراب ئىچىشكە باشلىدى. بارا - بارا سورۇندىكىلەرنىڭ كاللىسىدا ئەقلى - ھوشى قالمىدى. تۈنۈگۈنكىدىنمۇ گۈزەلرەك گۈل يۈزلۈكلەر گۈلگۈن شارابلارنى تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىندى. گۈل رەڭلىك قەسىردىكى بۇ بەزمە ئەھلىنىڭ باشلىرىدىن قىپقىزىل گۈللەر چېچىلدى.

شۇ ئەسنادا مەسئۇدنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىر كىشى بېرىپ، رۇخسارىغا چۈمپەردە ياپقان بىر نازىنىن گۈزەلنى باشلاپ كەلدى. ئۇ گۈل يۈزلۈك قىز ساز چېلىشتا تەڭداشسىز ئىدى، سازنى ئۇنداق چالىدىغان يەنە بىرسى تېخى دۇنياغا كەلمىگەنىدى. مەسئۇد ئۇنىڭغا يۈزىدىن پەردىنى ئېلىۋېتىپ، چاڭنى قولىغا ئېلىپ نەغمە باشلاشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇ ھۆر

سۇپەت قىز ئۇلتۇرۇپ يۈزىىدىن پەردىىنى
كۆتۈردى. ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈش
بىلەنلا، بىرنەچچە كىشى ھوشىدىن كەتتى،
يەنە بىرنەچچىسى ھەتتا جان تەسلىم
قىلىشتى. ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپ، ھېچ-
كىمدە نورمال ھالەت قالمىدى. ئۇ زىبا
سەنەم قولىغا چاڭنى ئېلىپ، سازلاپ، ئۇنىڭ-
غا ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى تەڭكەش
قىلىپ، شۇنداق بىر نەغمە - ناۋا تۈزدىكى،
باياتىن جېنىدىن جۇدا بولغانلارمۇ ئۇنىڭ
يالقۇنلۇق ناۋاسىنى ئاڭلاپ، قايتىدىن يېڭى
جانغا، ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتى. شاھ
جۇنەمۇ ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۆرۈپ،
خۇش سازى ۋە خۇشناۋاسىنى ئاڭلاپ،
ئۆزىنىڭ جان رىشتىلىرىنى ئۇنىڭ چاچلىرىغا
تار قىلىپ باغلاپ، ئاشىق بىقارار بولدى.
شاھنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئۇ سەنەم
ئەسىر قىلىۋالدى. مەسئۇد بۇنى سېزىپ،
يېقىملىق تەكەللۇپلارنى بايان قىلدى ۋە
ئۇ ئاي يۈزلۈك كېنىزەكنى يەنە تۈنۈگۈن
سوۋغا قىلغان مال - دۇنياچىلىك پۇل - مال
بىلەن قوشۇپ شاھقا تارتۇق قىلدى.

ئەتىسى يەنە ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ
قىزىقراق بەزمە تۈزۈلدى. مەي ئىچىش،
گۈل چېچىش، پەردىلەر نەغمىسىنى ئاڭلاپ
كۆڭۈل ئېچىشلار ئالدىنقى كۈندىكىدىنمۇ
زىيادىراق قىزغىنلىق بىلەن داۋام قىلدى.
ئەيشى - ئىشرەت سورۇنى ئىچىدىكىلەردىن
بىرسى مەسئۇدنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بېرىپ،
چاقماقتەك تېز يۈرىدىغان بىر ئارغىماق
ئاتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئارغىماقنىڭ يۈ-
رۈشلىرى بۇ پەلەك ئارغىمىقىنىڭ ھەرىكىتى-
دىنمۇ چاققان ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ رەڭگى
گۈل رەڭگىدەك قىپقىزىل بولغاچقا، ئۇنى
«گۈلگۈن» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئات ئەس-
لىدە دېۋە بىلەن پەرى ئارىسىدىن تۆرەل-
گەنىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى دېۋە، ئانىسى
پەرى ئىدى. ئۇنىڭ كېپىلىشكەن تۇرقى
ئەقىللەرنى ھەيران، سەزگۈلەرنى سەرگەر-
دان قىلاتتى. ئۇنىڭغا سۇ ئورنىدا شاراب،
ئوت - چۆپ ئورنىدا شېكەر قۇمۇشى بېرىپ
بېقىلاتتى. بۇ ئاتنىڭ ھەربىر قەدىمىگە
باشقا ئاتلارنىڭ ئون قەدىمى تەڭ كېلەتتى.
شۇڭا ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز ئىچىدە يۈز
ياغاچلىق يولنى ئارقىدا قالدۇراتتى. شاھ
جۇنە بۇ ئاتنى كۆرگەندىن كېيىن ئەقلى-
دىن بىگانە، بەلكى ئۇ ئاتنىڭ ئىشتىياقىدا
دىۋانە بولدى. مەسئۇد بۇنى كۆرگەندىن
كېيىن بۇ ئاتنى ئالدىنقى ئىككى كۈندىكىنىڭ
بارابىرىدە مال - مۈلۈك بىلەن قوشۇپ
پادىشاھقا تۆھپە قىلدى. شاھ مەسئۇدنىڭ
ھەممە تۆھپىلىرىدىن مىننەتدار بولغانىدى.
بىراق بۇ ئات پادىشاھنى ھەممىدىن بەك-
رەك خۇشال قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى تاكى
ئاخشامغىچە مەي ئىچىشىپ، ھەممىسى مەست
بولغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

ۋاقتىكى، تاڭ ئاتتى، قۇياش شاھى
يۈزلىرىدىن نىقابىنى ئاچتى. تۈن شاھىنىڭ
لەشكەرلىرىگە شىكەستە يەتتى. شاھ جۇنەمۇ
ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى گويىاكى سائادەت
يۇلتۇزىدەك ئاچتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇ-
رۇپ گۈل ۋە شاراب سۆھبىتىنى
يىغىشتۇردى.

— ھەي دوستۇم، — دېدى شاھ
مەسئۇدقا، — كۆڭلىمىز بېغىنىڭ مېھرى -
مۇھەببەت گۈللىرى ناھايىتى پورەكلەپ
ئېچىلىۋاتاتتى. مېھماندارچىلىق بۇنىدىن
ئارتۇق بولماس. سېنى ئۆلگۈچە ئۇنۇتماي-
مەن. گەرچە سېنىڭدىن ئايرىلىش مەن
ئۈچۈن قىيىن بولسىمۇ، بىراق رۇخسىتىڭ

بىلەن يانمىسام بولمايدۇ. گەرچە مېنىڭ كەلمىكىم ئىرادەتتىن بولسىمۇ، قايتىشىم ئىجازەتتىندۇر. شۇڭا ماڭا قايتىشقا ئىجازەت بەرسەڭ.

بۇ خىل جۇدالىق سۆزلىرى ئارىسىدا چۆشكەندىن كېيىن مەسئۇدنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە مۇنداق ئۆزرىلەرنى ئېيتتى:

— ھەي مۇساپىر كىشى، نېمە دېگىنىڭ بۇ، سېنىڭ سۆھبىتىڭنىڭ شارابىدىن شاد-خۇرام بولغانىدۇق، ئەمدى پۇرقىتىڭنىڭ ئازابىدىن بىئارام بولىمىزمۇ؟! بىز سېنىڭ قۇياشتەك يۈزۈڭدىن، شېرىن سۆزۈڭدىن شادىمان بولغانىدۇق. ئەمدى ھىجران ئوتۇڭدىن پەرىشان بولىمىزمۇ؟! گەرچە خىزمىتىڭنى ياخشى قىلالماي بىزدە چولتىلىقلار سادىر بولغان بولسىمۇ، بىزنى كەڭچىلىك بىلەن ئەپۇ قىلىپ، يەنە بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ بەرگىن، بىز خۇرسەن بولۇپ قالايلى. ئەگەر بۇنىڭغا زادى مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە نۇقسانلىرىمىزنى كەچۈرۈپ، بىزنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسەن.

شاھ جۇنەمۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتىپ خوشلاشتى. شاھ مەسئۇد سوۋغا قىلغان گۈلگۈن ئاتنى مىنىپ يولغا راۋان بولدى. مەسئۇد سوۋغا قىلغان مال-مۈلۈك ۋە كېنىزەكنى بىر ئىشەنچلىك خەزىنىدارغا تاپشۇردى. شاھ گۈلگۈن ئاتقا شۇنداقلا ئىشارەت قىلىۋىدى، شۇ كۈنى ئۆزىنى دېھلى شەھىرىدە كۆردى. ئاندىن سەلتەنەت تەختىگە ئورۇن ئالدى. خەزىنىدار بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇ ئاي يۈزلۈك سەنەمنى ۋە بارلىق مال-مۈلۈكلەرنى شاھ ھوزۇرىغا ئەكىلىپ بەردى. شاھ جۇنە مەسئۇدنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ، ئەقلى ھەيران، كۆڭلى پەرىشان بولدى. مەسئۇدنى ئەسلەپ، دائىم گۈل رەڭ كىيىملەرنى كىيىپ، گۈلگۈن قەدەھلەردە ياقۇت رەڭلىك مەيلەرنى ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە، شاھ جۇنەنىڭ تاۋابىئاتلىرىدىن جىپۇر ئاتلىق بىر كىشى تىراز شەھىرىگە ھاكىم ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى جەنبۇر شەھىرى ئىدى. ئۇنىڭ مەنسىپى ناھايىتى ئالىي بولسىمۇ، لېكىن ھىممىتى پەس ئىدى. ئۇنىڭ خەلققە سالغان جەبىر-زۇلۇملىرى ھىندى مەملىكىتىدە مەشھۇر بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇقرالىرى شاھ جۇنەگە ئەرز-دادلارنى ئېيتىپ كەلگىلى تۇردى. ئۇنىڭ گەردىنىدىكى نەچچە تۈرلۈك گۇناھلىرى بارغانسىرى ئېغىرلاشقا باشلىدى. بىر كۈنى شاھ جۇنە:

— جىپۇرنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىڭلار، ئۇ شەھەرنىڭ ھاكىملىق ئالىي مەنسىپىگە مەسئۇدنى تەيىنلەيمىز، — دەپ ھۆكۈم قىلدى.

شاھنىڭ بۇ ھۆكمى يارلىق قىلىپ يېزىلدى. لېكىن بۇ خەتنى تېخى ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى، جىپۇرغا: «سەلتەنەتىڭ قولۇڭدىن چىقىپ كېتەي دەۋاتىدۇ. قىلغان ئىشلىرىڭ شاھنىڭ ئالدىدا ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئەمدى سەن قانداق جازاغا لايىق بولساڭ، شۇنداق جازاغا تارتىلىسەن» دېگەن خەۋەر يەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جىپۇر ھەددىدىن زىيادە ئىزتىراپقا، ئىنتايىن پەرىشان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەم-قايغۇ ئەسىر قىلىۋالدى. جىپۇرنىڭ بەللۇر ئاتلىق بىر نايىپى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى زالىم ۋە ئاداۋەتخور ئادەم ئىدى. جىپۇر ئۇنى چاقىرىپ:

— بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە مەسئۇد سەۋەبچى بولدى، — دېدى ئۇ جاپاكار نايىپ، — چۈنكى ئۇ شاھ جۈنەنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا شۆھرەت تېپىۋالدى. ئۇنىڭ خەيرى - ساخاۋىتىنىڭ داستىخىنى چەك - چېگىرىسىز، ياخشى سۈپەتلىرى ۋە ياخشى ئىشلىرى ئېيتقاندىن زىيادىراقتۇر. ئالەم خەلقى ئىچىدە ئۇنىڭدىن ياخشىراق كىشى يوق. شۇڭا پادىشاھ ئۇنى سەندىن ئەۋزەل دەپ قاراپ، سېنىڭ ھاكىملىقىڭنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. ئاشۇ مەسئۇد دېگىنى قاچانكى بۇ ئارىدىن يوقالسا، ئاندىن پەلەك ساڭا يار بولۇپ، تىنچلىققا ئېرىشىسەن. ئۇنىڭ يوقالغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھمۇ بىئارام بولۇپ تۆگىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ئىشلىرىمۇ سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتىدۇ.

جىپۇر ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئىشنىڭ چارىسىنىمۇ سۆزلەپ باققىن، بىز مەسئۇدنى قانداق ئاساس بىلەن ئارىدىن يوقىتىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دېدى بەللۇر جاۋاب بېرىپ، — ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن مېھرى - مۇھەببەت ئالامەتلىرىنى نامايان قىلغىن. ئۇنى ئۆيۈڭگە چاقىرىپ مېھمان قىلغىن ۋە سۆھبەتداش بولغىن. ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ بارغىن. ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم جايلايمەن.

بۇنى ئاڭلاپ جىپۇرنىڭ كۆڭلى ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە مەسئۇد بىلەن دوست بولۇشنىڭ پىلان - لايىھەلىرىنى تۈزدى.

جىپۇر يۈزلىگەن ئالدامچىلىق ۋە ھىيلە - مىكىر ئەپسۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مەسئۇدقا يېقىنلىشىپ، سىرداش بولدى. جىپۇر ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلدى. مەسئۇدنىڭ ئۆيىگىمۇ باردى. شۇنداق قىلىپ، بېرىش - كېلىش كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەر كۈنى ئۆزئارا سۆھبەتلىشەتتى. جىپۇر ئۆزىنى مەسئۇدقا جان دوست دەپ، ئۇنى ئۆزىدىن خاتىرجەم قىلاتتى.

بىر كۈنى جىپۇر مەسئۇدنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. ئۇلار خۇشال - خۇراملىق بىلەن تاكى ئاخشامغىچە شاراب ئىچىشتى. نەتىجىدە جىپۇر مەسئۇدنى خۇدىنى بىلەلمىگۇدەك دەرىجىدە مەست قىلىپ قويدى. ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا جور بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر دەممۇ ئايرىلمىدى. مەي - شارابنىڭ كۈچى بىلەن مەسئۇدنىڭ ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇنى گۈلشەن ئىچىدە يېقىتتى. مەسئۇدنىڭ ئادەملىرىمۇ پۈتۈنلەي مەست بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسى باستى. باغدا مەخپىي پايلاپ ئولتۇرغان بەللۇر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈش بىلەنلا، بىرنەچچە ئاداۋەتخور ھەمشىرىكلىرىنى باشلاپ كېلىپ، مەسئۇدنىڭ قول - ئاياغلىرىنى باغلىدى. ئاندىن ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، مەخپىي بىر يولغا كىردى. بەللۇر ئۇنى قاراڭغۇ كېچىدە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ باردى - دە، بىر قاراڭغۇ زىندانغا تاشلىدى. ئۇ يەردە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق ئىدى. بۇ ھوشسىز بىچارە زىنداندا قالدى.

تاڭ ئېتىپ، خورازلار چىللاشقا باشلىغاندا مەسئۇدنىڭ خادىملىرى ئۇيقۇدىن كۆز ئاچتى. ئۇلار ئادىتى بويىچە ئەتىگەندە مەسئۇدنىڭ خىزمىتىگە بېرىشتى. ھەم-

مەيلەن يىغلىپ بولىدى، ئەمما مەسئۇد
كۆرۈنمىدى. ئۇلار غەم ـ قايغۇغا پېتىپ
ياقىلىرىنى يىرتىشقا باشلىدى. جىپۇر باشـ
قىلاردىنمۇ بەكرەك دادۇ ـ پەرياد كۆتۈرۈپ،
توختىماستىن ئەزۋەيلەپ، بارغانسېرى ئىزـ
تىراپقا چۈشكەن هالدا، مەسئۇدنىڭ خادىمـ
لىرى بىلەن تەڭلا نالە ـ پىغان قىلاتتى.
ئۇلار نەچچە كۈنگىچە قايغۇ ـ هەسرەت
بىلەن كۆزلىرىنىمۇ يۇمماستىن ۋە بىردەم
ئارام ئالماستىن ئىزدىدى. بىراق مەسئۇدـ
تىن هېچبىر دېرەك بولمىدى. ئۇلار ئاخىر
نائىلاج مەسئۇدنىڭ ماتىمىنى تۇتۇشتى.
جىپۇرمۇ هازىدار بولۇپ، مەسئۇدنىڭ ئۇـ
رۇق ـ تۇغقان ۋە خادىملىرىغا نەسىهەت
قىلىپ تەسەللى بەردى. لېكىن ئۇنىڭ
كۆڭلى مەسئۇدنىڭ يوقالغانلىقىدىن ناهايىتى
خۇشال ئىدى.

يەتتىنچى كۈنى ناهايىتى كاتتا
مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، مەسئۇدنىڭ نەزىرىنى
بەردى. نەزىر ـ چىراغ مۇراسىمى ئاخىرـ
لاشقاندىن كېيىن، هەممەيلەن پەرىشان
هالدا ئۆيلىرىگە قايتىشتى. بەللۇرمۇ كەچ
بولغاندا مەسئۇدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە
ناهايىتى كۆپ ئۆزرە ـ تەسەللىلەرنى
ئېيتىپ، خالايىق ئارىسىدا زار ـ زار يىغـ
لىغان پېتى ئۆيىگە ياندى.

مەسئۇد هوشىغا كەلگەندىن كېيىن
كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنى زىندان ئىچىدە
بۇ قەدەر غېرىب هالدا كۆردى. ئۇنىڭ
قول ـ پۇتلىرى مەهكەم باغلانغان بولۇپ،
بۇ قاراڭغۇ گۆردەك زىنداندا جىسمىنىڭ
يېرىمى پاتقاق سۇدا، يېرىمى زەيكەش
يەردە ياتاتتى. مەسئۇد ئۆزىنى بۇ هالەتتە
كۆرۈپ: «ئەي تەڭرىم، بۇ نىمە ئالامەت،
چۈشمۇ ياكى خىيالمىدۇ، بۇ» دەپ ئېڭىرـ
دى. ئۇ قانچە ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ
ئىشقا هەيرانلىقتىن ئۆزگە هېچ جاۋاب
تاپالمىدى. شۇ هالەتتە ياتقىنىدا بىر كىشى
زىندان ئىشىكىنى ئېچىپ، شام يورۇتۇپ
ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئۇ ئادەم مەسئۇدنى
ئازاب ـ كۈلپەتلەر بىلەن باغلاپ، زىنداندىن
تارتىپ چىقاردى ـ دە، بىر ئۆيگە دۈشكەلەپ
ئېلىپ كىردى. ئاندىن ئۇ ئۆيگەبەللۇر كىردى.
ئۇ ناهايىتى زەردە بىلەن ئاغزىغا كەلگەنلىكى
سۆز بىلەن هاقارەت ياغدۇرۇپ، مەسئۇدنى
تىللىدى. ئاندىن بىر كىشى ئۇ ئۆيگە بىر
قۇچاق تاياقنى ئېلىپ كىرىپ تاشلىدى.
بەللۇرنىڭ هۆكمى بىلەن ئىككىيلەن كېـ
لىپ، مەسئۇدنى باغلىغان ئارغامچىنى يەشتى.
ئۇلار ئاندىن مەسئۇدنىڭ كىيىم ـ كېچەكـ
لىرىنى سالدۇرۇپ، يالىڭاچلىدى. بەللۇر
يەنە ئىككى كىشىنى چاقىرىپ، مەسئۇدنىڭ
بېشى ۋە پۇتىغا مىنىپ ئولتۇرۇشنى بۇيرۇـ
دى. ئىككىيلەن قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئۇنى
ئۇرۇپ، ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇلار شۇنداق
قاتتىق ئۇردىكى، ئۇ بىچارە نەچچە قېتىم
هوشىدىن كېتىپ، يەنە هوشىغا كەلدى.

— هەي، مەقسىتىڭلار نىمە، زادى؟! —
دېدى مەسئۇد يالۋۇرۇپ، — ئېنىق ئېيتىڭـ
لار، ئەگەر غەرەزىڭلار پۇل ـ مالدا بولسا،
ئۇمۇ كەم ئەمەس، ئەگەر جان كېرەك بولسا،
ئۇنىمۇ ئېلىڭلار، بىراق مېنى ئۇرماڭلار!...

ئۇ پەس تەبىئەتلىك زالىم بۇ سۆزـ
لەرگە قۇلاق سالماستىن:

— تاياق ئۇرۇشنى توختاتماڭلار،
توختاتماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار توختىماستىن ساۋاشقا باشلىدى.
مەسئۇدنىڭ گۈل بەرگىدەك بەدەنلىرىگە
تاياق ـ توقماقلار يېغىپ كەتتى. ئۇ هەرـ
قانچە پەرياد قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نالە-

پەريادىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. تاكى تاياقلار سۇنۇپ تۈگىمىدى، تاياق ئۇرغۇچى زالىملارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى.

— ئەمدى توختاڭلار، — دېدى بەللۇر زالىم ئۇلارغا، — بۈگۈن بۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار. ئۇنى بىز بىستاقەت قىلىپ، قىيناپ ئۆلتۈرىمىز.

ئۇ ئىككى شەرمەندە تاياق ئۇرۇشتىن توختىدى. مەسئۇدنىڭ باش ۋە ئاياغلىرىنى بېسىپ ئولتۇرغان پەسكەشلەرمۇ شەرمەندىلەرچە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر ياندا ئولتۇردى. ناتىۋان مەسئۇد ناھايىتى تەستە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ نالە-زار قىلغان ھالدا:

— ھەي مۇسۇلمانلار، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟ مۇنداق جەبىر-زۇلۇم قىلىشتىن يېنىڭلار. قىلغان گۇناھىمنى ئېيتىپ بېرىڭلار. ئادەمزاد دېگەن خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. ھەممىز خاتالىقىمىزنى بىلىۋالساق بولمىدىمۇ؟! سىلەر مەندىن مال-مۈلۈك ياكى جان تەلەپ قىلساڭلارمۇ مەن ئۇنى سىلەردىن ئايىمايمەن، — دەپ يىغلىندى.

مەسئۇدنىڭ نالە-پەريادلىرى ئۇ تاش يۈرەك ناكەسلەرگە قىلچە تەسىر قىلمىدى.

— بۇنىڭ سۆزلىگەن ئەپسانىلىرىگە قۇلاق سالماڭلار، سۆزلىگىلى قويماستىن ئاپىرىپ سولىۋېتىڭلار! — دېدى بەللۇر گۇماشتىلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ.

ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن مەسئۇدنى باغلاپ، يەنە زىندانىنىڭ قەرىگە تاشلىدى. گويا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام زىندانغا تاشلانغاندەك بولدى. مەسئۇدنى ئۇلار نەچچە كۈنگىچە ئەنە شۇنداق قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىشتى. ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھالىغا رەھىم قىلمىدى. ئۇ بىچارە ئاخىرى جاندىن ئىلكىنى يۇيۇپ، زار-زار يىغلاپ ھالىدىن كەتتى.

— ماڭا رەھىم قىلىڭلار، — دەيتتى ئۇ ناتىۋانلارچە يالۋۇرۇپ، — مېنى ئۆلتۈرۈپلا ئېتىڭلار، مەندەك يامان ئادەمدىن بىراقلا قۇتۇلۇڭلار. مېنى بۇنداق قىينىماڭلار!

ئۇلارمۇ مەسئۇدتىن تويۇپ، زېرىكىشتى. ئۇنى ئەتە ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلىشىپ، يەنە زىندانغا تاشلىدى. زىندان بېشىدا بىر ئادەمنى كۆزەتچى قىلىپ تەيىنلىدى.

بەللۇر زالىم ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن شادىمان بولۇپ، جىپۇرنىڭ قېشىغا باردى.

— سېنىڭ بۇزۇلغان كۆڭلۈڭ ئەمدى ئاۋات بولسۇن، چۈنكى سېنىڭ دۈشمىنىڭ قەھرى-غەزەپكە دۇچار بولۇپ، بۇ قەدەر خار-زار بولدى. ئەمدى سەندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت تىلەيمەن، — دېدى ئۇ جىپۇرغا.

بەللۇر رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، شادلىق بەزمىسى تۈزدى-دە، خۇشال-خۇرام ھالدا شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

بەللۇرنىڭ گۈل يۈزلۈك ۋە شېرىن سۆزلۈك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن-جامالى تەرىپلىگەندىنمۇ زىيادە ئىدى. ئاشۇ ئەسىردە گۈزەللىكتە ئۇنىڭغا يېتىشەلىگۈدەك ھېچبىر ئىنسان ۋۇجۇدقا كەلمىگەنىدى. لېكىن مەسئۇدنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتى ۋە گۈزەل چېھرى لەتاپىتىنىڭ ئىشقى ئۇنىڭ قەلبىگە ئوت سېلىپ، دىماغلىرىدىن دۇد چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇ قىز مەسئۇدنىڭ ھۆسن-جامالىنىڭ تەرىپىنى دائىم ئاڭلايتتى ۋە ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ،

يوشۇرۇن هالدا كۆيۈپ ــ پىشىپ يۈرەتتى.
بىراق بۇ كۆڭۈل سىرلىرىنى كىشىگە ئېيت
تالمايتتى. ئۇنىڭ قەلبىگە سۆيگۈ ئوتلىرى
تۇتاشقان بولغاچقا، ئۆيىدە هېچ ئارام تا
پالمايتتى. خىلمۇ خىل خىياللارنى قىلىپ
باقاتتى. ئۇ قىز بىر بىچارىنىڭ زىنداندا
قامالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭ كۆڭ
لىگە: «زىندانغا كىرىپ ئاشۇ بىچارىنى
يوقلىسام، ئۇنىڭ تارتقان مېهنەتلىرىنى
كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭ قەلبىدىكى دەرد ــ ئەلە
مىمنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنۇتسام ئەجەب
ئەمەس» دېگەن ئوي كەلدى. بىراق ئاتى
سىدىن قورقۇپ، ئۇنى سوراشقا پېتىنالمايت
تى. قىز بۈگۈن ئاتىسىنىڭ كەچكىچە
بەزمە تۈزۈپ شاراب ئىچىپ، پۈتۈن قوۋم
خادىملىرى بىلەن بىللە مەستۇ ــ بىهوش
بولغانلىقىنى، زىندان قاراۋۇللىرىمۇ مەستلىك
تىن ئەقلى ــ هوشىنى يوقىتىپ هېچ ئىش
تىن بىخەۋەر ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدى.
ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز دەرهال بېرىپ زىن
دان ئاغزىنى ئاچتى ــ دە، مېهرىبانلىق
بىلەن چاقىرىپ:

ـــ هەي غەمكىن كىشى، سەن قايسى
بىچارە بولسەن؟ ئىسمىڭ نېمە؟ شۇ تاپتا
سېنى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ـــ
دېدى.

زىندان ئىچىدىكى ئۇ مەجرۇھ بىچارە
بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ جىسمىدىن
چىقىپ كېتىۋاتقان روهى يەنە قايتىدىن
قۇۋۋەتكە ئىگە بولغاندەك بولدى. ئۇ نالە
پىغان قىلغان هالدا مۇنداق دېدى:

ـــ مېنىڭ ئېتىم مەسئۇددۇر، بۇ
ناتىۋان جېنىم ۋە جىسمىدا يۈز تۈمەن
بالا ــ قازالار مەۋجۇددۇر. هەي ئۇلۇغ تەڭ
رىنىڭ رەهمىتىگە سازاۋار بولغۇچى، سەن

ئادەممۇ ياكى پەرىشتىمۇ؟ سېنىڭ ئۈنۈڭ
نىڭ ئىلهامىدىن بۇ زار جىسمىمغا جان
پەيدا بولدى. ئەگەر قىلالىساڭ، بۇ ئىشىمغا
بىر ئىلاج قىلغىن، بولمىسا، مەن بىر ئۆ
لۈكتىنلا ئىبارەت، خالاس.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئۇ زىبا سەنەم
نىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈ ئوتلىرى تېخىمۇ
يالقۇنجاپ ياندى. ئۇ قىز مەسئۇدنىڭ
غايىب بولغانلىقى ئۈچۈن نەچچە كۈنلەردىن
بېرى قان يۇتۇپ، ئۇنىڭ ماتەمىنى تۇتۇپ
كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى
ئېنىق ئەمەس ئىدى. قىز ئاتىسىنىڭ ئۆز
گىرىپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالغان خۇي ــ
پەيلىدىنمۇ بىر نېمىلەرنى سەزگەندەك
بولاتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ نازىنىن قىزنىڭ كۆڭ
لىگە: «بۇ ئاشۇ مەسئۇد بولۇپ قالمىسۇن
يەنە» دېگەن گۇمان چۈشتى. قىز دىققەت
بىلەن سوراپ ئېنىقلاپ، هەقىقەتەن ئاشۇ
مەسئۇد ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ كۆزلىرىدىن
تارام ــ تارام ياش. تۆكۆپ:

ـــ هەي، جاراهەتلىك جىسمىڭغا بۇ
جېنىم پىدا بولسۇن، ناتىۋان جېنىڭغا بۇ
جىسمىم سەدىقە بولسۇن. سېنى بۇنداق
هالەتتە كۆرگىچە ئۆلسەمچۇ، كاشكى! ـــ
دەپ پەرياد چەكتى.

قىز بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرۇشتىن
پايدا يوقلۇقىنى هېس قىلىپ، بۇنىڭ ئىلاجى
نى قىلىش ئۈچۈن دەرهال ئورنىدىن تۇر
دى. قىزنىڭ ئىككى نەپەر ناهايىتى يېقىن
كېنىزىكى بار ئىدى. قىز ئۇلارنى ئۆز
جېنىدىنمۇ ئېزىزراق كۆرەتتى. ئۇلار بۇ
نازىنىن قىزنىڭ قەلبىدىكى ئىشق جاراهەت
لىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا، چاقىرغان
هامان يېتىپ كېلىپ، قىزغا ياردەملەشتى.

ئۇلار بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، مىڭبىر جاپادا مەسئۇدنى زىنداندىن تارتىپ چىقاردى. ئۇلار مەسئۇدقا قارىسا، بۇ بىر سۈرەت ئىدىكى، ئۇنىڭ جىسمىدا جان ۋە روھتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. قىز دەرھال مەسئۇدنىڭ قول-پۇتلىرىنى يېشىپ، زار-زار يىغلىغان هالدا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. لېكىن ئۇنىڭدا ئەھۋال بايان قىلغۇدەكمۇ ماجال يوق ئىدى. بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. ئىككى كېنىزەك بىلەن قىز مەسئۇدنى كۆتۈرۈپ بىر يوشۇرۇن يول بىلەن ئۆز ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۇ قىز ئۆز كاردۋىتىغا يۇمشاق تۆشەكلەرنى سېلىپ، بۇ خەستە بولغان بىچارىسنى ياتقۇزدى. ئۇ مەسئۇدقا گاھ تائام ۋە شەربەت ئىچكۈزسە، گاھى يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ، زار-زار يىغلايتتى.

قىزنىڭ ئاتىسى تاڭ ئېتىش بىلەنلا مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، مەسئۇدنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن زىندان بېشىغا كەلدى. قارىسا، زىنداننىڭ ئېغىزى ئوچۇق تۇرۇپتۇ. زىندان قاراۋۇلى مەستلىك ئۇيقۇسىغا غەرق بولغىنىچە ياتاتتى. زىندانغا قامالغان كىشى ئاللىقاچان قېچىپ بولغانىدى. قەھرى-غەزەپكە تولغان بەللۇر زىندان قاراۋۇلىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئاندىن ئۇ جان ۋەھىمىسىدە يۈگۈرۈپ، جىپۇرنىڭ ئالدىغا باردى-دە، بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، جىپۇرنى غەم-ئەندىشە باستى. بۇ ئىككىسى ماتەمدار كىشىلەردەك ئۆلۈك-سۆلۈك ئۆچكەن هالدا بۇ ئىشقا چارە ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار مەسئۇدنى تېپىپ هالاك قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىنى ئىزدىدى. شەھەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن، تاغۇ-دەشتلەردىن ياكى سەھرالاردىن تاپىمىز، دەپ پۈتۈن سىپاھلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئىنتايىن جىددىي ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن يوقالغان كىشىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدى. ئاڭغىچە مەسئۇدنىڭ سالامەتلىكى بەللۇرنىڭ قىزىنىڭ ھۇجرىسىدا يېتىپ خېلى ئەسلىگە كەلدى. مەسئۇد ئۇ مېھرىبان قىز بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەسلىھەتى بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ، باشقا بىر تەرەپكە كېتىشكە قارار تاپتى.

قىز ئۇچقۇر شامالدەك تېز چاپىدىغان ئىككى ئاتنى تەييار قىلىپ قويغانىدى. شۇ ئاخشىمى ئىككىلىسى ئاتلىنىپ قاچتى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بەللۇر ئۆز قىزىنىڭمۇ مەسئۇد بىلەن بىللە قاچقانلىقىنى بىلىپ، بارلىق سىپاھلارنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تىرىشىپ كۆردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بارا-بارا بىر ياغاچتىن ئازراق مۇساپە قېپقالدى. مەسئۇد بىلەن قىز بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن ۋەھىمىگە چۈشۈشتى. بۇ ئىككى يارۇ-دوست جان قايغۇسىدا توختىماستىن قاچتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بارلىق سەۋەبلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان بۈيۈك تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر ئۇلۇغ دەريا كۆرۈندى. ئۇلار دەريا لېۋىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە پىنھان ساقلانغان بىر كېمە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كېمىچىنى چاقىردى. بۇ ئىككىيلەن كېمىچىنىڭ ئىش ھەققىنى دەرھال تۆلەپ، ئات-ئۇلاغلىرى

بىلەن كېمىگە چۈشتى. ئۇلار كېمىنى ئىزتىراپ بىلەن ئالغا سۈرۈپ شامالدەك تېز هەيدىدى. هايال ئۆتمەستىن قوغلىغۇچىلار ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى. قارىسا بۇ ئىككى هەمراھ كېمىگە چۈشۈپ، دەريادا كېتىۋېتىپتۇ. ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي دەريا ياقىلاپ تەرەپ-تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. لېكىن ئاخىر هەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدى. كەچكە يېقىنلاشقاندا ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئەلقىسسە، ئۇ ئىككىسى كېمە بىلەن ئون كېچە-كۈندۈز سۇ ئۈزدى. ئاندىن كېيىن خۇشال-خۇرام هالدا قىرغاققا چىقىشتى. ئۇلار دەرهال ئاتلىنىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر شەهەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ شەهەر پايتەخت ئىدى. ئۇلار تاڭغا يېقىن بىر كونا قورغانغا يېتىپ كەلدى. بۇ قورغاندا بىرنەچچە هارامزادىلەر ماكانلاشقانىدى. بۇ ئىككىيلەن يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ئۇلار هال-ئەهۋال سوراپ، بۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. بۇ ئىككىيلەننىڭ هەر بىرىگە ئۇ هارام تاماقلاردىن ئوندىن كىشى يامىشىپ، ئىككى ئاتنى ۋە پۈتۈن ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلار بۇ غەمقايغۇ قورغىنىدا ئاندىن تۇغما هالدا قىپيالىڭاچ قېپقالدى. تاڭ قاراڭغۇسىدا يېقىن ئەتراپتىن بىر توپ جامائەت ئۆتكەندەك بولدى. مەسئۇد ئۇ جامائەت تەرەپكە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ۋە هەمراھىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر كۈلپەتنى بايان قىلىپ، زار-زار يىغلىدى. بۇلارنىڭ ئەهۋالىغا ئىچ ئاغرىتقان ئۇ جامائەت ئىككى تال كونا كىيىمنى تاشلاپ بېرىپ، شەهەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئىككى بىچارە بۇ كىيىم بىلەن هەرهالدا ئەۋرەتلىرىنى يېپىپ، بىر ۋەيرانە خارابە ئىچىگە مۆكۈندى.

تاڭ ئاتتى. ئۇلار بۇ خارابە ئىچىدىن سىرتقا چىقىشقا ئۇيات قىلىپ، تاكى چۈش بولغۇچە ئولتۇردى. لېكىن قورساق ئاچلىقى بۇلارنى قىيناشقا باشلىدى. ئاچلىق ئازابىدىن ئۇ قىزنىڭ نازۇك جىسمىدا هېچ ماجال-قۇۋۋەت، ۋۇجۇدىدا هېچ چىدامتاقەت قالمىدى. مەسئۇد قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئازراق رىسقى تېپىپ كېلىپ ئۇ قىزنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن شەهەر تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. مەسئۇد بازار ئىچىگە كىردى. بۇ شەهەرنىڭ پادىشاهىنىڭ بەزمە-مەشرىپى ئۈچۈن بىر كىشى نەچچە تاۋاقتا هەر خىل زىبۇ-زىننەتلىك نان-توقاچلارنى يېقىپ تەييار قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر نەچچە داستىخان ئاش، بىرنەچچە سىۋەت يېمىش تەييارلىغانىدى. ئۇ كىشى كوچىدا جار سېلىپ:

— هەرقانداق ئادەم بىر پەتنۇس يېمەكلىكنى كۆتۈرۈپ، شاهنىڭ ئوردىسىغىچە يەتكۈزۈپ بەرسە، ئۇنىڭ ئىش هەققى ئۈچۈن بىر دەرەم پۇل بېرىمەن، — دەپ ۋارقىراۋاتاتتى.

مەسئۇد بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى-دە، بىر خون ناننىڭ كىراسىنى ئېلىپ، ناننى بېشىدا كۆتۈرگىنىچە كىراچىلار بىلەن بىللە يولغا كىردى. لېكىن ئاچلىق ئازابىدىن ئۇنىڭ جىسمىدا قۇۋۋەت قالمىغاچقا، ئەهۋالى ئىنتايىن خاراب ئىدى، قەدەملىرىنى مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران-ئاران يۆتكەيتتى.

مەسئۇد بۇ يوسۇندا يول يۈرۈپ بىر كەمدە شاھنىڭ چاھار بېغىغا يېتىپ كەلدى.

شاھ جۇنە بەزمە تۈزۈپ، ئۇد، بەربەتنىڭ نەغمە ئاۋازلىرىنى ئىشتىپ، پەيزىنى سۈرگەن ھالدا مەي ئىچىپ ئولتۇراتتى. شاھ بەزمىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، گاھ مەسئۇدنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ، چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۇنى سېغىناتتى. گاھى ئۇنىڭ غايىپ بولغانلىقىدىن قايغۇ ھەسرەتكە چۆكۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلاتتى.

مەسئۇد چاھار باغقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىراخورنىڭ قولىدا بىر گۈلگۈن ئات تۇرغانلىقىنى كۆردى. مەسئۇد ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئۆز تامغىسىنى تونىدى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا مەسئۇدنىڭ مېھمانغا سوۋغا قىلغان ئېتى ئىدى. مەسئۇد كۆڭلىدە: «ئۇ مېھمان مەن سوۋغا قىلغان ئاتنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھقا سوۋغا قىپتۇ-دە» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا مېھمانغا سوۋغا قىلغان گۈل يۈزلۈك كېنىزەكنىڭ چالغان چاڭ ئاۋازى ۋە بېيىت-غەزەل ئوقۇۋاتقان يېقىملىق ئاۋازىنى ئىشىتتى. بۇ يېقىملىق سادانى ئاڭلاپ مەسئۇدنىڭ جىسمىغا ئوت چۈشتى. كۆڭلى ئىنتايىن بىتاقەت بولدى. «ۋادەرىغ، ئۇ مېھمان مەن سوۋغا قىلغان مۇشۇ كېنىزەكنىمۇ بۇ يەرگە ئەكىلىپ، پادىشاھقا سېتىپتۇ-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە. مەسئۇد يەنە ئازراق مېڭىپ شاھنىڭ زىياپەت مەيدانىغا يېقىنلاشقانىدى، بەزمە مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ساقىينىڭ قولىدا ئۆزى ئەينى ۋاقتتا ئاشۇ مېھمانغا سوۋغا قىلغان جامنى كۆردى. «ئۇ مېھمان ھەتتا مەن سوۋغا قىلغان مۇشۇ جامنىمۇ بۇ يەرگە ئېپكېلىپ، بۇ پادىشاھقا سېتىپتۇ، ياكى سوۋغا قىپتۇ» دەپ ئويلاپ، كۆڭلى چەكسىز پەرىشان بولدى. مەسئۇد زىياپەتنىڭ تۆرىگە نەزەر سالدى. ئۇ يەردە ئولتۇرغان پادىشاھنى كۆرۈپلا تونۇدى. بۇ پادىشاھ ئەينى ۋاقتتا مەسئۇدنى زىيارەت قىلىپ بارغان مېھماننىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بىراق مەسئۇد ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تونۇشلۇق بېرىشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ: «مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەرسەم، ئۇنىڭدىن قىلغان ياخشىلىقىمغا ھەق تەلەپ قىلغان بولۇپ قالىمەن. ياكى قىلغان مېھماندارچىلىقىم ۋە ئادەمگەرچىلىكىمگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئىستىگەن بولۇپ قالىمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەكىرگەن نانىنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قويدى. ئۇنىڭ جىسمى بىر بۇردا نانغا شۇ قەدەر زار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، كۆز يېشى قىلغان پېتى باغدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەسئۇد سىرتقا چىققاندا تىرازدىن ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھقا سوۋغا قىلىنغان مال-مۈلۈكلەرنى ئەكىلىپ بېرىش ئۈچۈن كېلىپ، بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان خادىملار ئۇنى تونۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار مەسئۇدنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىغا-زارە قىلىشتى. مەسئۇدمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلدى. تاشقىرىدا يۈز بەرگەن بۇ شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىچكىرىدە شاھقىمۇ خەۋەر يەتتى. شاھ بۇنى ئاڭلاپ تاقەتسىزلىك بىلەن تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ

چىقتى. مەسئۇدنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن
شاھنىڭ كۆزلىرىگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ
بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ مەسئۇدنىڭ بويىنىنى
قۇچاقلىغان ھالدا كۆزلىرىدىن تارام - تارام
ياش تۆكتى. مەسئۇدمۇ شاھنىڭ ئايىغىغا
بېشىنى قويۇپ زار - زار يىغلىدى. يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇ نازىنىن كېنىزەك كۆزلـ
ىرىدىن قان - ياشلارنى تۆكۈپ، گۈلدەك
يۈزلىرىنى تىرمىلاپ قانىتىپ، مەسئۇدنىڭ
باشلىرىدىن ئۆرۈلمەكتە ئىدى. يىغا - زارە
بىر پەستىن كېيىن توختىدى، پادىشاھ
خادىملارغا بۇيرۇق قىلىپ:

— بۇ يىگىتنى ھامامغا ئېلىپ
بېرىپ يۇيۇندۇرۇپ، يولنىڭ چاڭ - توزانـ
لىرىدىن خالاس قىلىڭلار! — دېدى.

بىراق مەسئۇدنىڭ يۈرىكى ھەمراھىـ
نىڭ يولدا تارتقان رەنجۇ - مۇشەققەتلىرىـ
دىن كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ پادىشاھقا
بۇ ئەھۋاللارنىمۇ بىر پەس بايان قىلىپ،
ئۆز غەمگۇزارىنىڭ خارابىدە ئاچ - يالىڭاچ
ھالدا قېپقالغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ
بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كېنىزەكلەرنى بۇ
ئىشقا تەيىنلەپ, نەچچە تۈرلۈك گۈلگۈن
لىباسلارنى ۋە گۈل رەڭلىك مەپىلەرنى
تەييارلاتقۇزدى. ئاندىن بىرقانچە ئابرويلۇق
خوجىلار بىلەن گۈل يۈزلۈك پەرىلەرنى
خارابىگە ئەۋەتتى. ئۇلار قىزنى تېپىپ
گۈل رەڭلىك نەپىس لىباسلارنى كىيگۈزدى -
دە، مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ دەرھال ئېلىپ
كەلدى. ئۇلار مەپىنى باغ ئىچىدە توختىـ
تىپ، بەھرامىنىڭ ئۇ گۈل يۈزلۈك غەمـ
گۇزارىنى بەلكى جاندىن ئەزىز ھەمراھىنى
گۈل رەڭلىك قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرـ
دى. قەسىر ئىچىدە بىرقانچە گۈل يۈزلۈك
كېنىزەك ئۇ قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا

تەيىنلەندى. قىزنى شاھانە قەسىر ئىچىدە
كۈتۈشكە باشلىدى.

مەسئۇد ھامامدىن قايتىپ چىققانـ
دىن كېيىن گۈل رەڭلىك كىيىملەرنى
كىيگۈزۈپ جابدۇدى. ئاندىن شاھ ئۇنى
چاقىرتىپ كېلىپ، يەنە ئوغلىنى قۇچاقلىغانـ
دەك قۇچاقلاپ مۇبارەكلىدى. شاھ ئۇنىڭـ
دىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سورىدى. مەسئۇدـ
مۇ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى
تولۇق بايان قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان
پادىشاھ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. شاھ
مەسئۇدنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى
قىلىپ تاللىدى. كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭدىن
ئايرىلماي سۆھبەتلىشىدىغان بولدى. مەسـ
ئۇدقا يەنە ھەددۇ ھېسابسىز مال - دۇنيا
ۋە خەزىنىلەرنى بېرىپ، بىللە قېچىپ
كەلگەن گۈل يۈزلۈك قىزنى ئۇنىڭغا
نىكاھلاپ تويىنى قىلدى. ئاندىن كېيىن
تىراز شەھىرىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچـ
چە شەھەر بىلەن قوشۇپ مەسئۇدقا بېرىپ ئۇنى
بۇ يەرلەرگە ھاكىم قىلىپ بېكىتتى، ئاندىن
مەسئۇدنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە گۈل
رەڭلىك قەسىردە ئولتۇرۇپ گۈل چېچەكتى
ۋە گۈلگۈن شارابلارنى ئىچىپ، ئەيش-
ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. شاھ جۇنەنىڭ
ھۆكمى بىلەن جىپۇر ۋە بەللۇردىن ئىباـ
رەت بۇ ئىككى زالىم تۇتۇپ كېلىنىپ
ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن
يەر گۈل رەڭ تۈسكە كىردى. شاھ بىلەن
مەسئۇد ئۇچۇن باھار پەسلى يېتىپ
كېلىپ، ئۇلارنىڭ شادلىق گۈلشىنى ئېچىلدى.
دوستلار خۇشاللىق گۈلشىنىدە گۈل ئارىسىغا
غەرق بولدى. دۈشمەنلەر خارۇ - زارلىق
لايلىرىغا پاتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ
جاھان گۈلشىنىدىكى بارلىق گۈللەر ئىچىدە

تىرىكلىك گۈلشىنى ئەڭ ياخشىدۇر.

ئۇ مۇساپىر يۇقىرىقى سۆزلەردىن كېيىن ھېكايىسىنى تۈگەتتى. ئاندىن بەھرامغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مەن تىراز شەھىرىدىن، ئاشۇ مەسئۇدنىڭ نەسلىدىنمەن، — دېدى.

شاھ بەھرام ئۇ مۇساپىرنى تىراز شەھىرىگە ھاكىم قىلدى ۋە ئۆزىگە يېقىن سۆھبەتداش قىلىپ بېكىتتى، بۇ ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بەھرامنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى مەسئۇدقا كەلگەن تەلەيگە ئوخشاش بىر ئۇلۇغ ئۇيقۇ سېلى كەلدى.

چارشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ كۆك كىيىملەرنى كىيىپ، نىلۇپەرسىمان كۆك قەسىرگە كەلگەنلىكى؛ ئۇ يەردە ئاسمان رەڭلىك لىباسلارغا پۈركىنىپ، پىرۇزا رەڭ جامغا كۆك رەڭلىك شارابلارنى قۇيۇپ ئىچكەنلىكى ۋە «ئىچە-ئىچ!» سادالىرىنى بۇ نىلۇپەر رەڭلىك گۈمبەزدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى



سىرلىق مەنزىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ يېقىملىق ۋە غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، چارشەنبە كۈنى بۇ پەلەك نىلۇپەرى تۈن كارۋىنىنى سەپەرگە ئۈزىتىپ قويدى. قۇياشمۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇن لىباسلىرىنى زاھىر قىلىپ تۇغدى-دە، بارغانسېرى يۈكسەك ئاسمانغا قاراپ ئۆرلەپ، پۈتكۈل جاھاننى نىلۇپەر رەڭگە كىرگۈزدى. شاھ بەھراممۇ نىلۇپەر رەڭلىك لىباسلارنى كىيىپ نىلۇپەرسىمان قەسىردىن ئورۇن ئالدى. شاھ بەھرامغا ھەمراھ بولغۇچى ئاي يۈزلۈك پەرىمۇ نىلۇپەر

رەڭگىدىكى نەپىس كىيىملەرنى كىيىپ، گوياكى نىلۇپەر رەڭلىك ئاسماندا تۇغقان قۇياشتەك ئالەمنى روشەن قىلىپ جىلۋىلەندى. خۇددى نۇرلۇق قۇياش پەلەك ئەتلەسىنى كىيىپ، ئالەمنى يورۇتقاندەك بولدى. شاھ بەھرام پىرۇزا رەڭلىك جامنى قولىغا ئېلىپ نىلۇپەر رەڭلىك شارابلارنى ئىچىشنى باشلىدى. ئىچە-ئىچ بىلەن كۈن كەچ بولدى. بۇ پەلەك گۈمبىزى لاجۇۋەرد① تۈسىگە كىردى. بۇ لاجۇۋەرد رەڭلىك گۈمبەزنى كېچە رەڭگى ئىگىلىدى. پەلەك سەھنىسىدە يۇزلىگەن يۇلتۇز سەدەپلىرى نامايان بولدى. بۇ نۇرلۇق قۇياش تۈن دەرياسىغا گويا ئالتۇن قېيىقتەك چۆكۈپ كەتتى. شاھ بەھرام ئۇيقۇ ئارقىلىق ئۆزىگە تەسكىن بېرىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن بەزمىنى توختىتىپ، مەجلىس ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇردى. ئۇ پەرىمۇ گوياكى كەچكى قۇياشتەك پەردە ئىچىگە يوشۇرۇندى.

شاھ بەھرامنىڭ خادىملىرى ھەر كۈنلۈك ئادەت بويىچە سىرتقا چىقىپ بىر جاھانكەشتە مۇساپىرنى باشلاپ كىردى. ئۇلار مۇساپىرنى پەردە ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. پەردە ئىچىدىن:

— مۇساپىر ئەپسانە سۆزلەپ بەرسۇن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇ مۇساپىر ئالدى بىلەن شاھقا دۇئا ۋە تىلەكلەرنى ئادا قىلدى:

—بۇ يەتتە قات ئاسمان سېنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىر ئايۋانلىرىڭنىڭ يەتتە پەردىسى بولسۇن. جىمى پادىشاھلار سېنىڭ ھەيۋەتلىك بارگاھىڭنىڭ دەرۋازىۋىنى بولسۇن. بۇ پارلاق قۇياش سېنىڭ تاجىڭنىڭ ئۈستىدىكى نۇرلۇق گۆھەر بولسۇن. بۇ ئايلانغۇچى پەلەكمۇ بېغىڭدىكى نىلۇپەر گۈللىرىڭ ئورنىدا پورەكلەپ ئېچىلسۇن.

## بەشىنچى ئىقلىم پولىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇساپىرنىڭ سۆزلىگەن داستانى

ئۇ مۇساپىر ھېكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

ئەدەن شەھىرىدە بىر رەھىمسىز زالىم كىشى بار ئىدى. جەبىر-زۇلۇم قىلىشتا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى ئۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا ئورۇنلاشقانىدى، جاسارەت ۋە شىجائەتتە گويا جەزىرىدىكى شىر، يولۋاستەك ئىدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھارامدىن مال-دۇنيا يىغىشتىن ئىبارەت ئىدى. قاپ يۈرەكلىكىدىن ئۆزىگە ھېچكىمنى ھەمراھ قىلماي يالغۇز يۈرۈپ، خالايىقلارنى بۇلاپ-تالايتتى. كارۋانلاردىن ئەگەر يۈزلىگەن كىشى بىراقلا كەلسىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يەككە-يىگانە ھالدا روبىرو بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھۈنىرىنى شور دەرياسى ئىچىدىمۇ داۋام ئەتكۈزەتتى. دەريا قىرغىقىدا ئۇ بىرنەچچە قېيىقنى تەييارلاپ يوشۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە مۇلازىمى قېيىقلاردىن خەۋەر ئالغاچ دەريانى كۆزىتەتتى. ئۇلار ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە دىققەت قىلاتتى. دەريادا ھەرقانداق كېمە كۆرۈنسە ئاشۇ زالىمغا خەۋەر قىلاتتى. ئۇ زالىم قېيىقىغا چىقاتتى-دە، سۇ ئۈستىدە گوياكى قۇشتەك چاققانلىق بىلەن ئۈزۈپ، ھايت دېگۈچە

① لاجۇۋەرد — توق كۆك رەڭلىك بىر خىل تاش.

كېمە ئەھلىنىڭ يېنىغا يېتىپ باراتتى. ئۇ
قانخور كېمىگە چىقىپ، كۆڭلى نېمىنى
خالىسا، شۇنى قىلاتتى. بارلىق مال ـ مۈلۈك ـ
لەرنى بۇلاپ ـ تالاپ مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنى
هالاك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ دەريا ئىچىدە
لەھەڭدەك، جاڭگاللاردا بولسا قارا بوراندەك
يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى جابىر ئىدى.
كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ دەريا ۋە دەشت ـ
لەرنى كەزگۈچى كارۋان ـ سودىگەرلەر
ئىچىدە ئۇ «قاراقچى جابىر» دېگەن نام
بىلەن مەشھۇر ئىدى. شور دەرياسى ئىچىدە
بىر ئارال بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ
كەڭلىكى بىر ياغاچ چامىسىدا كېلەتتى.
لېكىن ئۇ ئارالغا ھېچكىم بېرىپ باقمىغان،
ئۇنىڭ قىرغاقلىرىنىمۇ ھېچ كىشى كۆرۈپ
باقمىغانىدى. يىراقتىن قارىغاندا ئۇ
قۇرۇقلۇق گويا كى سۇدەكلا كۆرۈنەتتى.
شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇ يەردە سۇدىن
ئۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئارال ـ
دا سان ـ ساناقسىز دەل ـ دەرەخلەر قىشمۇ
ياز كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ئوت ـ
چۆپ ئورنىدا پۈتۈنلەي نىلۇپەر گۈللىرى
ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇ ئارال قاراقچى جابىر ـ
نىڭ مەنزىلگاھى ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى
تاپقان بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى شۇ يەرگە
يەتكۈزۈشۈپ بېرەتتى. ئۇ ئارالدىكى ئور ـ
مان ئىچىدە سۈيى ناھايىتى لەززەتلىك
بىر بۇلاق بار ئىدى. جابىر ئۇنىڭ سۈيى ـ
دىن پايدىلىنىپ، بۇ ئورۇندا جەننەتتەك
بىر گۈلىستاننى بىنا قىلغانىدى. ئۇ
قاراقچىنىڭ تۇرىدىغان ئورنى خۇددى جەن ـ
نەت سارىيىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئەلقىسسە، ئۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشا ـ
ھى بار ئىدى، ناھايىتى دانىشمەن ۋە
ساخاۋەتلىك ئىدى. شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتى
شۇنىڭ قولىدا ئىدى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ
پەرمانىنى تۇتاتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئېتى
نەۋدەر بولۇپ، ئۆزىمۇ زامانىسىنىڭ نادىر
كىشىسى ئىدى، ئۇنىڭ زېھنى ساغلام ئىدى.
ھەممە ئىشقا قۇدرىتى يېتەتتى، ئۇ پادىشاھ ـ
نىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ھېچ ئادەمزات
ئۇنىڭدەك گۈزەل قىزنى كۆرۈپ باقمىغا ـ
نىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى
گۈزەللىك بېغىدىكى نازۇك سەرۋى دەرىخى ـ
نىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى كۆر ـ
گەن سۇمبۇل تاقەت قىلالماستىن تولغىنىپ
چېگىشلىشىپ كەتكەن، باغدا غۇنچىلار
ئۇنىڭ ئاغزىنى كۆرگەنىدىن كېيىن گەپ
قىلالماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ
چېھرى گويا مەشئەلدەك جاھاننى يورۇتات ـ
تى، ئۇ مەشئەل ئۆز شولىلىرىنىڭ ھارا ـ
رىتى بىلەن جانلارنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ
ئۆرۈم ـ ئۆرۈم چاچلىرى قۇياش بويىنىغا
سىرتماق سالاتتى، ئۇنىڭ جامالىغا پەلەك
مېھرى (قۇياشى) شەيدا ئىدى، ئۇ قىزنىڭ
ئېتىمۇ مېھرى ئىدى.

ئۇ قىز بىر كۈنى دەريا لېۋىگە كې ـ
لىپ، سۇغا ناز بىلەن كۆز تىكتى. ئۇ دەريا
دولقۇنلىرىنى كۆرۈپ، سەيلە ـ تاماشا قىلىش
ئۈچۈن، گويا كى ھىلال ئاي ئىچىگە ئورۇن ـ
لاشقان سائادەت يۇلتۇزىدەك كېمە ئىچى ـ
دىن ئورۇن ئالدى. ئۇ كېمە ئۈستىدە
قىرغاققا يېقىن ئەتراپلارنى ئايلىنىپ سەيلە
قىلىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇسات ـ
تىن بىر تەتۈر شامال كەلدى ـ دە، كېمىدى ـ
كىلەر بۇنى سېزىپ ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ
بولغۇچە بارغانسېرى كۈچىيىپ، شىددەتلىك
تۇس ئالدى. شامال ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە
بورانغا ئايلىنىپ، كېمىنى خۇددى شامال ـ
دەك تېز سۈرئەت بىلەن دەريا ئىچىگە

سۇرۇشكه باشلىدى. كېمىچىلەر داد ـ پەرياد سېلىشىپ ياقىلىرىنى يىرتىشقان هالدا:

ــ بۇ ئىشتا بىزگه قادىر ئىگىمىز ئۆزى رەھىم قىلمىسا، جاندىن ئىلكىمىزنى يۇماقتىن باشقا چاره يوق، ــ دەپ ناله ـ زار قىلىشتى.

بوران كېمىلەرنى شۇ يوسۇندا نەچچه كېچه ـ كۈندۈز سۈرۈپ بىر يەرگه ئېلىپ بارغاندىن كېيىن توختىدى. شۇ ئەسنادا جابىرنىڭ پايلاقچىلىرى بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، بۇ ئەھۋالنى جابىرغا يەتكۈزدى. كېمىدىكىلەر ئەمدىلا دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغا، قانخور جابىر قېيىقتا ئولتۇرۇپ، بۇلار تەرەپكه يېتىپ كەلدى. ئىككى ئارىدا جەڭ باشلاندى. كېمىدىكىلەرمۇ جابىر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، لېكىن جابىرنىڭ بۇلار تەرەپكه قارىتىپ ئاتقان ئوقلىرى هېچ زايا بولماستىن دەل تېگىپ، كېمىدىكىلەرنى قانغا بويىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قانلىرى دەرياغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. بۇ كېشىلەرنىڭ تولىسى هالاك بولۇپ، قالغانلىرى ناله ـ پەرياد قىلغان هالدا ئۇنىڭدىن ئامانلىق تىلىدى. جابىر بۇلارنى كېمىسى بىلەن ئالدىغا سېلىپ، ھەممىسنى سۈرۈپ، توقاي قىلىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئارالغا ئېلىپ باردى. ئاندىن كېمىلەرنى قىرغاققا باغلاپ، ئۇنىڭدىكى ماللارنى ئارال ساھىلىغا چىقاردى. لېكىن جابىر تېخىچه مېھرىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ توساتتىن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان مېھرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلدى. ئۇ بىردەم ئۆلۈكتەك بىھوش ياتقاندىن كېيىن يەنه ھوشىغا كېلىپ، مېھرىگه نەزەر سالغاندى، شۇ هامان يەنه ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئەھۋال نەچچه قېتىم تەكرار يۈز بەرگەندىن كېيىن جابىرنىڭ هېچ ماجالى قالمىدى. مېھرى تەرەپكه يەنه قاراشقا پېتىنالمىدى، جابىرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن بۇ زۆھرە يۈزلۈك قىز باغ ئىچىگه ئېلىپ كېلىنىپ، قەسىر ئىچىگه ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ ۋە سىرداش بولۇش ئۈچۈن كېمه ئەھلى ئىچىدىن بىر ـ ئىككى گۈل يۈزلۈك قىزنى ئېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا قالدۇردى. قالغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جانلىرىغا ئامانلىق بېرىپ مەخسۇس كېمه تەييارلەپ ئۇلارنى چىقاردى ـ دە:

ــ ئەگەر سىلەرگه جان كېرەك بولسا، ئۆز مەملىكىتىڭلارغا يېنىڭلار! ــ دېدى.

ئۇلارمۇ قورققانلىرىدىن كېمىسىنى هاپىلا ـ شاپىلا دەرياغا سۈرۈپ، جابىرنىڭ كۆزىدىن يىراقلاشتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك مېھرى بۇ ئارالدا خۇددى زۇلمەت ئىچىگه غەرق بولغان يۇلتۇزدەك قېپقالدى. جابىر ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى خۇشال بولاتتى. كۆڭلىدە ۋىسال ئۈمىدىنى كۆزلەيتتى. مېھرىنىڭ كۆزلىرىگه كۈندۈزمۇ قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى گويا قۇياشتەك ئۆرتەنمەكته ئىدى.

ئەلقىسسه، يەنه بىر چوڭ ئارالدا گوياكى پىردەۋس جەننىتىدەك گۈزەل بىر شەھەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىنلىرى كەۋسەر سۈيىدەك ئىدى، هاۋاسى بېھىش هاۋاسىدىن نەمۇنه ئىدى. گۈلشەنلىرى شەپەقتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شەھەردە بىر پادىشاھ بار ئىدى، ھۆكۈمەت ئىشىدا ناھايىتى ئادىل تەدبىرلىك ئىدى، شاھنىڭ ھىممىتىنىڭ ئالىيلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مەملىكىتى چەكسىز مەمۇرچىلىققا ئېرىشكەن

ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىپتى نۇئمان ئىدى. يۇرتىنىڭ ئىسمى يەمەن ئىدى. شاھنىڭ تالانتى ۋە ئادالىتى بىلەن ئۇ يۇرت گويا جەننەت گۈلىستانىدەك گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل بىر ئوغلى بار ئىدى. ئىنسانىيەت ئىچىدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن گۈللەر خىجالەتتە، كىپىكلىرىدىن بويلىرىدىن سەرۋىلەر ھەيرانلىق ۋە داغۇ ھەسرەتتە ئىدى. بارچە ھۈنەر ۋە پەزىلەتتە ئۇنىڭغا يېتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى سۇھەيل بولۇپ، بۇ سۇھەيل① نىڭ كۆڭلى ئۇ مېھرى (قۇياش) نىڭ چاچلىرىغا باغلانغانىدى.

مېھرىمۇ ئۆزىنى ئۇنىڭ جۈپلۈكىگە ئاتىغانىدى. ئۇ ھەمىشە سۇھەيل تەرەپكە ئىنتىلەتتى. سۆيگۈ ئوتلىرى بارغانچە ئۇلغىيىپ، ئۇ يىگىتنىڭ ۋىسالىغا جان بېرىپ خېرىدار بولۇشقا يەتكەنىدى. پىراق ھىجران ئازابى ئۇنىڭ قەلبىنى يارا قىلىپ جابىرنىڭ بېغى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر زىندان بولدى. ئۇ يەردە خىلمۇ خىل دەرەخلەر بىلەن نىلۇپەر گۈلىدىن باشقا ھېچ نەرسە، ھېچ گۈل يوق ئىدى. قىز ئۇ يەردە نىلۇپەر گۈلىدەك ماتەمدار بولدى. ئۇ كۆز ياشلىرى بىلەن نىلۇپەرزارنى سۇغىراتتى، ئاھ ئوتلىرى بىلەن نىلۇپەرلەرنى قۇرۇتۇپ، غەمگە سالاتتى. مېھرى ئاشۇ غەمكىن نىلۇپەر گۈللىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۆزىمۇ نىلۇپەر رەڭلىك لىباسلارنى كىيىپ، يارىنىڭ ھىجرانىدا يىغلايتتى.

بۇ نەيرەڭۋاز پەلەكنىڭ بۇلارنى ھىجران ۋە پىراق ئازابىغا دۇچار قىلىشىدىكى سەۋەب سۇھەيلنىڭ ئاتىسى ئۇلارنىڭ نىكاھىنى كېيىنگە سۈرگەنلىكتىن ئىدى. سۇھەيلنىڭ ئاتىسى: «ئەمدى بۇلارنىڭ نىكاھ بەزمىسىنى تۈزىدىغان ۋاقىت كەلدى» دەپ ئويلاپ، قانچىلىغان كېمىلەرگە توي جابدۇقلىرىنى ئالدى. بۇ جابدۇقلار ئىچىدە كىشى خىيالىغا كەلتۈرىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلار نەۋدەر شاھنىڭ مەملىكىتىگە بېرىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق بىلەن ماڭسا يول يىراق دەپ ئويلاپ، سۇ يولى بىلەن سەپەرگە چىقتى. سۇھەيلمۇ مېھرى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە نىكاھ ئىشلىرى ئۈچۈن جابدۇنۇپ، گوياكى ھىلال ئايدەك گۈزەل بىر كېمىگە كىردى.

مېھرى دەرياغا سەيلە ئۈچۈن كىرىپ بوران ئۇنىڭ كېمىسىنى ئېلىپ قاچقان كۈنى سۇھەيلنىڭ ئادەملىرىنىڭ كېمىسىگىمۇ بوران كېلىپ ئۇرۇلغىلى تۇردى، بارا-بارا كېمە بوراندا خۇددى دەريادىكى خەس-خەشەكتەك بىر تەرەپكە قاراپ سۈرۈلدى. گاھىدا خەتەرلىك دولقۇنلار كېلىپ كېمىگە ئۇرۇلاتتى. كېمە قاينام ئىچىدە گاھ يۇقىرى، گاھ تۆۋەنگە قاراپ سۈرۈلەتتى. ھېلى ئېگىزگە ئۆرلىسە، ھېلى پەسسىيەتتى، ئۇلار شۇ تەرىقىدە نەچچە كۈنگىچە سۇ ئىچىدە سەرسان-سەرگەردان، ۋەھىمە ئىچىدە ئەقىللىرى ھەيران ۋە ۋە چىرايلىرى سامان، ياق، بەلكى زەپىران بولغان ھالدا تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈشتى، كېمە ئاخىر بىر جايغا يېتىپ بارغاندا، جابىرنىڭ پايلاقچىلىرى كۆرۈپ قېلىپ،

① سۇھەيل — بىرياقىن يۇلتۇزنىڭ نامى. بۇ يۇلتۇز يەمەندە ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، «يەمەن سۇھەيلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئاپتور بۇ يەردە ئادەم ئىسمى بىلەن يۇلتۇز ئىسمىنى ئوخشاش ئېلىپ سۆز ئويۇنى قىلغان.

ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى. جابىر دەرھال بىر قېيىققا ئولتۇرۇپ بۇ مۇساپىرلارنى ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىش ئۇچۇن يولغا چىقتى. توساتتىن يېتىپ كەلگەن جابىر سۇھەيلنىڭ كېمىسىگە قاراپ ھۇجۇم قىلدى. سۇھەيلمۇ چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. ئۇلارجەڭباشلىغىنىدا سۇ ئىچىدە ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر ھاسىل بولدى. جابىر قانچە ۋەھشىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلسىمۇ، لېكىن سۇھەيل ئۇنىڭ ھەربىر زەربىلىرىنى رەت قىلىپ تۇراتتى. سۇھەيلمۇقانچە دەھشەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتسە جابىر ئۇنى رەت قىلاتتى. بۇ ئىككىسىلەن چاققانلىق ۋە كۈچ‐قۇدرەتتە بىر‐بىرىنى بېسىپ چۈشەلمەس ئىدى. جابىر بارا‐بارا بۇ ئىشنىڭ ئانچە ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. ئۇ گەرچە تېخى يېڭىلمىگەن بولسىمۇ ئەمما يېڭەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ھېچقاچان بىرۋۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بۇنداق ئاجىز ھېس قىلىپ باقمىغانىدى، جابىر ئاخىر بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىش ئۇچۇن ھىيلە‐نەيرەڭ ئىشلىتىشنى قولىغا ئالدى‐دە، يالىڭاچلىنىپ سۇغا سەكرىدى. ئۇ سۇئاستى بىلەن كېلىپ سۇھەيلنىڭ كېمىسىنىڭ تېگىگە كىردى، ئاندىن كېمىنىڭ ئاستىنى تىغ بىلەن يېرىپ تاختىلىرىنى سۇندۇرۇپ پارە‐پارە قىلىۋەتتى، كېمىنىڭ ئاستىنى نودەك ئېچىۋەتتى. سۇھەيلنىڭ كېمىسىگە سۇ كىرىپ كەتتى. سۇھەيل ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇ جابىرنىڭ خۇددى ئەزرائىلدەك شىددەت بىلەن بېسىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى قانچە ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ لېكىن چارە قىلالمىدى. سۇھەيلنىڭ كېمىسىگە سۇ توشۇپ كەتتى، كېمە ۋە كېمە ئەھلى بىراقلا سۇغا غەرق بولدى. سۇھەيل قاينام ئىچىدە جاندىن ئىلكىنى يۇيۇپ ھالاكەتكە تەن بەردى، بىراق جابىر ئۇنىڭ ئۇستىگە گويا لەھەڭ بېلىقىنى يۇتۇش ئۇچۇن قەست قىلغانىدەك شىددەت بىلەن بېسىپ كەلدى. ئۇ سۇھەيلنىڭ قولىنى تارتىپ ئۆزىنىڭ قېيىقىغا سىلىپلا قول پۇتلىرىنى سىرتماق بىلەن مەھكەم باغلىۋالدى. جابىر يېنىشقا تەرەددۇت قىلغاندا سۇھەيل ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى قەددىقامىتى پۈكۈلۈپ، قول‐پۇتلىرى باغلانغان، جابىرنىي ئۇستىدە ئۆتكۈر قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرغان ھالدا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ناتىۋانلىقىغا يۈزمىڭ ھەسرەت، تۈمەنمىڭ نادامەتلەر چەكتى.

— ھەي تۇتقۇن، — دېدى جابىر ئۇنىڭغا، — جەڭ كەسپىدە ھېچ كەمچىلىكىڭ يوقكەن. مەن دەريادا مىڭلىغان كىشىلەرگە دۇچ كەلدىم، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا سېنىڭدىكىدەك جۇرئەتنى كۆرمىگەنمەن. شۇ سەۋەبتىن ساڭا ئىخلاس قىلدىم ۋە قاينام ئىچىدە چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىڭدا قېشىڭغا كېلىپ، سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇم. گەرچە سېنى ئۆلتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپمىغان بولسامۇ، لېكىن قويۇۋېتىشنىمۇ لايىق كۆرمەيمەن. چۈنكى سەن قولۇمدىن خالاس بولۇپ، بىرىپ بىرەر پادىشاھقا سىپاھ بولۇپ قالساڭ، ئادەم باشلاپ كېلىپ، مەندىن ئىنتىقامىڭنى ئالماي قويمايسەن. دائىم مېنىڭ ئەدىپىمنى بېرىشنىڭ كويىدا بولىسەن. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، سېنى باغلاقتىن بوشاتماي ساقلايمەن. ئەگەر ئۆلسەڭ ئۆلىسەن، ئۆلمىسەڭلا باغلاق ئىچىدە بولىسەن.

سۇھەيل ئۆزىنىڭ ئاجىز، ناتىۋانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، قانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئاداۋەتخور زالىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى

جاۋابسىز قالدۇردى. جابىر قىيىنقىنى ھەيدەپ، سۇھەيلىنى ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولغان ئاشۇ ئارالغا ئېلىپ باردى، ئۇ يەردىكى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بىر قۇدۇق بار ئىدى. جابىر كىمگە جەبىر - زۇلۇم سالماقچى بولسا، ئۇنى ئاشۇ قۇدۇق ئىچىگە تاشلايتتى. سۇھەيلىنىمۇ ئاشۇ قۇدۇققا تاشلاپ، شۇنداق مۇستەھكەم بېكىتتىكى، ئۇ يەردىن چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر كۈنلۈكى ئىككى نان، بىر ئۇرۇقتا سۇ بېرىلەتتى. قۇدۇق ئىچىدە بىچارە سۇھەيل سولانغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە بولسا سۇھەيلنىڭ دىلبىرى مېھرى ئورۇنلاشقانىدى، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالى ئاشۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ تۇردى.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەل - يۇرت، قېرىنداشلىرىغا كېلەيلى:

ئەلقىسسە، جابىر مېھرىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلار جان قۇتقۇزغىنىنى غەنىيمەت بىلىشىپ، سۇ يۈزىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، شامالدەك تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ئېلىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھەممىسى نىلۇپەر رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشىپ، ماتەمدار بولۇشتى. مېھرىنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ مېھرى يوقالغان كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ غەم - قايغۇسىدا نىلۇپەرسىمان ماتەم لىباسلىرىنى كىيگەن، شاھنىڭ پۈتكۈل قوشۇنىمۇ نىلۇپەر تۈسلۈك ئىگىنلەرنى كىيىشىپ، ھازا ئېچىشقا باشلىغانىدى. مېھرى بىلەن بىللە كەتكەن كىشىلەر نىلۇپەر رەڭگىدىكى قارىلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ، غەم - قايغۇغا پاتقان ھالدا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يېڭىباشتىن شۇنداق بىر ھازا باشلاندىكى، دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت دېگەننىڭ چەك - چېگرىسى قالمىدى. نەۋدەر شاھنىڭ باغرىغا ھىجران نەشتەرلىرى سانجىلدى. ئۇ قىزىنىڭ ئىز - دېرىكىنى سورىغىنىدا، قايتىپ كەلگەن كېمىچىلەر يۈز بەرگەن ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلىشتى. شاھ بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم ھەسرەتلىك نالە - پىغانلارنى چېكىپ زار - زار يىغلىدى. پۈتكۈل جاھان ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇ بولغاندەك سېزىلدى. شاھ نەۋدەر ئاخىرى: «يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق، ھەر قانچە نالە - پەرياد چەكسەممۇ ئىش پۈتمەيدۇ. ئەمدى يا بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن، ياكى بولمىسا قولۇمغا تىغنى ئېلىپ ئۆز باغرىمنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايمەن» دېگەن قارارغا كەلدى. نەۋدەر شاھ قولىغا قەلەمنى ئېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن بۇ ھادىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، بىر پارچە خەت يازدى. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«تەڭرىنىڭ تەقدىرىگە ئىلاج يوق. ئەمما دەرد بەرگەن تەڭرى ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ بىرگە بېرىدۇ. مۈشكۈلچىلىكنى ياراتقان خۇدا ئۇنىڭ چارە - تەدبىرىنىمۇ بىللە يارىتىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ئىنتىقامىدىن ئۆزگە ھېچبىر ئىلاجى يوق. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساق بىزگە تىرىكلىك ھارامدۇر. مېھرى مېنىڭ جىگەر پارەم بولسا، سېنىڭمۇ جانىجان پەرزەنتىڭ ئىدى. ئۇنىڭ دۈشمەن قولىدا مەھبۇس بولۇپ قالغانلىقى مەن ئۈچۈنمۇ، سەن ئۈچۈنمۇ بىر نومۇستۇر. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى شۇكى، ئىككىمىز لەشكەر يىغايلى. ئەزىز پەرزەنتىمىز سۇھەيلنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ئىش كېلىدۇ. مېھرى

بولسا ئۇنىڭ ئۆز ھەقـقىدۇر. بۇ تەتۇر پەـ
لەك بىزگە بۇ پاراكەنـدىـچـلـىكـنى ساـ
دى. ئەمدى بىز مۇنداق قىلايلى: سۇھەيل
ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، سۇ ياقىسـىـدىكى
قۇرۇقلۇق يولى بىلەن يـۈرۈپ، جابىر ئوـ
رۇنلاشقان ئارالغا يېتىپ بارسۇن. مەنـمۇ
قورال - ياراق، لەشكەر - سىپاھلىرىمنى توپـ
لاپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ، سۇ يـولى بىلەن
ئۇ يەرگە شامالدەك تېز يېـتىپ بارىمەن.
سۇھەيل قۇرۇقـلۇق يـولى بىلەن بـارسا،
بىزمۇ ۋەدىلەشكەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ تەرەپـ
تىن قۇرۇقلۇققا چىـقىمىز - دە، ئىككى قوـ
شۇن بىلەن ئۇنى قاپساپ تۇرۇپ، ئاداۋەت
جېڭى قىلىـمىز. ئەگەر بىز ۋەدىـلىشۋالاـ
ساق، بۇ ئىشىمىز تىرىشچانـلىق بىلەن ئەـ
مەلگە ئاشقۇسى، مېـھرىمۇ ئۇ زالىم جابىرـ
نىڭ چاڭگـىلىدىن قۇتۇلـغۇسى. ئەگەر بۇ
مەسلىھىتىم ساڭا خۇپ كەلمىسە، ماڭا خەت
يېزىپ ئۇچۇرىنى بىرىۋەتكەيسەن. ئۇ هالـ
دا مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ يالغۇز بېشىمغا چۈشـ
كەنلـىكىنى بىـلىپ، باشقىدىن پىلان تۈزـ
گەيمەن.»

نەۋەر شاھ بۇ مەكتۇپنى شاھ نۇئـ
مانغا ئەۋەتتى.

شاھ نۇئـمان بۇ خەتنى ئوقۇغانـدىن
كېـيىن بۇ ئاجايـىـب هادىـسىدىن تولۇق
خەۋەر تاپتى. ھەددىـدىـن تاشقىرى غەم -
ئەلەمـگە پاتـتى. «بۇ پەلەكـنىڭ زۇلمـىنى
كۆرمەمدىغان» دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن تارام -
تـارام ياش تۆكۈپ. پادىـشاھ نۇئـمان بۇ
خەتتىن يەنە ئۆز ئوغلـىنىڭ بىرەر هادىسە
تۈپەيلىدىن نەۋەر شاھ ئىلىكىگە بارالمىغانـ
لىقىنى، ئۆز ئارزۇسـىغا يېتەلمەي، مۇساپىرـ
لىق ۋە غېرىـبلىق قازاسىغا دۇچار بولغانـ
لىقىنى سېزىۋالـدى. بۇ ئىككى غـەم شاھ
نۇئمانىنى قىيناشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا ماتەم
ئۈستىگە ماتەم يۈزلەنـدى. شاھ كۆڭـلىدە:
«سۇھەيلدىن ھېچ ئىز - دېرەك بولـمىدى.
بىلمىدىم، ئۇ نېمە سەۋەبـتىن ئەدەن شەـ
ھىرىگە يېتىپ بارالمىـدىكىن، پەلەك زۇلـ
مىدىن ئۇنىڭغا قانداق هادىـسىلەر يۈزلەنـ
دىكىن» دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئويلىـ
غانسېرى ئۇنىڭ پىكىر - خىياللىرى تېخىـ
مۇ كۆپەيمەكتە، تېخىمۇ ۋەھىمىلىك تۈس
ئالماقتا ئىدى. پادىشاھ ئاخىر قولىغا قەلەم ئېـ
لىپ، خەتنىڭ جاۋابىنى يېزىشقا كىرىشتى:

«سېنىڭ مېھرىڭگە يەتـكەن خېـيىم -
خەتەرلەرنى بايان قىلىپ يازغان خېتىـڭدىن
بېشىمغا ئوت چۈشتى. چەكسىز قايغۇردۇم.
ئەمدى قايغۇ ئوتلىرىدا كۆيۈپ ئۆرتەنگەن
بىلەنمۇ پايدىسى يوق. مەسـلىھەت شۇكى،
سەنمۇ ئۆز پىلانىڭ بويىـچە دەريا قىرغىـ
قىنى بويلاپ، قۇرۇقلۇق يـولى بىلەن يۈـ
رۈش قىلغىن. سۇھەيلدىن سۆز ئاچمىغىن.
چۈنكى بۇ سۆزۈڭ بىلەن يۈرەكلەرنى جاراـ
ھەت ئۈسـتىگە جاراھەت قىـلمىغىن. يارا
ئۈستىگە تۇز سەپـمىگىن. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى
بىلگۈڭ كەلسە، سۇھەيل سېنىڭ تەرىپىڭگە
قاراپ يولغا چىـقىپ كەتـكىنىگە ئالتە ئاي
بولدى. ئۇنىڭ شۇنـچە ئۇزۇن ۋاقىت هاـ
يال بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ تۈگىـ
شىپ كېتەيلا دېـدۇق. سەن قۇرۇقلۇق يوـ
لى بىلەن قوشۇن تارتقىن، مەن كېمىلەرگە
چۈشۈپ سۇ يولى بىلەن لەشـكەر تارتاي.
بەلكىم دەريا ئىچىدە ئۇ يوقالغان گۆھىرىـ
دىن بىرەر ئىز - دېـرەك تاپارمەن. مەيلى
ئۇنى تاپاي ياكى تاپـماي، هامان سېـنىڭ
تەرىپىڭگە قاراپ ئىلگىرىلەۋېرىمەن. بىزنىڭ
باشلىغان بۇ ئىشىمىزغا تەڭرى يار - يۆلەكـ
تە بولۇپ، ئاندىن قالـسا، ئىككى قوشۇن

ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئۇ هارامزادە جابىر-
دىن چوقۇم ئۆچ ئالىمىز. ئۇنىڭ بوغمىزىغا
ئاداۋەت قىلىچىنى سۇرۇپ، تېگىشلىك جا-
زاسىنى بېرىمىز. ۋەدە بويىچە پالان كۈنى
پالان سائەتتە ئىككى تەرەپ تەڭلا يولغا
چىقىمىز. سەنمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ،
ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغايسەن.»

شاھ نۇئمان خەتنى يېزىپ تۈگەتكەن-
دىن كېيىن، ئۇنى بىر كىشىدىن شاھ نەۋ-
دەرگە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى خەتنى شاھ
نەۋدەرگە يەتكۈزدى. شاھ نەۋدەر خەتنى
ئوقۇپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ۋەدە
قىلغان ۋاقىت ئىچىدە لەشكەر تارتىپ، نۇئ-
مان شاھ يۈرگەن تەرەپكە قاراپ راۋان
بولدى. ئىككى پادىشاھ بىرى دەريا بىلەن،
يەنە بىرسى قىرغاق بويلاپ چاقماق تېز-
لىكىدە يۈرۈش باشلىدى.

شاھ نەۋدەر نەچچە كۈنلۈك مۇساپە-
نى بېسىپ ئۆتۈپ، دۈشمەنگە يېقىن جاي-
دىكى بىر جاڭگالغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر
پايانسىز كەتكەن ئورمانلىق ئىدى. دۈشمەن
ئورۇنلاشقان جايغا بېرىش ئۈچۈن بىر مەن-
زىللا ئارىلىق قالغانىدى. ئۇ جاڭگالنىڭ
يوللىرى ناهايىتى خەتەرلىك بولۇپ، مې-
ڭىش مۈشكۈل ئىدى. ئۇلار دۈشمەن ئار-
قىمىزدىن كېلىپ قالمىغىيدى، دەپ ۋەھى-
مە قىلاتتى. ئورمان-چاتقاللارنى كېسىپ،
ئالدىدا يول ئېچىپ مېڭىش ئۈچۈن قوشۇن
تەييارلىنىپ، ئالدىدا ماڭدۇرۇلدى. بۇ جاڭ-
گالدا ئوۋ هايۋانلىرى، خۇسۇسەن كىيىك
ۋە بۇغا-مارال‌لار ناهايىتى كۆپ ئىدى.
شاھ نەۋدەر ئوۋ ئىشلىرىغا ئىنتايىن ھېرىس-
مەن ئىدى. ئوۋ ئۇچراش بىلەنلا ئۇنى
قولغا چۈشۈرۈپ بولاتتى. شاھ بۇ يەردە
ئۆزىنى ياتلارنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ ئور-
مان ئىچىدە يالغۇز كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ
ئالدىغا تۇساتتىن بىر گۈل رەڭلىك بۇغا
ئۇچراپ قالدى. شاھ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
قوغلاشقا باشلىدى، بىراق ئوق ئېتىشقا
ھېچبىر ئېپىنى تاپالمىدى. بۇغا جاڭگال-
نىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قاچتى. بۇ جاڭ-
گالنىڭ يوللىرى ئىنتايىن تار بولغانىنىڭ
ئۈستىگە، يەنە يولدا چاتقال ۋە شاخ-
شۇمبىلار چىرمىشىپ كەتكەنىدى. شاھ
بۇغا ئارقىسىدىن قوغلاش ئۈچۈن بىر چى-
غىر يولنىمۇ تاپالماي تاقىتى تاق-بول-
غان هالدا بىر-ئىككى قېتىم ئوق ئۈزدى.
بىراق ئوق خاتا كېتىپ، بۇغىغا تەگمىدى.
پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئوۋغا بېرىلىپ كەت-
كەن پادىشاھ بۇ يەردە دۈشمەندىن ئېھ-
تىيات قىلىش كېرەكلىكىنى پۈتۈنلەي ئې-
سىدىن چىقىرىپ قويدى. نەتىجىدە بۇغى-
نىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئورمانغا ئىچكىرى-
لەپ كىرىۋەردى.

بۇ ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدە بىر توپ
قورال‌لىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنى بۇ
يەرگە جابىر ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ كىشى-
لەر ئۇرۇش پەيتىدە جابىرغا لەشكەر بولات-
تى. باشقا ۋاقىتلاردا ئەتراپىنى كۆزىتىپ،
ئالدىغا ھەرقانداق ئادەم ئۇچرىسا، ئۇنى
تۇتۇپ، جابىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراتتى.
ئۇلار قېچىپ كېلىۋاتقان بىر بۇغىنى ۋە
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق كىشىنىڭ
قوغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇ-
لار دەرھال يۇپۇرۇلۇپ كېلىشىپ، ھايت-
ھۇيت دېگۈچە شاھ نەۋدەرنى باغلىۋالدى.
شاھ نەۋدەر بۇ يەرگە بۇغىنى تۇتىمەن
دەپ كېلىپ، ئۆزى تۇتۇلۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
ئەگەر پادىشاھ ئۆز شاھلىقىنى قولدىن بېرىپ

قويماي دەيدىكەن، چوقۇم لەشكەر ۋە سىپاھـ
لىرىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك. پادىشاھ دېـ
گەن لەشكەر بىلەن ئاندىن پادىشاھتۇر. ئەـ
گەر لەشكىرى بولمىسا، ئۇنى پادىشاھ دېگىلى
بولمايدۇ. شاھنىڭ قولىدا لەشكىرى بولغانـ
دىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلار ئاسان
بولىدۇ. بىر ئادەم دېگەن رۇستەمدەك كۈچـ
تىنگىر بولسىمۇ ئۇ يەنىلا بىر ئادەم. شاھـ
لىق قائىدىسىنى ھەسەل ھەرىسىدىن ئۆگەنگىن.
ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ پادىشاھى لەشكەرسىز
ھالدا ھەرگىز بىر جايدا توختاپ قالمايدۇ
ۋە ئۇچمايدۇ. ئەگەر ئۇ لەشكەرسىز ھالدا
يالغۇز ئۇچسا، ئۇنىڭ باشقا ھەرىلەردىن ھېچـ
بىر پەرقى بولمايدۇ. شاھمات تاختىسىدىكى
شاھمۇ ئۆز جايىدىن سەۋەبسىز ھەرىكەت قىلىپ
تولا ماڭمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرـ
لىرى ماڭىدۇ.

شاھ نەۋەر دۈشمەن قولىدا ئەسىر بولغانـ
دىن كېيىن، جابىرنىڭ كىشىلىرى ئۇنىڭ تۇرـ
قىغا قاراپ، ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ئىكەنـ
لىكىنى پەملەشتى. ئۇلار شاھتىن سوئال سوـ
راپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلى ۋە
نەسلىنى تولۇق ئېنىقلىدى. بۇ گۇرۇھ ئىچـ
دىن بىرسى بۇ خۇش خەۋەرنى جابىرغا يەتـ
كۈزدى. بەخت ـ تەلەي ئۇڭدىن كېلىپ
ئاجايىپ بىر ئولجىنى قولغا چۈشۈرۈشكەنلىـ
كىنى بايان قىلدى. جابىر بۇ خۇش خەۋەرـ
نى ئاڭلىغاندىن كېيىن شادلىقىدىن تېرىسىگە
سىغماي قالدى. جابىر خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىگە:
ــ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ كېمىگە
سالغاندىن كېيىن، ھېچ نېمىگە قارىماستىن
دەرھال مېنىڭ قەسرىمگە ئېلىپ كېلىڭلار،
ئۇنى زىنداندا سېلىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېـ
تىڭلار. بۇ ئىشنى ھېچ كىشى سەزمىسۇن،
مۇتلەق مەخپىي تۇتۇڭلار. زىنداننىڭ ئىشىـ

كىگە قارايدىغانغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ
بولغاندىن كېيىن، ماڭا دەرھال بۇ ئىشنىڭ
خەۋىرىنى يەتكۈزۈڭلار! ــ دەپ پەرمان
قىلدى. ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى
جابىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئورۇنلىدى.
شاھ نەۋەر ئەنە شۇنداق پالاكەتچىلىكلەرـ
گە دۇچار بولدى.

ئەمدى شاھ نۇئماندىن كېلەيلى. ئۇ
ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ۋەدە بويىچە كېـ
مىلەرگە چۈشۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار كۆزـ
لىگەن نىشانغا يېتىشكە ئىككى كۈنلۈك
مۇساپە قالغاندا بوران چىقىپ ئۇلارنى ساـ
راسىمىگە سېلىشقا باشلىدى. شاھ نۇئمانـ
نىڭ ئىشلىرى ئەپلەشمىگىلى تۇردى. بوـ
ران كېمىلەرنى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە سۈـ
رۈشكە باشلىدى. كىشىلەر ئۆز جانلىرىـ
دىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. كېمە ئەھلىنىڭ كۆـ
پىنچىسى ھالاك بولدى. ساق قالغانلارنىڭـ
مۇ كېمىلىرى تەرەپ ـ تەرەپلەرگە توزۇپ
كېتىشتى. شاھ نۇئماننىڭ ۋۇجۇدىغا قاتـ
تىق قورقۇنچ چۈشكەن بولسىمۇ، بىراق
ئۇنىڭغا ھېچقانداق خېيىم ـ خەتەر يەتمىـ
دى. بوران ئۇنىڭ كېمىسىنى ئوغلى سۇـ
ھەيل تەرەپكە قاراپ سۈردى. شاھ كېمە
بىلەن بىر جايغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنى
جابىر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان پايلاقچىلار
كۆرۈپ قالدى ۋە بۇ ئىشنى جابىرغا خەـ
ۋەر قىلدى. جابىر دەرھال يېتىپ كەلـ
دى. شاھ نۇئماننىڭ كېمىسىدىكىلەرمۇ
جابىرنىڭ جەبىر ـ جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ قاـ
لالمىدى. جابىر ئۇلارنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى
سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ھەممىسىنى
سۆرۈپ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئارالـ
غا ئېلىپ كەلدى. جابىر شاھ نۇئماننى
كېمىدىن چىقىرىپ، كېمىدىكى بارلىق

مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرغاقىقا چۈشۈردى. شاھ نۇئمانىنىڭ جىسمى يول ئازابى بىلەن زەئىپلەشكەنىدى. ئۇ جابىرنىڭ نېمە ئادەملىكىنى بىلەر - بىلمەي تۇرۇپلا، جابىر ئۇنى زىندانغا يوللىدى. شاھ نۇئماننى ۋەھىمە باستى. ھېچ كىمشى ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپالمىدى. جابىر شاھ نۇئماننىڭ ئادەملىرىگە:

— ئەگەر سىزلەرگە جان لازىم بولسا، كۆڭلىڭىزلار قاياققا تارتسا، شۇ ياققا كېتىڭىزلەر. ئەگەر سىزلەرنى بۇ ئەتراپتا ئۇچرىتىپ قالسام، بىرىڭىزلەرنىمۇ تىرىك قويمايمەن، — دېدى.

بۇ بىچارە كىشىلەر كۆزلىرىدىن غەم- قايغۇ ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزغان ھالدا باشلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى.

شاھ نەۋەدەرنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ تېگى- تەكتىنى بىلەلمەي كۆپ ئوي - خىياللارنى قىلىشتى. شاھتىن ھېچ ئۇچۇر ئالالمىدى. پادىشاھسىز لەشكەرلەرنىڭ ھېچ نەتىجىسى بولمىدى. ئۇلار ئاخىرى يۈكلىرىنى راستلاپ ياناماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ سەپلىرى بۇزۇلدى. ھەر بىرلىرى ئۆزلىرى بىلگەن يول بىلەن قايتىپ كېتىشتى.

قاراقچى جابىر ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز گۈلشەن ئىچىدە بەزمە تۈزۈپ، مېھرىنىڭ خىيالى بىلەن شاراب ئىچمەكتە ئىدى. بىراق مېھرىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي، ئۇنىڭدىن مۇرادىنى ھاسىل قىلالماي، شاراب ئىچىتىم دەپ، ئەمەلىيەتتە قان يۇتماقتا ئىدى.

مېھرى ئۆزىنىڭ ياقىلىرىنى گۈل كەبى يىرتىپ، نىلۇپەرزارغا كىرەتتى. ئۇ چەكسىز غەم- قايغۇغا چۆكەتتى، كۆز ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزاتتى. ئۇ كۆك لىباسلارنى كىيگەن ھالدا ئۆز يۈزىگە گويا نىلۇپەردەك كاچات ئۇراتتى. ئۇنىڭ كاچاتلىرىدىن يۈزلىرى زەخىملىنىپ، خۇددى گۈلىستاندا نىلۇپەر ئېچىلغاندەك بولاتتى. مېھرى بۇ ھىجران بالاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېچىسى كىرپىك قاقماي تەپەككۇر قىلاتتى. بىراق ئىلاجىنى تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ بىر كۈنى زىنداندا كۈنلىرى ئازاب- ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى. مېھرى ئۆز كۆڭلىدە: «شۇ كىشىنى زىنداندىن قۇتقۇزاي، ئاندىن ئۇنىڭغا زار - زار يىغلاپ، ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلاي. ئۇنىڭغا ھاجىتىمنى بايان قىلاي. ئۇنىڭغا ھاجىتىمنى ئېيتىپ، سۇھەيل تەرەپكە ئەۋەتەي. ئەگەر سۇھەيل مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلسە، چوقۇم مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ» دەپ ئويلىدى. مېھرى ئىككى كېنىزەكنى ھەمراھ قىلىپ، سۇھەيلنى ئېلىپ كىرگەن قاراڭغۇ ئۆيگە كىردى. ئۇ زىندان بېشىغا كېلىپ:

— ئەي دەرد ۋە مۇشەققەتكە مۇپتىلا بولغان كىشى، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىر پەقىرمەن، ناتىۋانلىقىم بىلەن بۇ يەردە ئەسىر بولغان بىچارىمەن. مەن جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ، سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەي. ئەگەر سېنى بۇ قاراڭغۇ زىنداندىن تارتىۋالسام، نېمە دېسەم قوبۇل قىلامسەن؟ قەيەرگە بۇيرۇسام بارامسەن؟ — دېدى.

سۇھەيل زىندان ئىچىدە دەرمانىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جىسمى زەئىپلىشىپ، خاراب بولغانىدى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ جىسمى دەرد - ئەلەم بىلەن خاراب بولسا،

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يۈرەكلىرى گۈل يۈزلۈك مېھرىنىڭ پۇرقىتى بىلەن كاۋاب بولغانىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى توشۇپ، تەقەززالىقى تېخىمۇ ئاشتى. لېكىن سۇھەيل بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆز كۆڭلىنى توختىتىپ، ئۇ نازىنىن مېھرىگە مۇنداق دېدى:

— ھەي تەڭرىنىڭ پەرىشتە سۈپەت بەندىسى، ئۆلگەن تېنىمگە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى شەپقەتچى، ئەگەر سەندىن بۇ قەدەر ياخشىلىق كېلىدىغان بولسا، ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇساڭ، مەن سېنىڭ پەرمانىڭدا بولىمەن. تاكى جېنىم تېنىمدە بولسىلا، تىرىشىپ-تىرمىشىپ خىزمىتىڭنى قىلىمەن.

مېھرى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىككى چېچىدىن تاناپ ياساپ، زىندانغا سالدى. ناتىۋان سۇھەيل ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلدى. مېھرى ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئىككى كېنىزەك بىلەن بىللە ئۇنى تارتىپ چىقاردى. ئاندىن كۆپ مەرھەمەتلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنى زەنجىردىن ئازاد قىلدى. سۇھەيل مېھرىنىڭ ئالدىدا يەر سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ھەي پەرىشتە تەلئەتلىك ئىنسان، قانداق پەرمانىڭ بولسا، ماڭا ئىشارەت قىلغىن، — دېدى.

مېھرى ئۆز بېشىغا كەلگەن بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلىدى. ئاتىسىنىڭ نام-نەسەبى، سۇھەيل بىلەن قىلىشقان ۋەدىسى، دەريادا بوران چىقىپ كۆرگەن بالا-قازالىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. ئۆزىنىڭ نائىلاج بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنى، جابىرنىڭ قولىدىن سالامەت قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىچارە سۇھەيل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھەر بىر نەپەستە بىر ھوشىنى يوقىتىپ، دەرمانسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مېھرى ئۆز سۆزىنى مۇنداق مۇددىئاغا يەتكۈزدى:

— مېنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن سۇھەيلدىن باشقا ھېچ كىشى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ھەي دەردمەن كىشى، ساڭا سۆزۈم شۇكى، ئەگەر ئىلاج قىلالىساڭ سۇ يولى بىلەن سۇھەيل تەرەپكە قاراپ ئاقساڭ، سۇ يولىنى تامام قىلغاندىن كېيىن، دەريادىن چىقىپ، يەمەن تەرەپكە قاراپ راۋان بولساڭ. پۈتكۈل تىرىشچانلىقىڭنى ئىشقا سېلىپ، تېز سۈرئەت بىلەن يول يۈرۈپ، سۇھەيلنى تاپساڭ، مېنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا بايان قىلساڭ. ساڭا دەيدىغان يەنە بىر سۆزۈم شۇكى، بۇ ئىشنى ئىنتايىن مەخپىي تۇتقىن، سېنى بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن مەخپىي ساقلاپ، سالامەتلىكىڭ ياخشىلانغاندىن كېيىن يولغا سالىمەن. سەن سۇھەيل بىلەن كۆرۈشكەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويغىنكى، ئۇ تامامەن خاتىرجەم بولسۇن. مەن ئۇنى ئىنتىزارلىق بىلەن ساقلاۋاتىمەن. مەن بىچارە بالا-قازاغا دۇچار بولۇپ، جابىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. لېكىن جابىرنىڭ ماڭا قول تەگكۈزەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ مېنى كۆرگەن ھامان گوياكى ئەخلەت-چاۋاردەك يەرگە يىقىلىدۇ. جابىر مېنىڭ پاك ۋۇجۇدۇمغا نامۇناسىپ ئىشنى ئويلىغان ھامان بىھوش بولۇپ، يەردىن تۇرالمايدۇ. بىراق مېنىڭ ۋاقتىم بۇ يەردە زايا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

سۇھەيل بۇ نازۇك سىرلارنى بىلدى. مېھرى بىلەن ساق-سالامەت كۆرۈشكەنلىكى

ئۈچۈن كۆڭلى ئارام تاپتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى زېھنىنى يىغىپ مېھرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك بولدى. قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاخىرى بىر ئاھ تارتىپ، دىلبىرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇ پەرياد چەككەن پېتى ھوشىدىن كەتتى. مېھرىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن خۇدىنى يوقاتتى. مېھرى بۇ ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىنتىقلىغانىدى، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ دەل سۇھەيل ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنى بىلگەن مېھرىمۇ نالە قىلغان پېتى ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ئىككى كېنىزەك ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ زار - زار يىغلاشتى. بۇ ئىككىسىنىڭ باشلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن يۆلەپ، كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. مېھرى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇ پەردە تۇرۇۋەرسەك چاتاق چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئامال تېپىشىمىز كېرەك.

ئۇلار سۇھەيلنى ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆيگە ياتقۇزۇپ قويدى. كەچكىچە سۇھەيلمۇ زەئىپلىكتىن سەل نىجات تاپتى. ئۇ ئۆز ھالىغا كەلگەندە كەچ ياتار مەھەل بولغانىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا مېھرى پەيدا بولدى. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە تەن ۋە جاندەك بىرلەشتى. سەرۋى دەرىخىگە ياماشقان ھەشقىپىچەكتەك چىرماشتى.

سۇھەيل نەچچە كۈنگىچە قەسىر ئىچىدە يوشۇرۇن ھالدا گۈل يۈزلۈك مېھرىگە مېھمان بولدى. تائام ۋە شەرۋەتلەر ئۇنىڭ زەئىپ جىسمىنى قۇۋۋەتلەندۈردى.

سۇھەيل جابىرنىڭ ھازىرچە ھىجران ئازابىغا چىداپ، مېھرىگە دەخلى قىلماي يۈرگەنلىكىنى پەملىدى.

بىر كۈنى جابىر راھەت - پاراغەت ئۈچۈن باغ سەيلىسى قىلىشقا چىقتى. ئۇ پەرۋاسىز ھالدا باغنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. سۇھەيل گوياكى شىردەك قەھرىمانلىق بىلەن جابىرنىڭ ئالدىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى:

— ھىيلە - مىكىر بىلەن باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇش ياكى ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كېمىسىنىڭ تېگىنى تېشىپ، سۇدا غەرق قىلىش، ئاندىن ھېچ ماجالى قالمىغان كېمە ئەھلىنى تۇتۇپ باغلىۋېلىش — بۇ پەھلىۋانلىق ئەمەس، — دېدى سۇھەيل جابىرغا، — گەرچە ئۆز ۋاقتىدا سەن ماڭا ئۆزۈڭنىڭ ئىت ئىكەنلىكىڭنى ئاشكارا قىلغان بولساڭمۇ، مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ يىگىت ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قوياي.

سۇھەيل شۇ سۆز بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. جابىر ھەيرانلىق ئىچىدە تېنەپ، تەمتىرىگەن ھالدا سۇھەيل بىلەن چېلىشماقچى بولدى. سۇھەيل ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى باغلانغان ئارغامچا بىلەن جابىرنى باغلاپ، دەرھال ئۇنى ئىلگىرى ئۆزى ياتقان زىندانغا تاشلىدى. شۇڭا دانىشمەن كىشىلەر ئارىسىدا: كىمكى بىرىغا ئورا كولىسا، كولىغان ئورىسىغا ئۆزى چۈشىدۇ» دېگەن ماقال تارقالغان.

سۇھەيل ئەنە شۇنداق غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مېھرىنى ئۆزىنىڭ نىكاھىغا ئالدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ بەزمە قۇرۇپ، مەرىكە ئۆتكۈزدى. جابىرنىڭ

يىغىپ قويغان خەزىنە دەپىنىلىرىنىمۇ
قولغا چۈشۈردى. جابىرنىڭ ئادەملىرى ھەمـ
مىسى باش ئېگىپ، سۇھەيلگە ئەل بولـ
دى. ئاندىن كېيىن سۇھەيل شاھانە قەـ
دەھنى قولىغا ئېلىپ:
— جابىر قاماقتا ئالغان كىشىلەرنىڭ
ھەممىسىنى قاماقتىن ئازاد قىلدىم. ئۇ بىـ
چارىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كېـ
لىڭلار. مەن ئۇلارنى مۇشۇ قەدەھ بىلەن
شاد خورام قىلىمەن، — دېدى.
قامالغانلارنىڭ ھەممىسى ئېلىپ كېلىنـ
دى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جابىر باغ
ئىچىدە قامىغان ئىككى كىشىمۇ بار ئىدى.
مەلۇم بولدىكى، بۇ ئىككىيلەنىڭ بىرى
شاھ نەۋدەر، يەنە بىرسى شاھ نۇئىمان
ئىدى. قاراڭ، بۇنداق ھادىسىنى كىممۇ
خىيال قىلسۇن؟ بۇ سورۇندا ئىككى ئاتا
بىلەن ئىككى پەرزەنت ۋىسال رىشتىسىنىڭ
تۈگۈننى تېپىپ، ئۆز ئارا قۇچاقلىشىپ كۆـ
رۈشتى. ئۇلار بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال
سورىشىپ، بارلىق سەرگۈزەشتىلەرنى بىـ
لىپ، ھەيران قالدى. ئۆزلىرىنىڭ بۇ شادـ
لىق كۈنلىرىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن تەڭـ
رىگە تەشەككۇرلار ئېيتتى. ئاندىن بۇ ئىكـ
كى پادىشاھ مەملىكەتلىرىنى سۇھەيلگە
تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى تەڭرى يولـ
غا كىرىشتى. ئۇ مەملىكەتلەرنىڭ خەلقلىرى
شادىمان بولۇپ، ئۆز كۈنلىرىگە شۈكرانىـ
لەرنى بەجا كەلتۈرۈشتى. بۇ پىرقىراۋاتـ
قان پەلەكمۇ ئۆز مۇرادىغا يەتتى. سۇھەيل
بىلەن مېھرىمۇ ۋىسال تاپتى. مېھرىنىڭ
ئارامگاھى نىلۇپەرزار ئىچىدە بولدى. مېھـ
رى نىلۇپەر رەڭگىدىكى لىباسلارنى كىيىپ،
نىلۇپەرزار ئىچىگە ھايات بەخش ئەتتى.
سۇھەيلمۇ نىلۇپەر رەڭگىدىكى كىيىملەرـ
نى كىيىپ ياساندى. چۈنكى نىلۇپەرنىڭ
رەڭگى ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، شادـ
لاندۇرىدۇ. پەلەك مېھرى (قۇياش) مۇ نىـ
لۇپەر رەڭگىدە كىيىندى. ھەرقانداق پەـ
رى چېھرە بولسا، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكى
ئۆزىگە لايىق ۋە ماسلاشقان بولۇشى ئەۋـ
زەلدۇر. دېمەك بۇ مېھرىمۇ گوياكى پەلەك
مېھرى (قۇياش) دەك گۈزەل ۋە نۇرلۇق
بولغاچقا، پەلەك نىلۇپەرزارىنىڭ رەڭگىدىـ
كى كۆك كىيىملەرمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ
ھالدا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ماس كېلەتتى.
ئۇ رىۋايەتچى يۇقىرىقى سۆزلەردىن
كېيىن ئۇن ئەپسانىسىنى تۈگەتتى، پەردىـ
دار شاھ بەھرامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەردىنى
كۆتۈردى. شاھ بەھرام بۇ رىۋايەتچىگە
كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، ھېسابسىز
ياخشىلىق ۋە مەرھەمەتلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ
قەدىر قىممىتى ۋە مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ
يۇقىرى كۆتۈردى. ئاندىن شاھ بەھرام
راھەتلىنىپ يېتىپ، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.u...net

# مۇھزىنۇل - ۋائىزىن

نورۇزاخۇن كاتىپ زىيائى
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: نەسرۇللا ھەمدۇل

مۇھەررىردىن: نورۇزاخۇن كاتىپ زىيائى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قەشقەردە زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان مەشھۇر داستان نەۋىس شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇنىڭ «ۋامىق - ئۇزرا»، «مەسئۇد - دىلئارا» قاتارلىق داستانلىرى ۋە ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بىرلىشىپ يازغان «چاھار دەرۋىش» ناملىق داستانى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «مۇھزىنۇل-ۋائىزىن» بولسا، شائىر زىيائىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى بولۇپ، تېخى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن. زىيائى بۇ ئەسىرنى ھىجرىيىنىڭ 1259 - (مىلادىيە - 1843) يىلى يازغان. بۇ ھەقتە شائىر ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

پەند ئەۋراقىدىن تاپىپ ئىسبات،
«مۇھزىنۇل - ۋائىزىن» دېدىم مۇڭا ئات.
تەئرىخىن سورساڭىز مىڭ ئىككى يۈز،
ئەللىكگە ئىزافەدۇر توققۇز.

دەپ يازغان.

«مۇھزىنۇل - ۋائىزىن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇڭلۇق ۋەز - نەسىھەتلەر دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە ئەدەب - ئەخلاق ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي مەسىلەرگە ئائىت پەند - نەسىھەتلەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ئۆز زامانىنىڭ تۇرلۇك ئىللەتلىرىگە قارىتىلغان تەنقىدلەر ۋە گۈزەل - ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ياغدۇرۇلغان قىزغىن ئالقىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەردە يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. شائىر بۇ ئەسىرنى مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن سىرت يەتتە بابقا بۆلگەن. ھەر بىر بابتا بىر مەزمۇن ئۇستىدە توختىلىپ، ئاخىرىدا شۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىبرەتلىك ھېكايىنى مىسال كەلتۇرگەن. بۇ ئارقىلىق ئاپتور ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئىسپاتلىغان ۋە يىغىنچاق خۇلاسىلەپ بەرگەن. قىسقىسى، «مۇھزىنۇل - ۋائىزىن» ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئالغا سۇرگەن، شۇنداقلا بەدىئىي جەھەتتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بىر يىرىك داستاندۇر. بۇ سانىمىزدا «مۇھزىنۇل - ۋائىزىن» دىن تۆت بابنى، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمە قىسمىدىن بىردىن ماۋزۇنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

## بۇ كىتاب تەسنىفى ۋە بۇ ئىكتىساب تەئلىفى سەبەب ئىزھارى باۋۇجۇدى بۇ قەلەمۇل ـ بىزائەت ۋە ھەقىرى كەم ئىستىتائەتكە ئەھبابى سادىق ۋە ئەسھابى مۇۋافىقلار تولاسىنىڭ ئىستىفسارى

سەفھە نەئتىدە چاپتى خامەئى تىز،
ئەشكىنى سوڭرە قىلدى مۇنداغ رىز.
دىمەكىم ئەشكى، ئول قارا قاندۇر،
ئۆيرۈگەن خۇنغە خەيلى ئەھزاندۇر.
ھەرنە تۆككەن ياشى سەۋادىنى،
قىل نەزەر كۆر مۇنىڭ مۇرادىنى.
مەن ئىدىم خەلق ئىچىدە بىر نادان،
فىئىلىم ئولغاي نە خەيرى نى ئىھسان.
ئارزۇ ئەيلەدىم سىپەھلىقنى،
كىبرى، بەغزۇ غەزەب تىبەھلىقنى.
چەرخ يەتكۈزدى بۇ مۇرادىمنى،
كەلتۈرۈپ مەقسەدى قەسادىمنى.
چىرلادى ھاكىمى زەمان بىر كۈن،
مىنى يەتكۈزدىلەر رەۋان بىر كۈن،
ئەمر قىلدى قىلىڭ مۇلازىملىق،
ئەرتە ـ ئاخشام تۇرۇپ مۇخادىملىق،
گاھى خەت قىلماقىم ئىدى ۋەرزىش،
گاھى سەھرا بارىپ، قىلىپ ھەم ئىش.
گاھى دىۋاندا نىشان قىلماق،
گاھى ئەلگە زەھەر فىشان قىلماق.
گاھى دىر ھەم ئالىپ يىمەك ئەلدىن،
زور بىرلە سىياسەتۇ يەلدىن.
گاھى لۇتف ئەيلەمەك رەئىيەتكە،
گەھ سالىپ رەنج ئىلە سۇئوبەتكە.
گاھى ئەل يىغلادى جەفايىمدىن،
بەئزى خەندان بولۇپ ۋەفايىمدىن.
ئالدىمە كەلسە گەر ھەرامۇ ھەلال،
يىمەكۇ ئىچمەكۇ ئانى ئەلھال.
خۇب ئىگىن كىيمەكۇ غىزايى خۇش،
ئەيلەبان ئاتەشى رىيائىلە جۇش.
فەرق قىلماي گۇناھۇ ئىھساننى،

قىلماق ئالۇدە بۇ ئەزىز جاننى.
تۇرۇپ ئون تۆرت يىل بۇ تەۋر ئىلە،
ساقلادىم نەفسنى ھۇزۇر بىلە.
گەردى غەفلەت باسىپ دەغەل بولدۇم،
ئاقىبەت بىر كۈنى كەسەل بولدۇم
ئۆتكەن ئول جۇرم ئىلە تىباھىمغە،
تەۋبە دەپ يىغلادىم ئىلاھىمغە.
بۇ كەسەل بىرلە ھەم يىگىرمە ئاي،
سەرگەران بولماق ئىردى گەردۇن ساي.
چەرخ كۆرگۈزدى بىۋەفالىقنى،
تاشلادىم پارە خۇدنەمالىقنى.
باشىمە غەم سۆيى ياغىپ باران،
كېلۇر ئىردى قاشىمغە كۆپ ياران.
تەلەبىمنى قىلىپ دۇئا قىلماق،
باشلارىمنى سىلاپ ۋەفا قىلماق.
يوق ئىدى مەندە ھەم كۆپ ئىستىئداد،
تۆگەدى چەرخ بىرلە تۇ شەئى زاد.
دەۋرى پۇشتۇم چۇ قۇربى سۇلتاندىن.
سورماس ئىردى سىپاھى ئىنساندىن.
دىدىمۇ ۋاي كوتەھ ئەندىشە،
نىمە تاپتىڭ قىلىپ يامان پىشە.
ئۆتكەن ئۆمرۈڭگە كۆپ پۇشەيمان قىل،
تەۋبە دەپ ھەق ئىشىنى ئەرمان قىل.
قىلساڭ ئىردى خۇدا ئۈچۈن قۇللۇق،
بۇلۇر ئىردى ساڭا تىكەن گۇللۇق.
بوم ئىتىپسەن ھۇمايى بەختىڭنى،
مەئسىيەت ئەبرى ياپتى رەختىڭنى.
غۇنچە ئىردىڭ ئاچىلدىڭ ئەمدى خۇب،
تازۇماقغە يەقىن بولۇپسەن جۇب.
يەتمەسدە ساڭا چۇ بادى ئەجەل،
راست كۆرگىلكى بولمايىن ئەھۋەل.

ھەق ساڭا بەردى مۇنـچە قۇۋۋەتنى،
ماڭغۇچە بەردى ئەمدى قۇدرەتنى.
ياخشىلار بىرلە بول، ئەمەل قىلغىل،
ساڭا تەنبىھ ئېرۇر مۇنى بىلگىل.
يانماساڭ ئەمدى بۇ فەئالىڭدىن،
قورقغىل بىمەھەل زەۋالىڭدىن.
يۇرۇر ئېردىمكى بۇ تەفەككۇر ئىلە،
ئىلتىجائۇ دۇئا، تەزەككۇر ئىـلە.
چۇن مۇھەممەد تۆلەندى شەيخى زەمان،
نىك فەرجامۇ مەسالىكى دەۋران.
كەيىندە بار ئىدى نەچە سالىك،
نەفسى شەيتان ھەۋاسىغە مالىك.
لۇتف ئېتىپ تۇشتىلەر بو مەسكەنگە،
ئوقۇدى فاتىھە بۇ مەنمەنگە.
سوردى ھالىمنى نەچچە يارانلار،
ئاقتى ياش، كۆزلەرىمدە بارانـلار.
فارىغ ئولدى دۇئاۋۇ زارىدىن،
سۆز قىلىپ دەھر كارى بارىـدىن.
ئوقۇدۇق سوڭرەكىم ھەدىسۇ كىتاب،
بولدى ناسىھ قىلىپ فەقىرغە خىتاب.
كىم ئېرۇرسىز بۇ دەھرىدە شائىر،
فىزەمانى بۇ فەندە خوب ماھىر.
نەزم ئەيلەڭ نەچە نەسايىھدىن،
مەۋئىزە پەند ئىلە لەۋايىھدىن.
قالسە شايەد جەھاندا ئول باقى،
ئەھلى مەئنى سۆزۈڭگە مۇشتاقى.
قول كۆتۈردى ماڭا دۇئا قىلدى،
بىنەۋانى تاپىپ نەۋا قىلدى.
مەن ھەم ئانداغ قەۋىي بىلىپ سـۆزنى،
فىكر ئەۋراقىغە تىكىپ كۆزنى.
ئەيلەدىم تەڭرىغە تەۋەككۇلنى،
باشلادىم سوڭرە بۇ تەئەممۇلنى.
شۇئەرالارغە ئىقتىدا قىلدىم،
پاك ئەرۋاھىغە دۇئا قىلدىم.
نەزم قىلماقىغە ئەيلەدـىم ئاغاز،
مەۋئىزە سەترەغە بولۇپ ھەمراز.
نەسرنى نەزمغە قىلىپ تەبدىل،
نەچچە كۈنلەر بولۇپ مۇڭا تەشغىل.
باش سالىپ سەترەغە تەفەككۇر ئىـلە،
سۆز سىياقىن تاپىپ تەسەۋۋۇر ئىلە.
ساغىنىپ تەڭرىگە خۇزۇئ ئەتتىم،
جەھد ئېتىپ نەزمغە شۇرۇئ ئەتـتىم.
تاكى ھەر ئامەئـى مۇسۇلمانان،
ئوقۇسە تەبئىگە ئېرۇر ئاسان.
دەرك ئېتىپ مەۋئىزە كىتابلارنى،
ئاختارىپ نەچچە فەسلۇ بابلارنى.
يەئنى ئۇستاد سۆزىنى سەمئ ئەتتىم،
ئانى ھەم سەترە ئۆزرە جەمئ ئەتـتىم.
ئەھلى تەھقىق نە سۆز دېمىش بىزگە،
ئۇناغان ياخشى بىزگە ۋە سىزگە.
ياخشى سۆز ئەھلى دىلغەدۇر مەرغۇب،
ئۇشبۇ ۋەجھىدىن ئەيلەدىم مەكتۇب.
يانە بىر بائىس ئولكى، ئەي ياران،
دەھرىدىن فانىدۇر ھەمە ئىنسان.
شاھلار پۇتكەزۇر جەھاندا بىلاد،
بەئزەلەر مەدرەسە قىلۇر بۇنياد.
بەئزەلەر ھۆكمىدىن مەۋاتى زەمىن،
بولغاي ئەھيا بەھاسى دۇررۇ سەمىن.
بەرسەلەر ئەلگە شاھى فەرزانە،
بولادۇر نەچچە ئەلگە روزانە.
تا قىيامەت قالۇر نىشان ئاندا،
ئۆچمەس ئاتى بۇ فانى دەۋراندا.
بەئزەلەر تاپسەلەر ھۆكۈمەتنى،
قۇلغە ئالسەلەر نازۇ نېئمەتنى.
ئۆزى ھەم يەر، بىرۇر خەلايىقغە،
بولسە مالىك داغى ئەلايىقـغە.
مەسجىدۇ مەدرەسە قىلۇر تەئمىر،
ئەھلى ئالىم قىلۇر دۇئا تەكبىر.
بەئزەلەر يەرلەرىن قىلۇر ئەۋقاف،
يىغمايىن ئۆيىدە قىلـىپ ئىنساف.

تۇتسە ناگاھ ئەجەل مەيىن ساقى،
قالغۇسى ئاتى دەھردە باقى.
مەنى بىچارەدە بۇ ئىستىئداد،
يوقتۇرۇر ئەيلەيىن دېسەم بۇنياد.
فىكر بىرلە يۈرۈپ بۇ ماتەمدە،
يادىگار قالسە دەپ بۇ ئالەمدە.

بىر نەچە نەسر سۆزنى نەزم ئەتتىم،
شۇكرىلىللاھ مۇرادىمە يەتتىم.
پەند ئەۋراقىدىن تاپىپ ئىسبات،
«مۇھزىنۇل ـ ۋائىزىن» ① دېدىم مۇڭا ئات.
تەئرىخىن سورساڭىز مىڭ ئىككى يۈز،
ئەللىكىغە ئىزافەدۇر توقـقۇز.

## ئەۋۋەلقى مەقالە

ئىنسانىنىڭ تەربىيەتى سۈلۈكىدە پىرى كامىلغە ئېھتىياج بولماق ۋە ئول ئالىي
جەناب خىزمەتىدە ھىممەت كەمەرىنى باغلاپ، تەكەببۇر ئەسنامىن
سىندۇرماق ۋە رۇخسەت دەئۋەتى دەرياۋار تەلاتىم ئەيلەپ
تەۋەججۇھ زورىدىن خەلىفەلىك مەسنەدىدە دىن ئەر-
كانىغە ساھىب رەۋاج ئولماقىنىڭ بەيانى

سالىك ئولساڭ بۇ ئىشدىن ئول ئاگـاھ،
رەھنەماسىز ساڭا ئاچىلماس راھ.
ئالمايىن قولغە بىر ئۇلۇغ ئېتەكىن،
سۈرمەيىن كۆزگە دەرگەھى كىسەكىن.
تۇرمايىن ئىشىكىدە چۇ قول باغلاپ،
ئۆزىنىڭ ھىممەتىنى خۇب چاغلاپ.
ياستانىپ ئىشىكىدە كېچە ـ كۈندۈز،
ياتماسە دىن ئىشى تاپىلماس تۈز.
باۋۇجۇدىكى ھەزرەتى مۇسا،
ھەق قاتىداكى رۇتـبەدە ئەئلا.
باردى ئەۋۋەل شۇئەيب قاشىغە،
ئالدىلەر خىزمەتىنى باشىغە.
تۇردى ئون يىلغىچە قىلىپ خىزمەت،
خىزمەتىن بىلدى جانىغە مىننەت.
بائىس ئولدىكى بۇ سەئادەتكە،
ھەقغەراز ئايتماق شەرافەتكە.
ئاتادى سوڭرە ھەق، كەلىمۇللاھ،
بولدى تەۋرات كەلامىدىن ئاگاھ.
غالىب ئولدى جەمئى قېتىغە،

پىشۋا بولدى كۆللى سېتىغە.
ئەدەدى نەچچە مىڭچە بار ئېردى،
بارچەسى بۇ نەبىغە يار ئېردى.
يانە ئىككىنچى مەرتىبە ئول شاھ،
خىزرنىڭ جانىبىغە چەكتى راھ.
تا ئۇلاردىن ئۇلۇم ئۆرگەنگەي،
ئىلمىنىڭ ھەسرەتىگە ئۆرتەنگەي.
ئەي دەرىغا، بۇ يولدا كۆپ ئىنسان،
يۈرسەلەر نەگەھان ئۇرار شەيتان.
جەھد ئېتىپ راھىغا بولۇر ئازىم،
پىشەۋاسىز كىرىپ داغى جازىم.
باۋۇجۇدى بىلىپ بۇ يولنى ئۇزاق،
تۇتغالى قويسەلەر قاراقچى تۇزاق
يولغە كىرگەي يەنە ئەجەب باشسىز،
چۆل بەيابان ئىچىگە يولداشسىز.
ئۆز ئاياغى بىلە رەۋان بولغاي،
راھى زەن ئىلكىدىن تالان بولـغاي.
دېگەي ئول يەتكەمەن مۇرادىمغە،
ياكى يەتكەي قاراقچى دادىمغە.

① بۇ ئىسىم مۇزېيدىكى 014 نومۇرلۇق قول يازمىدا «مەخزەنۇل ـ ۋائىزىن» دېيىلگەن.

گەرچە يىل ئىبتىدائى هالەتدە،
تۇخمى ئىمان بىلە هىدايەتــدە.
هاجەت ئولماي پەيەمبەرۇنى، پىر،
بولمايىن هەق ئىنايەتى تەنۋىر.
يەئنى دىل مەرزەئىغە بۇ دانە،
تۇشمەگەي، ئەي رەفىقى فەرزانە.
رەهبەرى خەلقۇ خاجەئى كەۋنەين،
تاپتى هەم ئەرش ـ كۇرسى ئاندىن زەين.
سەئيى ئىتىپ ئۆتتى نەچچە ماهۇسال،
قىلدىلەر ۋەئىز بىرلە قىيلۇ قال.
جەهد بىرلە بۇ دانەدىن ئالغاي،
ئەمەلى كۆڭلى ئىچرە ئول سالغاي.
يانمادى كۇفردىن ئەبۇ تالىب،
نەفس شەيتان بولۇپ ئاڭا غالىب.
ئول زەمان بولدى ئايەتى نازىل،
ئىردى «لاتەهدى» ئاڭلا ئەي ئامىل.
بىلخۇسۇس دانەئى هىدايەتنى،
بىبەها گەۋهەرۇ سەئادەتنى.
بەندەلەر كۆڭلى ئىچرە ساچماغلىق،
قۇفلى ئۇرغان دىلىنى ئاچــماغلىق.
بەندەسىنىڭ سەئادەتى ئىرىمىش،
هەق تەئالا ئىنايەتى ئىرىمىش.
لىك ئول دانە هەر كۆڭەل ئىچرە،
زاهىر ئولدى ئولۇغ مەهەل ئىچرە.
تەربىيەت ئەيلەمەككە لازىم پــىر،
تاكى ئول ئەيلەبان ئاڭا تەدبىر.
ئۇندۇرۇپ يەتكۇرۇپ كەمالىغە،
باغى دىل ئىچرە ئىبئتىدالىغە.
كۆرسەتىپ بۇ شەجەرنىڭ ئەزهارىن،
ئەلگە فاش ئەيلەگەيلەر ئەسمارىن.
زاهىرەن كىمكى كەئبە سارىغە،
قەسد ئىتەر سۈرگەلى ئۇزارىغە.
يولچىسىز بارماقىغە يوق ئىمكان،
سەئيى ئىتىپ يەتمەكى ئەمەس ئاسان.
ئۇچراسە يوللارىدە گەر رەهزەن،
كەتكۇسىدۇر مۇرادسىز ئول تەن.
مەسەلەن يەر يۈزىدە دۈشمەن كۆپ،
هەم هەقىقەت يولىدا رەهزەن كۆپ.
يەئنى ئول رەهزەنان قايۇ جاندۇر،
نەفس بىرلە هەۋائى شەيتاندۇر.
كىمسە بولسە بۇ يول ئارا ئازىم،
بولسە يالغۇز ئۇرار ئانى جازىم.
گەر بۇ يولغە قايۇ سەئادەتمەند،
لازىم ئانداغكى پىرى دەۋلەتمەند.
بولماسە گەر بۇ يولدا پىركامىل،
كىرسە بولماس بۇ يولغە، ئەي ئامىل.
نەچە فىرقە بۇ يولغە ئەزم ئەتتى،
باشچىسىز يۈردىلەر فۇرۇ كەتتى.
چۇنكى بۇ يول ئەجەب يىڭىچكە ئىمىش،
ئىمتىسالىن خىرەد بۇ نەۋئ دىمىش.
مەسەلەن تارمۇيى مەهۋەشدۇر،
يولچى بىر مۇردەك قەدەمكەشدۇر.
بەلكى ئول مۇردۇركى نابىينا،
بىتەۋەهھۇم قويار بۇ قەيلغە پا.
يىقىلۇر سەرنىگۇن بۇ يۈرگەن مۇر،
يەتكۇسىدۇر هەلاكەتى فىلفۇر.
يول يۈرۈپ بۇ مۇسافىرى شەيدا،
بولسە ناگەه مەرىزلەر پەيدا.
كەلسە غالىب ئەگەر بۇزۇغ مادە،
مۇنهەرىف بولسە يولدا ئازادە.
بولسە هاجەت تەبىبى هازىقغە،
دارۇ قىلغاي مەرىزى دانىقغە.
تاكى يوق ئەيلەگەي بۇ ئىللەتنى،
بەخش ئەتكەي بەدەنگە قۇۋۋەتنى.
قالغۇسىدۇر ۋەگەرنە بۇ يولدە،
جانى مۇهلىك ئۆزە يامان چۆلدە.
كىمدۇرۇر ئول تەبىبى دانايى،
شەيخكىم كۆك ئۆزە تالۇن ئايى.
كۆپ كىشى يولغە پۇت قويۇپدۇرلار،
رەهزەنانلار كۆزىن ئويۇپدۇرلار.

بەئزەلەر يول ئوٚزە بولوٗپ بىمار،
تاپماي ئاندا تەبىبنى تىمار.

بولا ئالماي مەرىزىدىن ئازاد،
جانى، ئىمانى ھەم كېتەر بەرباد.

## تەنبيھ

كىمكى قوٗربەت زەمانى شاھىغە،
تاپايىن دېسە كىرسە راھىغە.
ياكى بىر مەنسەبى ئالاي دېسە ئول،
ئوٚزنى شەھ دارىغە سالاي دېسە ئول.
بولماسە قابىلىيەتى ئانچە،
كىمسەچە يەئنى خەلقوٗ سوٗلتانچە.
ئوٚزىنى شاھنىڭ يەقىن ئەلگە،
ئالسە ئول باغلابان كەمەر بەلگە.
نەچچە كوٗن ئەمرىغە بولوٗپ مەشغوٗل،
نې دېسە قىلسە ئول تاپار مەقبوٗل.
يەئنى تەگرى ئىنايەتى بىرلەن،
بوٗ كىشىنىڭ ھىمايەتى بىرلەن.
شاھ دىۋانىدا بولوٗر مەنزوٗر،
ئورداغە بىئىبا كىرەر مەسروٗر.
ئىلتىماسىن ھەمان موٗقەررەبدار،
ئەرز ئېتىپ شاھغە قىلوٗر ئىزھار.
شاھ باقماي بوٗ مەرد ھالىغە،
كوٗش سالغاي ۋەزىر مەقالىغە.
قىلماس ئول شەخسىنىڭ سوٚزىنى رەد،
بولسە گەر كىرگوٗچىنىڭ ھالى بەد.
ئىلتىماسىن قەبوٗل قىلىپ سوٗلتان،
ئەمر ئەزمىرىدە بولوٗر ھەم سان.

شاھ دىۋانىدا ئوروٗن بەرگەي،
ھەشمەتوٗ جاھلىق دوٗرىن تەرگەي.
ۋەرنە ئول ئادەمى فەقىر ئەھۋال،
كەلتوٗرەلگەي بوٗ نەۋئ ئولوٗغ ئىقبال.
ئانچوٗنىن ھەم خوٗدايى ھەردوٗ جەھان،
پادىشاھى ھەقىقى كەۋنى مەكان.
دەرگەھىدە ئەگەر ۋەلىيوٗللاھ،
ئىلتىماس ئەيلەسە چېكىبان ئاھ.
يەئنى ئالەمنى سەرنىگوٗن ئەيلە،
ياكى موٗندىن يەنە فوٗزوٗن ئەيلە.
دېگەنىدەك بولوٗر ھەمىن سائەت،
نې شەك ئولغاي بوٗ سوٚزدە نې شوٗبھەت.
ئەي زىيائى، تېنىڭدە بولسە جان،
پىرلەر خىزمەتىنى قىل ئارمان.
دەرگەھىغە بارىپ يوٗزوٗڭنى سوٗر،
نەزەرىن تاپ بەقادا ئىززەت كوٚر.
ئىت كەبى مەسكەنىنى ئايلانغىل،
تەۋف ئېتىپ مەئمەنىنى ياستانغىل.
ئالدىدا مەستلەر كەبى يىغلا،
گەردىنى كىرفىكىڭدە ئارىغلا.
ئەمرىنى بىل ئوٚزوٗڭگە گوٗيا فەرز،
ھەم ئەدا ئەيلەمەكنى ئانداغ قەرز.

## توٚرتوٗنچى مەقالە

پادىشاھلار زىكرىدە كىم، ئەگەر ئادىل بولسە، ئەدالەت جوٗيبارىدىن لەب تەشنەلەرنى
سىيراب ئېتەر، ۋە گەر دادخاھلىق موٗددەئاسىغە ئوٚزى ئامىل بولسە، لەتافەت سەرشارىدىن
قوٗروٗغان شەجەرلەرغە زىندەگارلىق ھاسىل قىلوٗر. ئەمما بوٗ ئەتۋارنىڭ ئەكسىدە
بولسە ئاتەشدوٗركى، جەزىرەدەكى نەباتاتغە ئوت توٗتاشغاندەك، مەملەكەتنى
كوٚيدوٗروٗپ، ۋوٗجوٗدىن كوٗل قىلوٗر؛ سوٗموٗمدوٗركى، كوٚزگە كوٚروٗنمەي ئىنسان
ۋوٗجوٗدىنى زەھرى ھەلاھىلدەك ھەيات نەسىمىدىن ئىفتىراق ئەيلەر

شەيخ ئەبوٗبەكرىكىم موٗفەسسىر ئىدى،
ئەھلى دىلغە، سوٚزى موٗئەسسىر ئىدى.

قىلدى شەككەر فىشانلىق ئول دانا،
چەكتى موٗنداغ كىتابىدا ئىنشا.

«شاھلىق تەڭرىنىڭ ئىنايەتىدۇر،»
بەئزىلەر دېيدىكىم: «خىلافەتىدۇر.»
يانە مۇنداغ دېدى ھەببى ئىلاھ،
شاھلار بارەسىدە زىللۇللاھ.
«باز ئەھلى خىرەد بۇ نەۋئ سۇخەن،»
دېدى: «ھەربىر سۆزى چۇ دۇررى ئەدەن.»
خەلق ئېيتىپ تەڭرى مۇرغى ئەنقانى،
ئاڭا بەردى بۇ رۇتبە ئەئلانى.
بولسە بۇ قۇش ھەۋا ئۆزە تايىر،
ياكى بىر جانىبى ئۇچۇن سايىر.
سايەسى كىمسە باشىغە ناگاھ،
تۇشسە بولغاي زەمانى ئەلگە شاھ.
خەلق ئارا تاپغاي ئول بەسى ئىززەت،
دەۋلەتۇ بىشۇمار ئىلە شەۋكەت.
يۇزلەنۇر بەخت ئىلە سەئادەتكە،
تۇرفەراق تاج ئىلە كەرامەتغە.
ئانچۇنىن تەڭرى ئۆز ئىنايەتىدىن،
كەرەمۇ فەزلۇ بىنەھايەتىدىن.
خاھىش ئەيلەپ بىرەۋنى قىلدى شاھ،
بەندەسى ھالىدىن بولۇپ ئاگاھ.
سورسا دەپكىم رەئىيە دادىنى،
بەرسە دەپ، ئاجىز ئەل مۇرادىنى.
تۇرغۇزۇپ، سەلتەنەت سەرىرى ئۆزە،
قويدى كۆپ خاسىيەت زەمىرى ئۆزە.
كەمتەرىنى بۇكىم كۆرەرسەن ئانى،
كۆز بىلەن كۆردىڭۇ بىلۇرسەن ئانى.
ئولكى نا ئەھلىغە باقىپ سۇلتان،
نەزەرىن سالسە ئول زەلىل ئىنسان.
يەتكۇسىدۇر بەسى شەرافەتكە،
كۆرمەگەن بىلمەگەن زەرافەتكە.
بارچە ئەل ئىچرە ھەم بولۇر مەقبۇل،
يەتكۇسىدۇر نە يەرگە سۇنسە قول.
كىمسەكى باقسە شەھ غەزەپ بىرلە،
قالغاي ئول رەنج ئىلە تەئەف بىرلە.
بولغاي ئەھلى زەمانغە ھەم مەردۇد،
كەتكۇسى ئىلكىدىن دۇرى مەقسۇد.
خارلىق يۇزلەنىپ كېتەر ئىززەت،
قالماغاي ھەم نىشان ئىلە شەۋكەت.
زۇلۇم قىلسە بىرەۋ بىرەۋگە ئەگەر،
يا كىشى زۇلمىدىن يېتىشسە زەرەر.
ئاڭلىسا شەھ ئۇلارنىڭ ئەفئالىن،
ئەيلەگەن ھەم تەئەددى ئەھۋالىن.
ھەرنە قىلسە قىلۇر ئانى سۇلتان،
قىلدىلەر سەفھەدە بۇ سۆزنى بەيان.
بىرىسى پادىشاھى دۇنيادۇر،
بىرىسى شاھى دىنى ئەئلادۇر.
ئول بىرى ئېردى شاھى دۇنيايى،
ھۇكمىدە تەڭ، ۋە لېك ئەدنايى.
بولغاي ئۆز شەئنىنىڭ غۇرۇرىغە بەند،
زەنۇ فەرزەند، دىرەم بىلە خۇرسەند.
تانۇماس ئەسلى ئۆز سىفەتلەرىنى،
بۇ ئۇلۇغ زىللە ئاتىفەتلەرىنى.
قەھرۇ لۇتف سىفەتكى ھەقدە بار،
بۇ سىفەت ھەر زەمان بولۇر ئىزھار.
ئاشكارا ئەمەستۇر ئۆزلەرىگە،
گەرچە زاھىر كۆرۇنسە كۆزلەرىگە.
بىلمەيىن بىخەبەردۇرۇر ئاندىن،
كەتكۇسىدۇر بۇ نەۋئى دەۋراندىن.
كۆركى شەمسۇقەمەر مىسالىدىن،
بىخەبەردۇرلار ئۆز جەمالىدىن.
بەھرەۋەردۇر جەمىئى مەخلۇقات،
يەر يۇزى ئۆزرە جەمىئى مەۋجۇدات.
بىرىسى پادىشاھى دىن ئېردى،
خەلق ئارا ئولكى مەھ جەبىن ئېردى.
تەڭرى قىلسە رەئىيەگە سەرۋەر،
قەھرۇ، لۇتفۇ سىفاتىدۇر مەزھەر.
بەلكى مەزھەر بولۇر ۋۇجۇدىدا،
ھەرزەنى غەيب ھەم شۇھۇدىدا.
ئاشكارا قىلۇر ھەم ئۆزلەرىنى،
مېھر يەڭلىغ مۇنىرى يۇزلەرىنى.

نەچە كىم تىلسىماتى سۇرەتدىن،
ئەل تاپالماس خەبەر، بۇ ھەيئەتدىن.
كەلتۇرۇپ شەرئىنىڭ كەلىدىنى،
مەۋجۇد ئەيلەپ ئۇلۇغ نەۋىدىنى.
پەتھى ئەيلەر تەرىقەت ئىلكىدىن،
كۆرسەتۇر خەت غەرىب كىلكىدىن.
كىم چىقىپ كۆزلەرىدە قىلسە نەزەر،
كۆرگۇسىدۇر ۋەگەرنە ئەسلى خەبەر.
شاھلىق تەختىدە بولۇپ دەرخاست،
كۆرسەتۇر نەچچە ئەلگە راھى راست.
يوقكى ھاجەت بۇلارغە سۇلتانلىق،
ھەشمەتۇ دەبدەبە نە خاقانلىق.
نې كىبرەك ئىشكىدە دەربانلىق،
يەنە ئىلمۇ مەئاشۇ دىھقانلىق.
زاھىرەن كەلدى گەرچە زەندەئى پۇش،
فىلھەقىقەت ئەمىرى زىندەئى پۇش.
بىر نەفەسدە قىلۇر جەھاننى سەير،
نە ئۇچۇپ يەتكۇسى بۇ يەرگە تەير.
بار بۇلاردا سەئادەتى ئۇزمى،
باشلارىدا بۇ دەۋلەتى كۇبرى.
يەئنى تەڭرى ئىشارەتى بىرلە،
ۋەلىلىقنىڭ بىشارەتى بىرلە.
مالىكى جۇدىن ئولغاي دۇنياغە،
تۇرفەراق رۇتبەئى مۇئەللاغە.
قىلغۇسىدۇر تەسەررۇف ئادەمنى،
يوقكى ئادەم جەمىئى ئالەمنى،
بولدى مەنسۇف بۇ رۇتبەكىم شەھغە،
يەئنى داۋۇد خەلىفەتۇللاھغە.
ياد قىلدى ئانى بۇ ئايەتدە،
سابىت ئون ھۇكمىدۇر دەلالەتدە.
دىدى ئەۋۋەل خەلىفەتەن فىلئەرز،
سەلتەنەتىنى ئۆزىگە بىلدى فەرز.
**شاھلىق** قىلدى ھەم پەيەمبەرلىك،
**يول** يۇتۇرگەنگە قىلدى رەھبەرلىك.
بىل بۇ يەڭلىغ ئىشارەنى نافىئ،
كەلدى مۇنداغ دەلىلىكىم ساتىئ:
شاھلىق كىمسە ئىلىگە كەلگەي،
ئانى تەڭرى ئەتاسىدىن بىلگەي.
بىل ئانىڭدىن ئىكىنچى تەنبىھدۇر،
بىلسە ھەرشەھ بۇ سۆزنى خۇب شەھدۇر.
كۆردىكىم مۇلكنى بىرەۋدىن ئالىپ،
مۇنى قويدى ئانىڭ يولىغە سالىپ.
بەردىكىم ئالسە ياندۇرۇپ نە ئەجەب،
تەڭرىدىن يەتسە چۇن بۇ نەۋئى شەئەپ.
شۇكر قىلغاي بىلىپ غەنىمەت ھەم،
كەتمەگەي ئىلكىدىن بۇ رەفئەت ھەم.
بەردى ھەق گەرچە مۇلكۇ دۇنيانى،
ئۇمر فانى ئىرۇر جەھان فانى.
قولغە كەلگەن زەمان بۇ يەڭلىغدۇر،
ئەدلىغە جەھد ئەيلەگەي قىلغۇر.
ئارايەت مۇلك ئىلە بۇ ۋاستەسى،
بول ئىرۇر ئۇقبىگە بۇ زابىتەسى.
دەھرىدە يوقكى دەۋرنى سۇرگەي،
مۇلك دىننى قولغە كەلتۇرگەي.
تاپسە شەھ سەرىرىدە ئىسبات،
قالغاي ئىككى جەھاندا ياخشى ئات.
بىل ئۇچۇنچى ئىشارەت ئىنسانى،
بىل خۇدانىڭ خەلىفەسى ئانى.
بىل چاھارۇم ئىشارەت ئول جانغە،
ئايەت فەھكۇم ئولكى سۇلتانغە.
يەئنى ھۇكمى ئەيلەسۇن رەئىيەگە راست،
تەڭرى ھۇكمنى ئەگەر قىلۇر دەر خاست،
چۇنكى شەھلەرغە ئەدلدۇر ۋاجىب،
دىنى ئىسلامغە بولسە ئول ھاجىب.
بىلدۇرۇپ ھۇكمى شەرئىنى ئەلگە،
بەرمەگەي شاھلىق ئىشىن يەلگە.
خۇب تۇزەتكەي شەرىئەت ئەھكامىن،
ئەدلى رەيھانىغە قويۇپ كامىن.
بەرمەگەي خەلقغە سوراغ ئىشىنى،
ئۆزى قىلغاي نە قىلسە قىلمەشنى.

چۇنكى شەھ نايىبىدا بۇ خىسلەت،
بولماغاي شاھلارىدىكى شەفقەت.
بولسە نايىب ئەگەرچە شەۋكەتلىك،
ئوردا ئىچرە نەچە ھۇكۇمەتلىك.
شەفقەتى بولماغاي رەئىيەتكە،
سەفھىدە يازدىلەر بۇ سۇرەتكە.
شەفقەتۇ مەرھەمەتلەرى ئىشىدىن،
بەش كىشىدە بولۇركى بەش كىشىدىن.
ئۆزگەلەر كۆڭلىدە بۇ نەۋئ بولماس،
دۇررى شەفقەت بۇلار كەبى بولماس.
تەڭرىنىڭ رەھمەتىگە زىجانغە،
ئەنبىيا مېھرى ياخشى ئىنسانغە.
يەئنى ئۆز ئۇممەتىغە بولغاي بەس،
بولماغايلار بۇلاردەك ھاجەت رەس.
شاھلار شەفقەتى رەئىيەتكە،
باردۇرۇر يوق نەزەر بۇ ئۇلفەتكە.
ھەم ئانا شەفقەتى فەرزەندكە،
دائىما كۆڭلى ئىچرە پەيۋەندكە.
شەيخنىڭ شەفقەتى مۇرىدلەرغە،
مۇئتەقىد مۇخلىسۇ سەئىدلەرغە.
بىل بەشىنچى ئىشارەتىدۇر ئەدل،
ئاڭا مۇنداغ بىشارەتىدۇر ئەدل.
جەبر بىرلە زۇلۇمنى قىلغاي دەفئ،
ئەل باشىدىن بۇ دەرد بولغاي رەفئ.
بىلكى ئالتىنچىسىنى نېدۇر بۇ،
بولسە سۇلتان خەيالى گەر ھەق جو.
قىلماغاي ھۇكم شەرئىدىن بىرۇن،
گەرچە بولسە دىلى ئاڭا مەقرۇن.
يەئنى ئۆز خاھىشى بىلە پەرمان،
قىلماغاي قىلسە كۆڭلى ھەم ئەرمان.
چۇنكى بۇ زۇلمدۇركى ئەدل ئەمەس،
شەھ ئەمەس ئەدل گەۋھەرىن تىزماس.
بىل ئىشارەت ئېرۇركى يەتتىنچى،
ئەيلەسۆن پادىشاھ سۇخەن سىنچى.
چۇن ۋەلاتەتتەبىئكى قۇرئاندا،

ياد قىلدىكى تەڭر فۇرقاندا.
بولماغاي شاھلار ھەۋاغە تەبىئ،
دەھرىدە نەفسىدەك بەلاغە تەبىئ.
بولسە ھەركىم ھەۋاغە پابەستە،
كىمسەدۇر يوق مۇنىڭ كەبى خەستە.
گەرچە فىرئەۋن دېدى خۇدا ئۆزىنى،
قويغان ئېردى ھەۋا سارى يۈزىنى.
بولدى سەككىزىنجىسى ئىشارەت ئاڭا،
فەيزۇللەگە ئېرۇر بىشارەت ئاڭا.
بولسە فىكر ھەۋايى سۇلتاندا،
يول يۈتۈرمەك ئېرۇر بۇ دەۋراندا.
ھەر كىشىكى ھەۋانى تەرك قىلۇر،
سىدق بىرلە سەفانى دەرك قىلۇر.
توققۇزىنچى ئىشارىتى ئالىي،
ئاڭلاسۇنلار بۇ ئەمرىنى ۋالى.
دېدى: «ئىننەللەزىينە» قۇرئاندا،
كەلدى ئايەت كەلامى سۇبھاندا.
راست يولدىن كىشىكى قىلدى خۇرۇج،
زېھنۇ فىكرى ھەۋاغە ئەتسە ئۇرۇج.
يانماسە گەر بۇ فېئلىدىن سۇلتان،
بولسە بۇ دەرد بىرلە سەرگەردان.
كۇفر ئىمانىنى ئۇرار بەرھەم،
تاپماغاي بۇ كەسەلگە ھېچ مەرھەم.
بىل ئونۇنچى ئىشارەتى، ئەي شاھ،
يارلىقادى كەلامى ئىچرە ئىلاھ.
شاھلىق رۇتبەئى نۇبۇۋۋەتدىن،
بىرسىدۇر دەلىلى ئايەتدىن.
چۇنكى شەھلىخ ئىشى بۇدۇر قىلماق،
دىن گۇلى زور بىرلە ئاچىلماق.
ئەمر ئىلە نەھيىدىن نىشان بەرمەك،
ئۇناسە ئەمرغە ئەمان بەرمەك.
باۋەر ئەتمەس رەۋا بۇ خەلقىغە،
قەھر ئىلە تىغ سۇرمەك ھەلقىغە.
شەرئى ئەمرىن بىجا كېتۈرمەكلىك،
كۇفرۇ بىدئەت ئىشىن يېتۈرمەكلىك.

تەڭر قىلسە بىرەۋنى پەيغەمبەر،
بولدى ئۆز قەۋمى هالىغە رەهبەر.
ياكى ئۆتسە جەهاندىن هەر ئۇلەما،
ئامىيلارغە ئىبرۇركى راهى نەما.
لىيك بۇ ئىككىسىگە سۇلتانلىق،
ئىمتىزاج ئولسە خۇب جەهانبانلىق.
چۇنكى بولغاي تەسەررۇفى بىسيار،
پات يىقىندا بولۇر بىرسى هەزار.
سۆزىنىڭ تەئسىرى بولۇر ئەفزۇن،
شەۋكەتى هەم شۇمارىدىن بىرۇن.
دىن ئىسلام ئۈچۈن سەلاتىنلار،
ئىجتىهات ئەيلەسە خەۋاقىنلار.
زەبتى بىرلە بولۇر قەۋى ئىسلام،
زەرەبىدىن قۇشى تاپار هەم گام.
تەڭرىدىن يەتسە گەر پەيەمبەرلىك،
قىلغاي ئۆز قەۋمى ئىچرە رەهبەرلىك.
ئالماغۇنچە سەلاه غەيرەتىنى،
قولغە يەئنى سەيفى هىمەتىنى.
خەلق ئىچرە قىلىپ نەچە دەرخاست،
هەرب قىلماي بۇ رۇتبە بولمادى راست.
شاهكىم ئەيلەسە جەهانبانلىق،
يوق جەهانبانلىق بەلكى سۇلتانلىق.
كۆڭلىدە بولسە ئەدل ئىلە ئىنساف،
قىلماسە شەرئىنىڭ سۆزىنى خىلاف.
زۇلەمالارنى بىر تەرەف قىلسە،
پۇقەرالارنى كۆزىگە ئىلسە.
يەئنى فىسق ئەهلىنى يامان ئىشىدىن،
يانسە قورقۇپ ئەگەر بۇ دەررىشىدىن.
بەرسە قۇۋۋەت فەقىر-زەئىفلەرگە،
هەم ئەسىرۇ، يەتىم نەهىفلەرگە.
بىلسە خۇب ئالىمۇ ۋەلىلەرنى،
تەربىيەت ئەيلەسە قەۋىيلەرنى.
تاكى تاپسە سەلاه تائەتكە،
ئەيلەسە زۇهد ئىلە ئىبادەتكە.
دەهر ئارا تا بۇلار تىرىك بولغاي،
شەه بۇلار زۇهدىغە شەرىك بولغاي.
بۇ سەئادەت قايۇكى داۋەرگە،
كىمگەكىم شاه ئەبۇل مۇزەففەرگە.
بولسە نە خۇشدۇرۇركى بۇ دەمدە،
يوقكى بۇ دەمدە ئىككى ئالەمدە.
شاهكىم ئەل ئىچىدە بىدئەتلەر،
قىلسا پەيدا فەسادۇ سەنئەتلەر.
ئوردا ئىچرە يامان مۇلازىمنى،
ساقلاسە بەدنىيەت مەخادىمنى.
قىلسە فەرمان بۇلارنى سەهراغە،
بارسەلەر هەر تەرەفكە دەئۋاغە.
ياكى جىزيە ئىشىغە ئەزم ئەتسە،
كەنت ئارا فىسق بىرلە بەزم ئەتسە.
بولماسە خۇيۇ فىئلى ئىنساندەك،
كىبرىدە گۇيياكى شەيتاندەك.
يەتكۈزۈپ شاهدىن هۇكۇمەتنى،
تارىسە ئاندا تۇخمى بىدئەتنى.
دانەسىكىم ئۈنۈپ دىيار ئىچرە،
قالسە ئەل زۇلم بىرلە نار ئىچرە.
قالسە جەۋر ئىچرە كۆپ رەئىيەتلەر،
بولسە ۋاقىئ بۇ نەۋئ بەلىيەتلەر.
بىگۇنەهلەرغە ئەيلەسە تۆهمەت،
پۇللارىن ئالسە بەلكى بىهۇجەت.
ناهەق ئىشلارنى ئەيلەسە پەيدا،
نەفس سەگكە بولۇپ بەسى شەيدا.
ئالسە ناهەق يەتىملەر ئەمۋالىن،
بىلسەلەر دورغاسىنىڭ ئەهۋالىن.
شاهى غافىل بولۇر ئاڭا زامىن،
بولماغاي تاڭلا هەشرىدە ئامىن.
چۇن قىيامەتكى رۇزى ئەكبەردۇر،
زۇلملىق ئەلنىڭ هالى ئەبتەردۇر.
كۆركى بۇ چەرخ بىۋەفا مەككار،
هىيلەگەردۇر ئوجۇزە هەم غەددار.
نەچچەكىم گۇلئۇزارى بەرنايى،
سەلتەنەت بىرلە شاهى دانايى.

مۇددەتی نەچچە کۈن قىلىپ شەۋھەر،
ھەرکۈنی باشىدىن ساچىپ گەۋھەر.
کۆرگۈزۈپ دەھرىدە ھەزارى نىشات،
بۇ نىشاتىکىم شۇمارىدىن ئىفرات.
سەلتەنەت تەختىدە مەکان بەردی،
ئەل ئارا ھۆکمىنی رەۋان بەردی.
خەسىم ئىلە ئىپتىدا قىلىپ جەڭدىن،
تارتىبان بىر قولىدا ئەۋرەڭدىن.
يىقىتىپ يەر ئۆزە يۈزى بىرلە،
کىنە ئەيلەپ قاراپ کۆزى بىرلە.
يانە بىر دەستىغە ئالىپ شەمشەر،
جۈملە ئەيلەپ بەياندا ئانداغ شەر.
ئەيلەگەي زەرب بىرلە باغرىن چاك،
چارە تاپماي بولۇر بۇ نەۋئی ھەلاك.
قايسى باش تەکىيەگە قويۇپ ئانی،
ئۈزمادی، کەتمەدی ئانىڭ جانی؟
قايسى ئىش کەمدۇرۇرکی تويغازدی،
يارمادی تىغ بىرلە قۇتقازدی.
قايسى ھەلقۇمدۇرۇرکی ياخشى نۇش،
ئاقىبەت قىلمادىکی زەھر ئاغۇش؟
قاي سۆڭەکدۇرکی ئانچە ئەيلەپ نەغز،
قويمادی تا سۈمۈرمەيىن ئول مەغز؟
مۇنچەکىم زىندەلەرغە بەردی جان،
ئانی ئۆلتۈرمەيىنکی قويدی ئامان؟
شاھلار باشىغە بېرىبان تاج،
قويمادی يۈزلەرىگە ئۇرماي كاج؟
کىمسەنی مىکر ئىلە سۆيۈندۈردی،
ئاسرادی خاری غەمنی ئۈندۈردی.
قايسى تەندۇر بىلىپ ئانی يولداش،
ئۇرمادی غۇنچەدەك دەھانىغە تاش؟
کۆرسەتىپ دەۋلەتىن ئاڭا بىسيار،
قىلمادی خەس کەبی زەمىن ئۆزە خار؟
قايسى بىچارەلەرنی بۇ دەۋران،
قىلمادی يەر بىلە ئانی يەکسان؟
کىمنی سۇلتان ھۇزۇرىدا قويدی،
سويمادی پوستىنی کۆزىن ئويدی؟
شاھ بولسۇن، جەھان خاھى گەدا،
بولغاي ئاخىر لەھەد ئاڭا مەئۋا.

## تەنبیھ

قىلدی مۇنداغ رىۋايەتی ناقىل،
بار ئىدی بۇرنا بىر شەھەر ئاقىل.
خاتىرى ئەدلىدىن بولۇپ ئاگاھ،
کىم ھەمىشە ئىېردىلەر زەبىھۇللاھ.
ياخشى خىسلەتلەرى نەچە قىسمى،
ئىېردی ئابدۇلھەمىد ئانىڭ ئىسمى.
تەختى ئىززەتدە بەرقەرار ئىېردی،
يوق نىمە مەخزەنىدە بار ئىېردی.
نەگاھان شاھنىڭ رەئىيەتىدىن،
رەسم ئايىن بىلە مەشىيەتىدىن.
بىر کىمەرسە بىرەۋگە يەر ساتتی،
ئالدی پۇل، ئۆز مەکانىدا ياتتی.
مۇشتەرى قىلدی يەرنی ھەمۋارە،
چىقتی يەردىن زەھەب نەچە پارە.
تاپسەکىم پارەسىن بۇلار ئەغنا،
ئەدەدی لايەئۇددۇ لايەھسا.
ئاڭلادی ئول قويۇپ گۇزەر قىلدی،
ساتقۇچىغە مۇنی خەبەر قىلدی.
مۇشتەری قاشىغە کېلىپ ئول يار،
کۆردی ئالتۇنىنکىم بۇ يەردە بار.
دېدی ئول مۇشتەرى: «بۇ دۇرنی ئالىڭ،
قويمايىن ھېچ خەزىنە ئىچرە سالىڭ.»
دېدی بايىئ زەمىننی ئالغۇچىغە،
يەئنی ئول تەبلی دىننی چالغۇچىغە:
«بۇ زەمىننی ساتىپ ئىدىم سىزگە،
ئەمدی ھاجەت ئەمەس بۇ زەر بىزگە.»

بۇ ئىكەۋدە بەسى جەدەل بولدى،
كىم جەدەل بىرلە مۇھتەمەل بولدى.
يولغە كىردى يۈزىگە قوندى گەرد،
باردى شاھ قاشىغە بۇ ئىككى مەرد.
ئەرز قىلدى سۆزىنى سۇلتانىغە،
قالدى ھەيران بۇ ئىككى ئىنسانىغە.
ئول زەمان قىلدى شاھ ۋەزىرىغە خىتاب،
قىل كى تەدبىر نەدۇر بۇ يەردە جەۋاب.
ۋەزىر ئايدى: «ئايا ئەمىرى جەھان،
بولسە ھەر يەردەكىم خەزىنە نىھان.
ئاشكار ئولسە ھەر زەمان مەخزەن،
شەھغە ئالماق كېرەك ئانى بىزەن.»
ئاڭلادى شاھ بۇ سۆزنى دەستۇردىن،
ئالغاي ئەمرى ئەمەلنى مەئمۇرىدىن.
دېدى: «قىلدىڭ بۇ نەۋئى گۇفتارى،
چىق، كۆرۈنمە، بۇ ئوردادىن نارى.
ئالماسە بۇ ئىكەۋ قىلىپ ئىنساف،
مەن نە قىلغۇم بولۇپ ئاڭا ئالغاف.
تاڭلا سورسە خۇدايى ھەردۇ جەھان،
نېگە بىلدىڭ ھەلال مۇنى ئەي جان؟
مەن نېچۈك بەرگەمەن بۇ زەرگە جەۋاب،
زەرنى يەپ بولغامەن سەزايى ئەزاب.»
سوڭرە باقتى بۇ ئىككى ئادەمغە:
«قالماڭىزلار بۇ ۋەجھىدىن غەمغە.
ئالىڭىزلار ئىكەۋ قىلىپ قىسمەت،
ئەيلەدىم زەرنى ئالغالى رۇخسەت.»
دېدى شاھغە يەنە بۇ ئىككى بەشەر:
«جانىمىزغە بەلا بۇ سيمۇ زەر.
قىل خەلاس بىزنى سەن بۇ ئافەتدىن،
دۇنيەۋى ھىرىسدىن، كەسافەتدىن.»
شاھ ئايدى يەنە بۇلارغە قاراپ،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ مىسالى سەھاپ.
بارمۇدۇر ئىككىڭىزدە كىم فەرزەندە،
قىز ـ ئوغۇل بولسەلەر قىلىپ پەيۋەند.
بۇ زەھەبنى ئۇلارغە بەرگەيمەن،
ئەدلىنىڭ جەۋھەرىنى تەرگەيمەن.
پاسۇخىغە دېدى بۇ ئىككى يار:
«ھالا بىر قىز بىلە ئوغۇل ھەم بار.
يەتمەگەندۇر ھەنۇز بەلاغەتكە،
ئەرزىمەس ئەقد ئىلە فەراغەتكە.»
دېدى سۇلتان: «ئەگەرچە بولسە كىچىك،
كەلتۈرۈڭلار بارىپ قاشىمغە ئىتىك.»
بۇ ئىكى بەچچەنى كەتۈردىلەر،
ئەسلى بولماي ھەيەل يەتۈردىلەر.
شول زەمان بىر ـ بىرىگە قىلدى ئەقد،
سيمۇ زەرنى بۇلارغە بەردى نەقد.
بۇ ئوغۇلغە دەر ئېردى ھارۇن نام،
نىك ئەندىش مەخازىنى ئىسلام.
قىزنىڭ ئىسمى بۇۋى سەلىمە ئىدى،
سەفھىدە ۋەسفى نە ياخشى دېدى.
شەھغە ئايدى ئوغۇل بىلە بۇ قىز،
ئەشكىنى ئەبر يەڭلىغ ئەيلەپ رىز.
گىريە زارى بىلە قىلىپ فەرياد،
كىم بۇلار شەھغە قىلدى مۇنداغ داد:
«ئۆمرىمىز نەچچە يىل بۇ ئالەمدە،
ئۆتەدۇر شادلىق بىلە غەمدە.
رىزقىمىزنى بېرۇر خۇدايى جەھان،
كۆزىمىزدىن قىلىڭ بۇ زەرنى نىھان.
ئالماسە بۇ خەزىنەنى ئاتامىز،
بىز نېچۈك دىنىنى دەھرىغە ساتامىز.»
شاھ چىرلاپ نەچە مۇشاۋەرنى،
ئورتاغە سالدى بۇ مەھازەرنى.
ئول گۇرۇھدىن بىرى بۇ نەۋئى مەقال،
دېدى: «كۆمسەك مۇنى يەنە ئەلھال.
بولمادى شاھقە بۇ سۆز مەئقۇل،
قىلمادى ھەم مۇنىڭ سۆزىن مەقبۇل.
يانە بىرسى دېدى بۇ يەڭلىغ سۆز:
«يەرگە كۆممەك مۇنى ئەمەستۇر تۈز.
بۇ زەھەبكە ئالىپ زەمىنى ۋەسىئ،
ئەيلەسەك ئاندە بىر ھەدىقە رەفىئ.

هەركىشى بەرسە نەچچە تۆپ ئەشجار،
قىلالى زەر بەھاسىغە ئىسار.
بولغۇچە بۇ دەرەختلەر ئاباد،
قىلالى چەۋرەسىگە تام بۇنياد.
ئەيلەسۇن نەچچە ئەل نىگەھبانلىق،
يەتمەسۇن بۇ شەجەرغە نۇقسانلىق.
يەتسە گەر مىۋەلەر كەمالىغە،
بىز خەيال ئەتكەن ئىبتىدالىغە.
سەدىقە قىلساق فىسەبىلىللاھ،
فۇقەرالارنى ئەيلەسەك ئاگاھ.
يېسەلەر مىۋەسىن گەداۋۇ فەقىر،
بىيكەسۇ بىۋەلەر، يەتىمۇ يەسىر.
قىلماغاي مەنئى ھېچ كىشى ئانى،
يېسەلەر نەفئى ئالسە زىجانى.
تاڭلا سىزگە ئۇلۇغ ھېسابى بولۇر،
ساھىب زەرگە ھەم سەۋابى بولۇر.»
كۆردى مەئقۇل بۇ نۇكتەنى سۇلتان،
ئىلتىفات ئەيلەدى مۇڭا چەندان.
سوڭرە باقتى سەلىمە هارۇنغە،
يەئنى سۇلتان بۇ ئەر بۇ خاتۇنغە.
زەھەبۇ نۇقرە ئەيلەدى ئىنئام،
ھەددىدىن بىيشۇمارراق ئىكرام.
بۇ گۇرۇھ ياندى ئۆز چەمەنلەرىغە،
كىم چەمەن ئەمەس ئۆز ۋەتەنلەرىغە.
قىلدى بۇ مەشۋەرەتنى ئول ئاقىل،
«بەردىدىن» دېدى ئىسمىنى ناقىل.
شاھغە بولغان ئۈچۈن كەلامى پەزىر،
قويدى دىۋانىدا بۇ تەننى ۋەزىر.
شول زەمان ئول زەھەبنى تاپشۇردى،
بەردىدىنىڭ قولىغە تاپشۇردى.
دېدى: «بىلگەن خەيالىڭىزچە قىلىڭ،
ئۆزىڭىز سەرىپ ئېتىپ بۇ ئىشنى بىلىڭ.»
ئالدى دەستۇر قولىغە ئالتۇننى،
يەئنى ئول يەر ئىچىدە مەدفۇننى.

ئالدى بىر قەريەدە زەمىننى فەراخ،
پۇل بېرىپ ئالمادى ۋەلي گۇستاخ.
سوڭرە ئەلگە بۇ نەۋئ سەدا قىلدى،
شەھرۇ سەھرا ئارا نىدا قىلدى:
«بەرسە بىر تۆپ كۆچەت ئەگەر بىر يار،
ئالسۇن ئول بىر تۆپىگە بىر دىنار!»
ئەلدىن ـ ئەلگە بۇ سۆزنى ئاڭلاتتى،
فەقىر ئولسۇن، غەنى كۆچەت ساتتى.
بەردىدىن تىكتى بۇ شەجەرلەرنى،
يوق شەجەرلەرنىكىم سەمەرلەرنى.
قىلدى ئەھلى خىرەد شەجەرنى شۇمار،
ئەدەدى ئېردىكىم نەۋەد نۇھ ھەزار①
چەۋرەگە قىلدىلەر رەفىئ جىدار،
قالمايىن كۆكلەدى ھەمە ئەشجار.
تەربىيەت ئەيلەدى نىھالىغە،
يات يەقىن يەتتى خۇپ كەمالىغە.
قويدى ئوتتۇز كىشىنى باغ ئۆزرە،
باغ ئەمەس لالەزارى تاغ ئۆزرە.
كىم بولۇپ ئېردى مۇددەتى ئۈچ يىل،
مىۋە بەردى كۆچەتلەرى بىقىل.
بەردىدىن ئەرز قىلدى سۇلتانغە،
ئامىلۇل ـ ۋەقتى شاھى دەۋرانغە:
«ئولكى ئىشقە قىلىپ ئىدىڭ فەرمان،
راست قىلدى بارىن خۇدايى جەھان.
بەندەسىن يەتكۇرۇپ ۋىسالىغە،
يەتتى بارچە كۆچەت كەمالىغە.
بەردى مىۋە شەجەرلەرى يەكسان،
ھۇكم ئەيلەڭ يېسۇن ھەمە ئىنسان.»
شاھقە چۇن بۇ مەقال ئاڭلاندى،
شول زەمان باغ سارى ئاتلاندى.
جەمئى كەسرەت بىلە چىقىپ تۇردى،
يەتتىكىم باغبانىنى كەلتۇردى.
كىردىلەر باغ ئىچىگە قىلدى سەير،
شادلىقىدىن ئۇچۇپ مىسالى تەير.

① نەۋەد نۇھ ھەزار — 99 مىڭ.

رەڭ-بەرەڭ مێۋەلەرنیكىم كۆردی،
بەئزىسىن ئۆزدی كۆزىگە سۈردی.
دێدی قىلغۇم بۇ كۈن كێچە ئىشرەت،
باغ ئىچرە بەسی تۈزۈپ ئەترەت.»
ئاڭلاغاچ شاھنىڭ سۆزىن دەستۇر،
یىغدی ئەسبابىنی بولۇپ مەسرۇر.
ئۇینا ماق كار بارىن ئەتتی ئەزم.
كۈن نۇزۇل ئەیلەگۈنچە تۈزدی بەزم.
ۋەقتی خۇرشىد یۈزىگە یاپتی نىقاپ،
كۆرۈنۈر ئێردی ھەر تەرەف مەھتاب.
باغ ئىچی روزىدەك ئىدی رەۋشەن،
كۆرۈنۈر ئێردی یەر تەمام گۈلشەن.
ئایدی شەھ: «بۇ نێچۈك یارۇغلۇقدۇر،
ھالا ئای-كۈن فەلەك ئۆزرە یوقدۇر.»
بەدرىدىن قوپتی دێدی: «ئەي سۇلتان،
كۆرۈنۈر ھەر تەرەف كەبی رەخشان.
ئۈلكی نەچچە ئەدەد ئىدی ئەشجار،
بەزىسی بولدی نۇردەك ئەسمار.
بۇ یارۇغلۇق ئانىڭ زیباسىدۇر،
ئایۇ كۈن نۇر ئىقتىباسىدۇر.»
سەیر ئێتىپ كۆردىلەر مۆلازىملار،
دەۋر ئێتىپ ھەرتەرەپ مەخادىملار.
ئاچتىلەر ھەرتەرەفكە ئەبسارىن،
ئۆزدىلەر شەبچىراغی ئەسمارىن.
شولزەمان قوللاری قۇرۇپ قالدی،
تۇتغالی بولمایىن تۇرۇپ قالدی.
ئاڭلادی بۇ خەبەرنی چۈن سۇلتان،
چىرلادی خەلقنی قالىپ ھەیران.
كۆردىكىم قوللاری بولۇپدۇر شەل،
یانە قەددی بولۇپ مۇھەددەب یەل.
سەییە بىرلە بولۇپ بۇلار گىریان،
جان دىلىدە دەر ئێردی: «یا سۇبھان.»
شاھ بۇلارغە دێدی بۇ یەڭلىغ سۆز:
«یوقكی مێۋە ساری سالىپسىز كۆز.
یەپسىزۇ تویغىچە ئۆزۈپسىز ئانی،

زایىئ ئەیلەپ داغی بۇزۇپسىز ئانی.
باغ ئىچىندە نەچە شەجەرلەر بار،
فۇقەراغە قىلىپ ئىدىم ئىسار.
ئاجىزۇ ناتەۋانلار ھەققىنی،
یەپسىزۇ بىكەسانلار ھەققىنی.
ئەمدی نێ سۇد ئێرۇر پۇشایماندىن،
ھەر زەمانی یىراق بولۇڭ ئاندىن.
یەنە بۇ ئەل قىلىپ فىغانی خۇرۇش،
یاتتىلەر بەئزىسی بولۇپ بىھۇش.
شاھنىڭ رەھمی كەلدی بۇ ئەلگە،
مۇھلىك ئۆلمىش ئاقىپ بۇلار سەلگە.
ئەزم قىلدی قوپۇپ تەھارەتكە،
سوڭرە تۇردی نەمازۇ تائەتكە.
پارىغ ئولدی نەمازىدىن سۇلتان،
قول كۆتەردی بولۇپ بەسی گىریان.
دێدی ئامىن ھەمە مۆلازىملار،
یىغلاشىپ تەۋبە دەپ مەخادىملار.
ئىلتەجا كەلدی باشىن ئەیلەپ ئەۋر،
فارىغ ئولدی دۇئاسىدىن فىلفەۋر.
بولدی مەقبۇل خۇداغە بۇ دەئۋەت،
بارچەنىڭ تاپتی قوللاری سىھھەت.
بەھدەزان چىرلاتىپ ۋەزىرىنی،
ۋەزىر ئەمەسكی، دىل پەزىرىنی.
دێدی: «ئەي بەدرىدىن سۆزۈمنی ئىشىت،
سەنكی بولدۇڭ كەڭەشدە یاخشی یىگىت.
شەھرۇ سەھرا ئێلىگە قىل ئێئلام،
فۇقەرا ئاڭلاسۇن سۆزۈڭنی تەمام.
كىم فەقىر، ناتەۋانۇ بىچارە،
ئاجىزۇ ھەم یەتىمۇ ئەۋۋارە.
بولسە كەلسۇن، یێسۇن بۇ باغدا یێمىش،
بەھرە ئالسۇن بۇ قەۋم یاز ئىلە قىش.
كىم تەۋانگىر ئێرۇر یىراق قاچسۇن،
یێمەسۇن ئەقلىنىڭ كۆزىن ئاچسۇن.»
شەھنىڭ ئەمرىن ئىشىتتی چۈن دەستۇر،
بولدی ئالەم ئارا بۇ سۆز مەشھۇر.

هۆكۈمرانلىق جەھاندا تاپتى ئەۋج،
كېلىۋر ئېردى بۇ باغقە فەۋجۇ فەۋج.
ئۆزى يەپ ئۆيىگە توشۇر ئېردى،
خەرج قىلماق ئۈچۈن ساتۇر ئېردى.
فۇقەرا ئانچە پۇل تاپىپ مۇمتاز،
بولۇر ئېردى غەنى بىلە ھەمراز.
كىرسە ئەل باغ ئىچىگە مىسلى زاغ،
مىۋە ياتغاچ كۆرۈنمەيىن تۇپراغ.
تەگرى بۇ شاھنىڭ ئەدالەتىدىن،
مۇردىغ ئەنقا كەبى قەنائەتىدىن.
بۇ ھەدىقە داغى يوقالماس ئىمىش،
مىۋەسى كۆپ بولۇپ سوغالماس ئىمىش.

ئىزدەگىل ئەي زىيائى ئامىلنى،
كىمسەنى پادىشاھى ئادىلنى.
نې كەبى خىزمەتىگە بەل باغلا،
پانى دۇنيا مەقامىنى چاغلا.
مۇئتەبەر نۇسخەدە ئېرۇر بۇ خەبەر،
قىلدى تەئيىن ھەدىسدە پەيغەمبەر.
ئول ھەدىس ئەدل سائەتەن خەيرۇن،
غافىلۇن مىنھۇ ئۇممەتى غەيرۇن.
شاھىكىم ئەدلى قىلسە بىر سائەت،
يۈزلەنۇركىم ئاڭا بۇ نەۋئ تائەت.
بىريىا بەندەلىكنى ئاتمىش يىل،
قىلسە ئاندىن زىيادەدۇر بىيقىل.

## شاھى زەمان مەدھىيە

شۈكرىللاھكى، ھاكىمى دەۋران،
شاھ زوھۇرىدىن ئول ئۇلۇۋۋى نىشان.
شاھ ئەبدۇلھەمىدكە مانەنددۇر،
دەۋر ئەندىش ئەجەب خىرەدمەنددۇر.
ئۇخرەۋى ئىشلارىن قىلىپ پىشە،
خاتىرىدۇر ئەدالەت ئەندىشە.
فىكر ئېتىپ خەير بىرلە ئېھسانىنى،
خالى قالغان سۇدىن بەيابانىنى.
نەفئى بولسۇن دەبان خەلايىققە،
فۇقەرا ئەھلى ئىلمى فايىققە.
سەئيى ئەيلەپ چىقۇر تەگىزدىن سۇ،
ئاقىزۇرغە ئۆزى چىقاردى جۇ.
نىيەتىدەك قىلىپ خۇدايى جەھان،
ئاسىيا ناۋىدەك بۇ بولدى رەۋان.
نەچچە پاتمان زەمىننى قىلدى ۋەقف،
تۈزلەتىپ ئەيلەدى بويۇتى سەقف.
قالغانىن ئەلگە ئەيلەدى ئېھسان،
قانچە ساچسە ئۇرۇغىنى ئابى رەۋان.
قىلسە تەقسىم بۇ يەرنى پەيدەر پەي،
بار يەنە مەركەب ئۆزرە قىلسە تەي.

بىيشە ئېردى چۇ سەبزەزار ئولدى،
سەبزەۋارئولسە لالەزار ئولدى.
ئىلگەرى ئېردى چۆل دۆبە تۇپراغ،
ھالىيانچە يەرى شەجەر بىلە باغ.
مەنزىلى يوق فەقىرۇ دەرۋىشلەر،
مەئمەنى يوق شىكەستە دىلرىشلەر،
ساكىن ئولدى تۇتۇپ بۇ يەردە جاي،
مەزرەئە ئەيلەمەك ئۈچۈن يىلۇ ئاي.
سۇد قىلدى ئالارغا قانچە مەئاش،
بولدى ئەرزان بۇرۇنقىدىن ھەم ئاش.
تا قىيامەت ئالۇر خەلايىق نەفئ،
بولماغاي ھەم جەھاندىن ئىسمى رەفئ.
كىلكى قۇدرەت چېكىپ ئەزەل چاغى،
تەئرىفى بولدى ھەم «ئىرەم باغى».
جەھد ئېتىپ شەرئىگە رەۋەج بېرىپ،
ئەھلى بىدئەت يوق ئولدى بەئىدۇ قەرىب،
قورقۇبان ھۆكم ئىلە سىياسەتىدىن،
ئالدى بۇ تەگرىنىڭ ئىبادەتىدىن.
باش كۆتەردى لىۋائىدىن ھالا،
مۇتتەقى كۆپ بۇرۇنقىدىن ھالا.
(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# بازنامە

مولla ئەلى قۇشچى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھەمىت

مۇھەررىردىن: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدە «بازنامەئى موللا ئەلى قۇشچى» ناملىق بىر پارچە قول يازما بارلىقى مەلۇم بولدى. بۇ قول يازما جەمئىي 44 بەت بولۇپ، باش-ئاخىرى تولۇق ئەمەس. قول يازمىنىڭ فورماتى $16 \times 13$ سانتىمېتر. ئەسەرنىڭ بېشىدىن 33-بەتكىچە بولغان قىسمى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان. بۇ قىسمىدا شائىر ئوۋ قۇشلىرىنى بېقىشتا ۋە ئۇلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاشتا دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ بۆلەكتە ئوۋ قۇشلىرىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللەرنى داۋالاشقا دائىر بەزى رېتسېپلار ۋە تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرغان. «موللا ئەلى قۇشچى» دېگەن ئىسىم ئەسەرنىڭ نەسرىي ۋە نەزم قىسمىدا بىرقانچە ئورۇندا زىكىر قىلىنغان. لېكىن شائىر موللا ئەلى قۇشچىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت تولۇقراق مەلۇمات ئۇچرىتالمىدۇق. ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىدىن قارىغاندا شائىرنىڭ ئۇزۇن يىل مەخسۇس ئوۋ قۇشلىرىنى بېقىش ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم.

«بازنامە» قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئۆزىگە ئاساسىي تېما قىلغان رىسالە خاراكتېرىدىكى ئەدەبىي ئەسەر. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا بازنامەنىڭ نەزم قىسمىنى كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇق.

شەھىنشاھ كەۋنەين بەدرۇد-دۇجاھ،
ھەبىبى خۇداۋەندۇ نۇرى ئىلاھ.
كېلىپ قاتىغە ھەزرەتى مۇستەفا،
زۇھۇر ئەيلەبان سەييىدۇل-مۇجتەبا.
نۇبۇۋۋەت سەلاھىدىن ئول كىيدى تاج،
چۇنان تاج لەۋلاك تاپتى رەۋاج.
ھەبىبغە ھەق ئۆز-ئۆزى ئىلتىفات،
يىبەردى رەسۇل نەزدىگە قانچە ئات.
دېدى پەيك: «يا خاتەمەل-ئەنبىيا،
شىكار ئەيلەمەك ئەمر بولدى ساڭا.

خەبەر مەزمۇنى بىرلە ئەيلەپ قەبۇل،
كى جىبرىئىلدىن ئالدى تەئلىم رەسۇل.
شىكار ئەيلەمەك رەببىدىن بولدى فەرز،
رىۋايەت قىياسى بىلە بولدى فەرز.
قارا قۇش ئالىپ كەلدى روھۇل-ئەمىن،
شىكار ئەيلەدى سەيدۇل-مۇرسەلىن.
بۇ سۆز رەفتىسىدىن بىل ئۇيلە كەرام،
فەقالە رەسۇلۇن ئەلەيھىسسەلام.
ئېرۇر سۇننەتۇ باز ھەم مۇستەھاب،
رىۋايەت قىلىپدۇرلار ئەھلى سەلەب.

يېتىپ بەھرەت ئۇل شاھى تەھقىقغە،
ئىنان قىلدى بۇ بەكرى سىددىقغە.
ئۇلاردىن بىرى دەست بەدەست قويدى گام،
بۇ موللا ئەلى قۇشچىيۇ نىڭ نام.

شىكار ئەيلەدى مۇددەتى يارغار،
قالىپدۇر ئۇلاردىن داغى يادكار.
ۋەھالەن مۇنى بىلمەك ئەھلى سالاھ،
مۇدامەت شىكار ئەيلەمەكدۇر مۇباھ.

**چۇنانچە ئەۋۋەلقى بابدا قارا قۇشنىڭ بەيانىنى ئايتۇر، ئۇچچۇنچى بابدا قارچىغەنىڭ رەنجىنى داۋاسىنى ئايتۇر، تۆرتىنچى بابدا لاچىننىڭ بەيانىنى ئايتۇر، بەشىنچى بابدا ئەتەلكۇنىڭ بەيانىنى ئايتۇر**

ئايا راۋى، قىلغىل بەيان داستان،
شىكار ئەھلىغە دەفتەرى بوستان.
سۆزۈڭ مەزمۇنى بىرلە نەزم ئەيلەدىم،
زىھى نۇتقۇڭىز بىرلە ئەزم ئەيلەدىم.
ئەگەر ئۇبدان ئولسە قارا قۇش ئەيان،
ئانىڭ سۇرەتىدە بولۇر بۇ نىشان.
قاناتىيۇ بويىنى ئۇزۇن، ئاغزى كەڭ،
باشىنىڭ تۆكى چال بولۇر نەچچە رەڭ.
يۇگى يۇمشاق ئولسە ئۇ قۇش خوب بولۇر،
بەسى قۇشلاماغلىقغە مەرغۇب بولۇر.
ئەگەر بولسە ئۇبدان بۇ سۇرەتدەدۇر،
ۋەلې كۆزىنىڭ قىسمى ھەم يەتتەدۇر.
كۆزى ئاق ئەگەر بولسە تا قاردەك.
قىزىل بولسە تا دانەئى ناردەك.
سۇلۇغ بولسە چوڭ كۆزى مەستانەدەك،
خۇمار ئامىز ئولسە ۋەلې ژالەدەك.
كىيىكچى بولۇپ قانچە ئالمان بولۇر،
تولا بارچە قۇشلاردىن ئۇبدان بولۇر.
بۇ سۇرەتدە قۇش بولسە، ئەي شاھباز،
كى ئالغىل ئانى يامبۇغە قىلمە ناز.
قۇشۇڭ ئوبدان ئولسە داغى ياخشى خوب،
ئۆيۈڭدە داغى يېمەكىڭ تۇئمە خوب.
ئەگەر باقساڭىز ياخشى قۇشقە باقىڭ،
يامان قۇشتىن ئەلبەتتە قاتتىغ قاچىڭ.
كۆكۆل بىر خوش ئولسە جەھان كەتسە خوب،
داغى سەيدىغە جۇملە جان كەتسە خوب.
كۆكۆل خۇشلۇقغە قۇش ئالمانەدۇر،
داغى ئاتۇ زەنۇ خوش ئەلھانەدۇر.
ئەگەر ئەچكۇ كۆزدۇر تامۇرى قىزىل،
كى ئۇبدان سىفەتتە بولۇر بۇ دەلىل.
ۋەلى بولسە خالى مىيانە بولۇر،
بولۇر بىۋەددىل پات ئالىشدىن قالۇر.
يەنە بىر نىشانە بولۇر سىينە كەڭ،
قاناتىغۇ بولۇر ياخشى قۇش بىدەرەڭ.
بىلىڭ بۇ سىفەتلىك قۇش ئۇچقۇن بولۇر،
كۆرۈپ خەسمەلەر كۆڭلى پۇر خۇن بولۇر.
ئەگەر كۆز سارىق بولسە زەر مۇرەدەك،
ۋەيا بولسە كۆك رەڭگى خەرمۇرەدەك.
بۇ قاتتىغۇ بەدخۇي بولۇر بىمىسال،
ۋەلې خۇشخۇي ئولماقلىق ئەمرى مەھال.
قارا قۇش يەنە بولسە گەر كۆكسى تار،
كى پەرۋاز ئېتەلمەس ۋەلې سۇس ئۇچار.
بۇ تۇرلۇكنى دەيدۇر ھەكىمان ئۆزى،
بولۇر پەر قۇۋۋەتلىك يوقتۇر سۇدى.
سىرە سۆزۈكۇ بولسە مىنقارى قۇش،
بۇ ياخشى نىشانە بىلىڭ، ئەھلى ھۇش.
ئۇلۇغ قۇش بولغۇسى ياخشى كىچىك.
كۆزىدە يەنە ھەم ئاياغى كىچىك.
سەر ئانچە خوبى باشۇ ئاياغى چوڭ،
ۋەلې بولسە خوب يۇمۇلاق بولجۇڭ.

ئىككىنچى بابدا قارچىغەنىڭ بەيانىنى ئايتۇر، بۇ باب يەتتە فەسلدۇر

بىلىڭ قارچىغە يەتتە قىسمى بولۇر،
كى ھەر بىرىنىڭ ئۆزگە ئىسمى بولۇر.
ئىبرۇر تۆرتى ئوبدان ئۇچىدۇر زەبۇن،
بۇ تۆرتى قىلۇر سەيدىنى سەرنىگۇن.

ئىرۇر تۈيغۇنۇ تۈنجى سارۇ ئۇلا،
ئىرۇر يەنە دۇنيايى بەر ئىنتىھا.
چۇ تۈيغۇن بولۇر ئاقۇ كۇتاه پەر،
ئۇچۇش بابىدا بارچەدىن تىز تەر.
كى ئاندا كۆتەر خۇش خۇيى شاھباز،
كى سەيد ئىنتىھاسى ئۇقار بىلە غاز.
ئەگەر شاھسەن ھىممەتىڭدۇر بەلەند،
شىكارىڭغە تۈيغۇننى قىل ئەرجۇمەند.
كى شۇمقار تۈيغۇن شەه شەۋكىتى،
تۇغۇرىدا شۇڭقار بەسى دەۋلەتى.
قۇشۇڭ تۈيغۇن ئۇلسە نە دەۋلەت ساڭا،

كۆچۈك سالىپ ئۇلسە نە رەھمەت ساڭا.
ئۇشۇل شەه توغۇرىدا تۈيغۇن تۇرۇر،
كۇنىدىن كۇنى دەۋلەت ئەفزۇن بولۇر.
ئايا شەھكى شۇمقار تۈيغۇن قۇشار،
ئانىڭ دەۋلەتى يەتتە كۆكتىن ئاشار.
ئەگەر قىلسە شەه باخشىغە ئىلتىفات،
ئەتەلكۇ كىيىك ئالسە خۇش ياخشى ئات.
ئەجەب يوق ئەتەلكۇ كىيىك ئالماقى،
ئالۇر شاھنىڭ ئىلتىفات قىلماقى.
كى شۇڭقار ئەتەلكۇنىڭ ئۇبدانىدۇر،
كى شەه لۇتفىدىن كىيىك ئالماقىدۇر.

### ئىككىنچى فەسلدە تۈنجۇرنى بەيان قىلۇر

ئىككىنجىسى تۈنجۇردۇر قىسم باز،
باشى چوڭ، يوغان بوينى، قەددى دەراز.
ئىرۇر خەتلەرى بارەكۇ كىفتى كەڭ،

ئاياغى ئىرۇر ئەنزەرى چۇبە رەڭ.
بەسى زور بازۇسى ئۇچۇن دۇرۇر،
بۇ ھەم سەيدكە مىسل تۈيغۇن دۇرۇر.

### ئۈچۈنچى فەسلدە سارئالارنى بەيان قىلۇر

ئۈچۈنچى بىلىڭ سارئالار ئەھلى ھۇش،
ئاياغى ئىرۇر ئاق يۈكىدۇر دۇرۇش.

ئىرۇر زور پەنجە قۇۋۋەتلىك يوغان،
بۇ ھەم سەيدگە خۇب ئىرۇر بىگۇمان.

### تۆرتىنچى فەسلدە دىنارنى بەيان قىلۇر

كى تۆرتىنچى قىسمىسى دىناردۇر،
كى بۇلجۇڭ يۈگى دالى ھەركاردۇر.
ئىرۇر سىينەسى كەڭ، باشىدۇر يوغان،
بۇ پەررەندەئى خۇب ئىرۇر بىگۇمان.
بۇ ھەم تۆرتى خۇب قۇشلاغىل، ئەي جەۋان،
كۆڭۈل خۇشلۇقى بىرلە غەمدىن ئەمان.
ئەگەر قۇشلاغىل ياخشىنى قۇشلاغىل،
كۆڭۈلنى خۇش ئەت ياخشىنى ئاۋلاغىل.

بۇ تۆرتىنى ھەر نە دىسە بىرىپ ئال،
زەرۇ نۇقرەسىن بەلكى جان بىرىپ ئال.
بىلىڭ بۇ جەھان بىۋەفادۇر بەسى،
زەرۇ نۇقرە، مالۇ دىنارى بەسى.
كۆڭۈل بەرمەس ھەرگىز ئەگەر ئاقىلى،
بەيادى خۇدا بىرلە قۇش مايىلى.
ئايا ئەي جەۋان، كۆڭلىڭىز خۇش قىلىڭ،
شەبۇ روز خۇداغە ئىبادەت قىلىڭ.

### بەشىنچى فەسلدە زەبۇننى بەيان قىلۇر

زەبۇنى ھەم ئۈچ قىسمدۇر زەبتى باز،
ئايا ھۇشمەند، ئەيلەگىز ئىمتىياز.
كى ئۇل يۈگى بىۋە ئۇلغاي تولا،
قانات قۇيرۇغى ھەم ئۇزۇندۇر قارا.
جەھان ئىچرە كۆپدۇر فىدا ئالەمى،

ۋەلى بىلمىشۇ كۇللىسىن ئادەمى.
بار ئىرمىش يەنە جاي دەپ جانۋەر،
ئاياغ ئالىشۇر قارچىغە يەك دىگەر.
ئانىڭدىن قۇتۇلغان خىرە كۆز بولۇر،
خىرەكىم ھۇنەر خەلق ئارا سۆز بولۇر.

## ئالتىنچى فەسلدە ئىككى قىسم زەبۇننى بەيان قىلۇر

يەنە قىلتۇ بىرلە ئول جۇفت ئولۇر،
مۇنىڭدىن تۇغۇلغان قۇۋەت سەر بولۇر.
بولۇر تاز فىشانە ۋەلى كەم يۈرەك،
بولۇر تۇمشۇقى هەم ئاياغى پۈچەك.
قەدى ئىنچكەدۇر ئۆزى بىمەجال،
مۇنى قۇشلاغانلار كۆپ ئولغاي مەلال.
بەيان بولدى قارچىغەنىڭ كۇللىسى،
كى ئوبدان بولۇر ئالتەدىن تۆرتىسى.
بارى قۇش، ئايا باز، مەرغۇبدۇر،
بۇزدىن يەنە تۇلكەلەر خۇبدۇر.
بۇ ئۈچ قىسمنى قۇشلاغان تىيرەدۇر،
ئانىڭ تەبئى دون، كۆزى هەم خىيرەدۇر.
كىشىكىم بۇ ئۈچ قىسمدىن كۆتەرۈر،
تەمەسخىر يۈكىن بوينىدا كۆتەرۈر.
دېگەيسىر مۇنى ئەقلى يوق بىتەمىز،
ئوغۇل بولغانىدىن ئىدى ياخشى قىز.
كى بىر پۇلغە بەرسە مۇنى ئالماغىل،
ئۆزۈڭنى مەلامەت ئارا سالماغىل.
چۇ ئاقىل بولۇر بازنىڭ سىفەتى،
كى ئالمان چوڭىدىن خىرە جەررەتى.
كى قۇش ئالماقى چوڭ ـ كىچىكدىن ئەمەس،
ئانىڭ ئالماقى يول يوغاندىن ئەمەس.
كى قۇش تەبئىنى باخشى ياخشى ئالىپ،
كېچە كۆتەرىپ كۆڭلىنى هەم ئالىپ.
ئانىڭ ئالماقى هىممەت ئالى ئېرۇر،
يەنە ۋەجهى شەھ ئىلتىفاتى ئېرۇر.

## يەتتىنچى نەسلدە قۇش قۇشلاماقنى بەيان قىلۇر

بەيان ئەيلەيىن ئەمدى ۋەسفى نىشات،
ئېرۇر قۇشلاماغلىقدا كۆپ ئېهتىيات.
ئايا هۇشمەند ئەيلەگىل قائىدە،
كىم ئاگاھ ئەمەس تاپماغاي پايىدە.
هۇنەرمەند هۇنەر ئالماقى رەفتىدىن،
كى قۇش كامىل ئولماقلىقى باخشىدىن.
ئىشتكىل كېرەكدۇر بۇ سۆز بارچەغە،
كى ئىلكىڭگە كەلسە يىڭى قارچىغە.
كۆزىنى تىكىپ ئۈچ كۈن كۆتەرىپ،
بۇ تەرتىب بىلە باز كۆزىن ئاچىپ.
كىم ئوخلاپ سەھەرلەر كۆتەرمەك كېرەك،
سىلاپ، كۆڭلىنى ياخشى ئالماق كېرەك.
يۇۋاشىغۇچە كۆزىگە قارىماي،
كى خالىدا ئۈچ كۈن كۆتەرسۈن رىۋاي.
يەنە يەردە ئون كۈن كۆتەرمەك كېرەك،
يەنە ئاتدا ئون كۈن كۆتەرمەك كېرەك.
يەنە ئۈچ تاۋۇشقانغە يولۇق قىلىڭ،
كى ئاندىن كېيىن تاۋۇشقانغە سالىڭ.
قاچان توشقاننىڭ ئويۈنغە تويار،
ئۇ قارچۇغەنى قىرغاۋۇلغە سالار.
كى ئون مۇرغى دەشتىغە تويغان زەمان،
ئالۇر سەيد ئۆردەك، ئېرۇر بىگۇمان.
بۇ تەرتىب بىلە قۇشلاسە بازنى،
كى شاد ئۆتكەرۇر قىش ئىلە يازنى.
ئورۇن يۆتكىمەس قىلماغاي خۇيى هەم،
كى فەرۋاز ئېتىپ ئۆرلەمەس رويى هەم.
چۇ ئات كۆتىرىلمەك بولۇر قارچىغە،
بۇدۇر قائىدە ئاڭلاسە بارچەغە.
تولا ئۈچرۇقى ئۆردەك ئالسۇن يەنە،
تاۋۇشقان گۆشى بەرگەسىز ئۈستىگە.
مۇبادا تاۋۇشقان ئەتى بولسە كەم،
كىيىك گۆشنى بەرمەك چوغۇلدەكنى هەم.
ياپالاق، سېغىزغانۇ قۇشقاچ بېرىڭ،
داغى ئۆزگە گۆشلەردە فەرهىز قىلىڭ.
بۇ گۆشلەر مۇيەسسەر ئەگەر بولماسا،
بىرئاز يەنە گۆشلەر بېرىڭ گاھ ـ گاھ.
بۆدۈنەگە گەر قۇشلاسە كۈچ ئالۇر،
خىرە هەم بولۇر رەنجگە هەم قالۇر.

ۋەلې ئىككى ئۇچدىن تولا قۇشلاماك،
بولۇر بىدئەتۇ ئانى ھەم خۇشـلاماك.
قۇشۇم ئالمان ئولسۇن دېگەن شاد ئولۇر،
بۇ سۆزلەرنى قويماي ھەمە ياد ئالۇر.
ئەمەل قىلماسە بۇ سۆزۈمگە مېـنىڭ،
دىلى تىيرەدۇر كۆزىـدۇر خىرەنىڭ.
ئەرەنلەر ئىشى قارچىغە قۇشلاماق،
سەخاۋەت قىلىپ نەغمەنى خۇشلاماق.

كىشىكىم سەخىدۇر جەۋانـمەرد ئاتى،
ئۆزى فانى بولغاندا يۇتـمەس ئاتى.
ئايا ھۇشمەند، چىقارىڭ ياخشى ئات،
يامانلىقـمۇ ھەم قالغۇسى يامان ئات.
ھەكىمان بىلىڭ ئالمان سۇھبەتى،
كىتاب ئوقۇپ نەغمەئى خۇش قۇۋۋەتى.
كى موللا ئەلى قۇشچىيۇ ياك باز،
بۇ سۆزنى دېدى ئەيلە،ان ئىمتىـياز.

**ئۈچىنچى قەۋلدە قارچىغەنىڭ رەنجىنى ۋە دەۋاسىنى ئايتۇر، بۇ قەۋل ئونبىر فەسل بىرلە تەمام بولۇر، ئەۋەلقى فەسلدە باش ئاغرىقىنىڭ دەۋاسىنى ئايتۇر**

بەيان ئەيلەيىن قارچىـغە رەنجىـنى،
نەچە قىسم دەيدۇر ھەكىمان ئانى.
باشى ئاغرىسا ئەۋۋەل، ئەي ھۇشمەند،
ئەلاماتىدىن ئاڭلاڭىز بولسە چەند.
بىلىڭ كۆزىنىڭ ئالدى ئولدەم شاشار،
باشىن سىلكۇرۇ تۇمشۇقىنى قاقار.
ئىلاجى ئانىڭ ئىسسىغ ئولتۇرغۇزۇر،
خۇرۇس ئۆتىنى چايقابان يۇتـقۇزۇر.
ۋەلې چايقاماقىدۇر ئىسسىغ سۇدا،
مۇنىڭ ئىلە دەفئى ئەگەر بولماسا.
كى سۇنبۇل بىلە ياسۇمەن ياغىنى،
قۇيار بۇرنىغە ئوڭلابان باغىنى.
قۇرۇغدىن باشى ئاغرىسە قارچىـغاي،
چۇ گۆشـنى يېيىشى بىلە ساڭـقاماي.
باشىنى تۆبەن سالىبان ئۆلتۇرۇر،
تولا ئۇخلاماقى كۇندۇز دۇرۇر.

ئىلاجى ئانىڭكى خۇرۇس ئۆتىدۇر،
ساۋۇق سۇ بىلە چايـقابان يۇتقۇزۇر.
يەنە دەفئ ئەگەر بولـماسە ئاغرىـغى،
مۇڭا تۇخمى تەررە بىنەفشە ياغى.
بۇ ئۇددىيەنى جەمئ ئەيلەپ ئېزىپ،
ئانى دەفئ ئېتەر بۇرنىغە تامـزىپ.
بېرۇر تۇئمە بېھ بولغۇچە ھەيئەتى،
قوزى ئوغلاقۇ مەكىيانـنىڭ ئۆتى.
بىلىڭىزكى قۇش بىر-بىردىن تۇتۇشار،
مۇنىڭ زەربىدىن قۇشغە ھەيكەل چىقار.
تۇلكى بازىغە چار دارۇ بېرۇر،
داغى بوزنى قىزىـل بىلە سۇزدۇرۇر.
جەراھەت ئۇلار بىلە دەفئ ئولـماسە،
نوخۇتدەك سىماب ئۆلتۇرۇپدۇر يەنە.
چۇ ئۇچ كۈن ئانىڭ گۆشى بىلە سىماب،
كى سۇتكە قوشۇپ بەرگەيۇ مىسلى ئاب.

تۆرتىنچى فەسلدە گۆش تاشلاغانىنى ئايتۇر

يەنە ھەم ساۋۇق ئۆتسە گۆشت تاشلاغاي،
بۇزۇلماس رەڭى، بۇيى ھەم بولـماغاي.

باشىنىڭ تۈكى تەرتۇسـگە يانۇر،
ئەلاماتى رەنجى بۇ يەڭلىغ بولۇر.

ئىلاجىن بەيان قىلمىش ئەھلى ھەكىم،
بۇ فىئىل ئىلە گەر بولسەلەر مۇستەقىم.
بىرىلىك قوي گۆشىنى مۇسەللەس بىلە،
ۋەلې كوھنەسىن چارەكى ئۇد ئىلە.
يېرىم ئاتىسىنلىق بىرىگىز غىزا،
ئەگەر بەرسە كۆپ يەتكۇدۇر ئول ئىزا.
ۋەگەر قارچىغە سۇساسە مۇددەتى،
دەۋا زەنجەبىل بىلە قويىنىڭ سۈتى.
بەھار فەسلىدە بولسە گەر بى فەراغ،
قويارلاركىسى بۇ نەۋئ دەردىگە داغ.

ئالتىنچى فەسلدە گۆش تۆكۈلگەن يەئنى قولىنجى

بەيان ئەيلەمىشلەر، بىل ئەھلى كىرام،
خىرەد بابىدا تاپقان ئول نىكى نام.
قۆلىنج ئولسە گەر قارچىغە ئىللەتى،
ئەلاماتىنى بىلدۇرۇر شىددەتى.
كۆزى قىسىلىپ قويرۇغىن تەبرەتۇر،
داغى ساڭقاسە بەلكى ئاۋاز ئېتۇر.
ئىلاجى نوخۇتدەكىنە سەبرىنى،
سېرىغ ياغ بىلە بەرگەسىز بىر كۈنى.
ساۋۇق سۇنى ئالدىدا قويماق كېرەك،
كەبۇتەر ئېتى تۇئمە بەرمەك كېرەك.
بىلىڭ قارچىغە گوشتى فوستى ئارا،
كى پەيدا بولۇر يەل ساۋۇقدىن يانا.
ئىلاجى ئانىڭ قوي ياغىنى يىغىپ،
قازاندا ئانىكىم بەسى دەپ بىرىپ.
ھەۋاسىغە كەلتۇرۇبان يۆرگەمەك،
ساۋۇغان مەھەلىدە ئالماق كېرەك.
يەنە قارچىغە گەر كۈچ ئالسە بىلىڭ،
ئەلاماتلارى بىرلە مەئلۇم قىلىڭ.
كى تۇتماس ئاياغىيۇ گاھى تۇتار،
يۇمۇلماس يەنە پەنجە ئانى قاقار.
نەچە تەربىيەتلەر بىلە سەمرۇمەس،
ئانى قۇشلاماقلىغە قىلمە ھەۋەس.
ئىلاجىن بۇ زەئفىغەكىم سىز قىلىڭ.
پىشىق خىشتىنى ئوت بىلە قىزدىلىڭ.
بۇ خىشت ئۆزرە تۇرسۇن كەبۇتەر تىرىك،
يېسە قارچىغە بېھ بولۇر خەستەلىك.
بۇ دارۇ بىلە تاپماسە گەر ئەمان،
سارىغ تۇزغە داغ قويار ئول زەمان.
بۇ دارى ھەمە بولماسە گەر ئاسىغ،
كى شور تۇزدا مىڭەگە ئۆتكەر ئىسىغ.
ئەگەر قارچىغە بولسە يەئنى قاداق،
داۋا قىلسالار بولغۇسى ياخشىراق.
كالا ياغىن ئاق تۇزدا مەرھەم قىلۇر،
چۇ بىر كېچە-كۈندۈز قاداقىغە قويۇر.
ۋەلې يۇمشاغاندا قاداغى ئانىڭ،
داغى ئورنىغە ھەم نۇشدەر سالىڭ.
ئاياغ ئۈستىنى تىنماسە گەر شىشىپ،
كى چۇتار ئىلە سۈركىگەي ئاتىلىپ.
سۈرۈپ سىركە بىرلە قاداغىن يۇسۇن،
كى ئۈچ كۈنغىچە بولغۇسى بىر يوسۇن.
ۋەگەر باغ سۇغۇرتۇپ شەشسە ئاياغى،
دەۋاسى ئانىڭدۇر چىگىتنىڭ ياغى.
ۋەگەر سۇ سالىپ بولسە گۆش تاشلابان،
ئەگەر قايناتىپ بەرسە يا بادىيان.
ئەگەر قارچىغە توڭماسۇن دېسە، بىل،
كۈنۈن ئەرتە بەرمەك كېرەك زەنجەبىل.
تاۋۇشقان بىلە قاغە يۆل ئۆتىنى،
كى ئالغانچە بەرمەك كېرەك بىل مۇنى.
ساۋۇقداكى قارچىغەنىڭ مىسلى ھەم،
كى ئالدىدىن ھەم بولماغاي گۆشتى كەم.

ئەگەر باغرىنىڭ تۆكى ھەم بولسە باز،
بۇ ھەم بىر بۆلەك سەئىي قىل ئىمتىياز.
ئىلاجى ئانىڭ سىركە، ئاچچىغ ئانار،
مۇڭا گۆشنى شاللاپ بىرۇر نەچچە بار.
ئەگەر قۇشغە نەچچە دەۋالار دېدۇك،
نەچە تەجرىبە بىرلە ئاڭلاپ دېدۇك.
قىلىڭ ھەر دەۋا ئەيلەبان ئىھتىيات،
دەۋا نەفئىدىن بولغاسىز ھەم نىشات.
قۇش ئالمانىغە بۇ كەسەللەر تولۇر،
ئاڭا نەچچە قىلسە تېخى ئاز بولۇر.
كى بىر قۇشغە يۈز گەنجى قارۇن تەسەددۇق،
داغى بەلكى يۈز مالى دۇنيا تەسەددۇق.
كىشىكىم دەۋا بىرلە سېھھەت قىلۇر،
نەچە زەر ئالىپ شەھقە مىننەت قىلۇر.
كى موللا ئەلى قۇشچىغە بەر دۇئا،
قىلىڭ ھاكىمان بولسۇ رۇھى رىزا.
ئەگەر قىلسە شەھ باخشىغە ئىلتىفات،
ئەتەلكۇ كىيىك ئالسە ھەم ياخشى ئات.

**تۆرتىنچى بابدا لىچىننىڭ بەيانىنى ئايتۇر، تۆرت فەسل تەمام شۇد**

كەل ئەي دىلبەند، دەفتەر ئاغاز قىل،
لىچىننىڭ بەيانىنى ھەم راز قىل.
بىلىڭ ھۇشمەند ياخشى بولسە لىچىن،
بۇ ھەم قويماغاي باخشىسىنى ئاچىن.
مۇنىڭ ھەم بولۇر نەچچە بىر نەچەسى،
ئەيان بولغاي ئول بىر بىرىن بارچەسى.
كى ئايلانسە بۇ تاغ ئارا ئاشىيان،
ۋەلى يانماغاي بارچەدىن بى گۇمان.
لىچىن ياخشى بولسە بولۇر ياخشى چوڭ،
بولۇر كەڭ فىشانە ھەم ئۇچاسى چوڭ.
سەرە تۇمشۇقى، كۆزى چوڭقۇر قىزىل،
يەنە بوينى ئۇزۇن بولۇر قار تىل.
چۇ كۆكسى بىلە بۇرنىنىڭ تۆشۈكى،
بەسى كەڭ بولۇر ياخشىلار پەنجەسى.
بويى يومالاق قىسقە پايچە بولۇر،
يەقىن قويابان پۇتلارىن ئولتۇرۇر.
لىچىن قۇشلاغانلار ئاتى ئورۇق،
ئەگەر بىلمەسە تەبئى جانى ئورۇق.
ئەگەر بىلسە ھەركىم لىچىن تەبئىنى،
نېچە قۇشلاسەكىم ئالۇر سەيدىنى.
شۇجائەت بەھادۇرلار قۇشىدۇر،
ئۆزى شوخۇ مەستانەلەر خۇشىدۇر.
ئەتەلكۇ لىچىننىڭ تەماشاسى كۆپ،
كى فەرۋاز ئېتىپ نار يەغماسى كۆپ.
ئەتەلكۇ دېگىل ئالماقى شۇڭقارى،
كى ئالسە ئەتەلكۇ لىچىن شۇڭقارى.
كى شۇڭقارنى كۆر ھىممەتىدىن بەلەند،
ھەمە شاھلار بەزمىدە ئەرجۇمەند.
ئەگەر ئاقىل ئەرسەڭ بەلەند ھىممەت ئول،
كى ھەق ئورداسىدا كەمەن دەپ، كۆن ئول.

**ئىككىنچى فەسل بەھرىنىڭ بەيانىدۇر**

شۇبۇ قىسمىدۇر بەھرىنىڭ ئوبدانى،
ۋەلېكىن قارا بولغۇسىدۇر رەڭى.
ۋەلي سەيدنى تولا قوغلاپ ئالۇر،
مەجالى كېتىپ زەئىفگە ھەم قالۇر.
ئۇچار قۇش ئارا بارچەدىن تىزدۇر،
ۋەلي ئۇمر كوتاھ خۇنرىزدۇر.

### ئۈچۈنچى فەسل سەگسەگنىڭ بەيانىدۇر

يەنە بىرى سەگسەك، بىلگىل يەقىن،
ئاتاسى ئەتەلكۇ ئاناسى لىچىن.
خەتىدۇر قاراۋۇ بويى چوك بولۇر،
ئاياغى لىچىندەك تۆكى كۆك بولۇر.

### تۆرتىنچى فەسلدە تۇرۇمتاينى بەيان قىلۇر

تۇرۇمتايدۇرۇر يەئنى تۆرتىنجىسى،
كى ئۈچقۇندۇرۇر بىر بىرىدىن بەسى.
بۇ هەم بىگۇمان سەيدنى بەك ئالۇر،
كى ئاچ قالسە ئۆز پۇتىنى يەپ قالۇر.

### بەشىنچى فەسلدە ئەتەلكۇنىڭ ئوبدانىنى بەيان قىلۇر

ئەتەلكۇنىڭ هەر قىسمىسى باردۇرۇر،
كى ئۇلۇغى بىرى يەئنى شۇڭقاردۇر.
نىشانە ئاياغىدۇ پايپاقلىغ،
نې سىفەت ئېرۇر ئاڭا بۇ چاغلىغ.
كى سەيد ئىنتىهاسىدۇر ئانىڭ كىيىك،
ئۇچارغە بەرابەر دو سىت يەك بىيىك.
توغۇرىدا گويا قوزۇقدەك تۇرار،
پۇتىن بىر-بىر ئۇستۇن قويۇپ ئولتۇرار.
ئاياغى بولۇر گويىيا نىل رەڭ،
ۋەلېكىن مۇنى ئالسە شۇڭقار دەڭ.
ئۇقار، تۇرنەۋۇ غازۇ ئۆردەك بەسى،
تاۋۇشقانغىچە سەيدىدۇر بارچەسى.
نەچە تەئرىف ئەتسەم مۇنى ئاز ئېرۇر،
كى سەيد ئىنتىهاسى كىيىك، غاز ئېرۇر.
كى تۇنجۇر تۇيغۇن شۇڭقاردۇر ئول،
هەمە قۇشلاردىن پادىشاهىدۇر ئول.
بۇ ئۈچ قۇش هەمە قۇشلاردىن شاهىدۇر،
ۋەلېكىن خۇشۇ مەرغۇبۇ زىيبادۇر.
كى ئوبدان قارا قۇشنى هەم قۇشلاغىل،
بۇ تۆرتىنى ئەگەر قۇشلاساڭ قۇشلاغىل.
بۇ تۆرتىنى قۇشلار سەخاۋەتلىك ئەل،
داغى هەم بەهادۇر ئىيادەتلىك ئەل.

### ئالتىنچى فەسلدە ئەتەلكۇنىڭ زەبۇنىنى ئايتۇر

نەچە ئاڭلاگىز تەگرىنىڭ سۇنئىسىنى،
ۋەلى ئاڭلاماس مەخلۇقى كوهنەنى.
جەهاندا ئەجايىب ياراتمىش خۇداي،
ئەتەلكۇ ئاتايمىشكى كوهى هۇماي.
تەئەججۇب بۇكى تۈلكىگە جۇفت ئولۇر،
مۇنىڭ يەنە هەم ئىككى تۇخمى بولۇر.
كى بىر تۇخمىدىن بولغاي ئانىڭ هۇماي،
بىرىدىن كۆچۈك دەپكى ئانىڭ رىۋاي.
ئەتەلكۇ هەمە قۇشلاردىن پەست ئىكەن،
هۇمايىكىم مۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئىكەن.
ئەرەنلەر مۇ پەست ئولسە كەم چاغلاماڭ،
ئىنزا يەتكۈزۈپ سىز ئانى داغلاماڭ.
كى هەركىم فەقىر ئولسا قورقماق كېرەك،
فەقىرنى تاپىپ كۆڭلىن ئالماق كېرەك.
ئايا، شاهلار ساهىبى زۇلجەلال،
فەقىرلەرغە لۇتف ئەيلەگىل بى مەلال.
زەۋال ئولمايىن دېسەگىز شاهلار،
فەقىرلەرغە ئېهسان قىلىڭ ماهلار.
فەقىر دەڭ ئەگەر بولسالار هەق تەلەب،
نې ئانى دېمەڭ بولسا ئول نان تەلەب.
هەمىشە تەهارەت ئىبادەت قىلىپ،
يىبەردى خۇدا خەتم قۇرئان قىلىپ.
خۇدا يادىدىن غافىل ئولماس دەمى،
ئايا هۇشمەند، فەقىر دېگىل مۇنى.

# خەرنامە

شەيخى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سۇلايمان يۇنۇس

ئەۋۋەل ئۇل بىزەۋالى ھەييۇ ئەلىم،
ئاخىر ئۇل زۇل-جەلالى فەردۇ قەدىم.
زاھىر ئۇل رەببى رازىقى ۋەھھاب،
باتىن ئۇل بىرۇ بارىئى تەۋۋاب.
مۇبدىئى كائىناتۇ فائىزى جۇد،
كى ۋۇجۇدىندىن ئولدى ھەر مەۋجۇد.
يەرۇ كۆك ئەرشۇ كۇرسۇ لەۋھۇ قەلەم،
ئىنسۇجىن ۋەھشۇ تەير ۋۇجودۇ ئەدەم.
قەبزەئى قۇدرەتىندە لاشەيدۇر،
قامۇ فانىيۇ باقى ئۇل ھەيدۇر.
تولدۇرۇپ يەرۇ كۆكنى ئىبرەتدىن،
ئەنبىيالار ئىبەردى قۇدرەتدىن.

قىلدىسلار توغرا يوللارە ئىرشاد،
بىلدۇرۇرلەر نەدۇر سەلاھۇ فەساد.
ئەھمەدى قىلدى قامۇدەن مۇختار،
ئىفدەلۇر - رۇسلۇ ئەكدەمۇل - ئەبرار.
شەرەفى ئەنبىياۋۇ خەيرى ئىنام،
گەۋھەرى ئەسفىياۋۇ تاجى كىرام.
تولۇدۇر ئەرشۇ فەرش نۇرىندىن،
ئەھلى كۇفر بىلمەگەي غۇرۇرىندىن.
ئاندا ئۇل قىلدى ئىززىلە مىئراج،
ئولدى نەئلىنى فەرقى ئالەمدە تاج.
بولدۇغىنچە جەھان سەباتۇ دەۋام،
ئاڭاۋۇ ئالىغە سەلاتۇ سەلام.

## دۇئايى دەۋلەتى شاھ

گىنە ئالەم جەمالى خۇررەمدۇر،
دىنۇ دەۋلەت ئەساسى مەھكەمدۇر.
نەزەرى ئافتابى گىتى تاب،
ئۇيلەلۇر چۇن ئىدى فەتھۇل-باب.
يەئنى ئۇل خۇسرەۋى سىكەندەر دەر،
شاھى ئادىل دىلۇ مۇزەففەر فەر.
مەقسەدى دىل مۇرادى جانى جەھان،
شاھى سۇلتان مۇراد خانى زەمان.
دەمى رۇھىۋۇ رۇھى ئادەمدۇر،

ئالەمى جانۇ جانى ئالەمدۇر.
قەدەمى يەر يۈزىنى ئەيلەدى پاك،
فەرقى ئەفلاكىنى توزچە كۆرمەس خاك.
دەۋلەت ئۇل دىسە خەلقىقە فەخرى گۈزىن،
فەخر ئېتەرلەر ئاتىنى دەۋلەتۇ دىن.
قەدرىنىڭ بەدرى سەدرى دەۋلەتىدە،
كۈنەشە زەررە دىيە رىفئەتىدە.
نۇر ئىمەر ئافتاب رايىدىن،
ئەي شەي لىللاھى دەر سەرايىندىن.

ئولدى يەئجۇجى فىتنەدىن ئازاد،
خەلق ئۆچۈن تىغى سەد چېكەر پۇلاد.
ئايەتى مۇنزىل ئولدى شەئنىندە،
فەتھۇ نۇسرەت ئانىڭ زامانىندە.
ئۇيلە قورقار ئاتۇ قىلىچىندىن،
كى تامار قانى هەر قىل ئۇچىندىن.
ئول ئاتادىنكى قىلدى قىسم ئاڭا هەق،
چاشىندۇر بۇ سەلتەنەت مۇتلەق.
مەجلىسى ئەيشگە ئولا باقى،
مېهر ئىلە مەھ نەدىم ئىلە ساقى.
دۇنى فەررۇخ كۈنى سەئىد ئولسۇن،
كۈندە بىر مەملەكەت مەزىد ئولسۇن.
ئۆمرى يەر تۇردۇغىنچە قائىم ئولار،
بەختى كۆك دۆندۇغىنچە دائىم ئولار.
دەۋلەتىندىن قەمۇ زەمىنۇ زەمان،
تولدى شادۇ بولدى ئەمىنۇ ئەمان.
نەرگس ئۇرۇندى تاجى زەررىنى،
كەيدى سەۋسەن لىباسئى چىنى.
لالە دەستىندە لەئلى ساغەردۇر،
غۇنچەنىڭ كىسەسى تولۇق زەردۇر.
ئۇيلە ئەمىن ئېردى يوقسۇلۇ بايغە،
قىلماغاي كىمسە كۈچ مەگەر يايغە.
تولدى شول رەسمى ئالەم ئىچى فەرەھ،
كى جىگەر خۇن دېگۈل مەگەركى قەدەھ.
چىقدى چىنۇ ختايغە ئاۋازە،
كى ئاچدى رۇم ئىچرە ئەدلى دەرۋازە.
زەۋق ئىچىندە جەھان ۋەلى شەيخى،
ياتۇر ئۇش مېهنەتۇ بەلادە دەخى.
باقتى زەڭگى يۈزىتەك ئاقارماس،
ئىشى باشماقلايىن باشا ۋارماس.
راهەت ئۇمدۇقچە كۆردى زەخمەتلەر،
دەۋلەت ئىستەيۇ بولدى مېهنەتلەر.
فىكر ئولۇركەن بۇ هالەتىڭ سىفەتى،
كەلدى بۇ قىسسەنىڭ مۇناسىبەتى.

## مۇناسىبەتى هېكايەت

بىر ئىشەك ۋار ئىدى زەئىفى نىزار،
يۈك ئالىندىن كاتىنى شكەستەۋۇ زار.
گاھ ئۇدۇنداۋۇ گاهى سۇدا ئىدى،
تۈنۇ كۈن قەهرئىلە قىسۇدا ئىدى.
ئول قەدەر چېكەر ئىدى يۈكلەر ئاغىر،
كى تەنىندە توقۇما مىشدى ياغىر.
نېچە توقالمامىشدى ئەتۇ دەرى،
يۈكلەر ئالتىندا قانغە باتدى دەرى.
ئەيدۇر ئىدى كۆرەن بۇ سۆرەتلۈ،
تاڭ دېگۈلمى يۈرۈر سۈڭەك چەتلۈ.
دۇداغى سارقىمىشۇ دۈشمىش ئېڭەك،
ئۆرىلۇر ئارقاسىغا قونسا سىڭەك.
توغرانۇر ئىدى ئارپا ئارپا تەنى،
كۆزى كۆرگۈنچە بىر ئاۋۇچ سامانى.
قارغالار دىرنەگى قۇلاغىندا،
سىڭەگۈك سەيرى كۆزى ياغىندا.
ئارقاسىندىن ئالىنسا پالانى،
سانكى ئىت ئارتۇغىيدى قالانى.
بىر كۈن ئىسسى ئېتەر هىمايەت ئاڭا،
يەئنىكىم كۆرسەتۈر ئىنايەت ئاڭا.
ئالدى پالانىنىۇ سالدى ئوتە،
ئوتلايۇراق بىراز يۈرۈدى ئۆتە.
كۆردى ئوتلاقتا يۈرۈر ئۆكۈزلەر،
ئوتلۇق كۆزلەرۇ گىرلۇ كۆكۈزلەر.
سۆمۈرۈپ ئۇيلە يەرلەر ئوتلاغى،
كى چەكىجەك قىبلىن تامار ياغى.
بوينۇزى بەئزىسىنىڭ ئاي بېگى،
كىمىنىڭ هەلقا ياي بىگى.
بۆغرۇشۇپ چۇن بېرۈر ئاۋازە،
يانقۇلانۇردى تاغۇ دەرۋازە.

خەرى مىسكىن ئىپتەر ئىكەن سەيران،
قالدى كۆرۈپ سىگىرلارى ھەيران.
گەھ يۈرۈرلەر فەراغەتۇ خۇش دىل،
گاھى يايلاۋۇ قىشلا گەھ مەنزىل.
نەبۇلار دەردى نە غەمى پالان،
نە يۈك ئالتىندا خەستەۋۇ نالان.
ئەجەبە قالۇرۇ تەفەككۈر ئىپتەر،
كېندۈر ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر ئىپتەر.
كى بىرۇز بۇنلارۇڭلە خىلقەتدە،
ئەلدە ئاياقدا شەكلۇ سۇرەتدە.
بۇنلارۇڭ باشلارىغە تاج نەدىن،
بىزدە بۇ فەقرۇ ئىھتىياج نەدىن.
بىزنى كۆر ئارپا ئوقى ياي ئەتدى،
بۇنلارىڭ مۈڭگۈزىن كىم ئاي ئەتدى.
دېدى بۇ مۇشكىلۇمنى ئەتمەس ھەل،
مەگەر ئول بىر فەلان خەرى ئەئقەل.
بارئىدى بىر ئىشەك فەراسەتلى،
ھەم ئۇلۇغ يوللۇق ھەم كىياسەتلى.
چوق كەچۈرمىش زەمانەدىن چاغلار،
يۈكلەر ئالتىندا سىزىرۇپ ياغلار.
نۇھ پەيەمبەرنىڭ كىمىسىغە ئول،
بەرمىش ئىبلىسغە قۇيرۇغى ئىلە يول.
دەر ئىمىش مەن تۆشە دېدىم تۆشەگى،
تىرىلۇركەن ئۆلۈپ ئۈزەير ئىشەگى.
خۇش نەفەستۇر دېيۇۋۇ ئەھلۇ فەسىھ،
ھۇرمەت ئەيلەر ئىمىش ھىمارى مەسىھ.
بۆرە قورقار ئىدى قۇلاغىندىن،
ئارسلان ئۈركەرئىدى چۇماغىندىن.
ئول ئۇلۇغ قاتىغە بۇ مىسكىن خەر،
باردى، يۈز سۇردى، دېدى «ئەي سەرۋەر.
سەن ئېشەكلەر ئىچىندە كامىلسەن،
ئاقىلۇ، شەيخۇ، ئەھلۇ فازىلسەن.
ئەندەك ئىسلاھ ئىدە تاپۇڭ شەرۇ شور،
خەرى دەججەلە دېيەلەر كەرۇ كور.
مەنزىلى مۇئمىنىنە رەھبەرسەن،
مەركەبى سالىمىنە مەزھەرسەن.
نىسبەتىڭدۇر مەسەل خەتىبلەرە،
نەفەسىڭ خۇش كېلۇر ئەدىبلەرە.

سەن ئېشەكسەن نەشەك ھەكىمى ئەجەلل،
مۇشكىلىم باركەرەمدەن ئەتكىل ھەلل.
بۇ كۈن ئوتلاقتا كۆردۈم ئۆكۈزلەر،
كىرۇبەن يۈرۈرئىدى كۆكۈزلەر،
ھەر بىرىسى سىمىزۇ قۇۋۋەتلى،
ئىچىيۇ تاشى ياغلۇۋۇ ئەتلى.
نېچۈن ئولدى بۇلارغە ئەرزانى،
بىزە بىلدۇر شۇ تاجى سۇلتانى.
يوقمىدۇ كۆكدە بىزىڭ يۇلتۇزىمىز،
كى ئولمادى يەر يۈزىندە مۈڭگۈزىمىز.
ھەر سىگىردىن ئېشەك نېتە ئولا كەم،
چۈن مەسەلدۇركى دەربەنى ئادەم.
خەر ئەگەر خارۇ بىتەمىز ئولدى،
چۈنكى يۈك تارتار ئول ئەزىز ئولدى.
باركەشلىكدە چۈن بىزۇز فائىق،
مۈڭگۈزە نېچۈن ئولمادۇق لايىق».
بۆيلە بەردى جەۋاب پىر ئېشەك:
«كەي بەلا بەندى، نە ئەسىر ئېشەك،
ئىشىڭ ئەسلىنە ئىشتىپ ئىللەت،
ئاڭلا ئەقلىڭدە يوق ئېسە قىللەت.
كىم ئۆكۈزنى ياراتتى ئول خەللاق،
سەبەبى رىزىق قىلدى ئول رەززاق،
تۈنۈ كۈن ئارپا بۇغداي ئىشلەرلەر،
ئانى ئوتلايۇپ، ئانى تىشلەرلەر.
چۈن بۇلار ئولدى ئول ئەزىزە سەبەب،
بەردى ئول ئىززەتى بۇلارغە جەلەب.
تاجى دەۋلەت قونۇلدى باشلارىغە،
ئەتۇ ياغ تولدى ئىچۇ تاشلارىغە.
بىزىم ئۇلۇغ ئىشىمىز ئوتۇندۇر،
ئوت ئۇران ئىچىمىزە ئۇ دۇندۇر.
بىزە چوقدۇر ھەقىقى بۇيرۇقدا،
نېچە مۈڭگۈز قۇلاغۇ قۇيرۇقدا».
دۇندى يۈز دەرد ئىلە زەئىف ئېشەك،
زارۇ دىل خەستەۋۇ نەھىف ئېشەك.
دېدى: «سەھل ئولار بۇ ئىشىڭ ئەسلى،
چۈنكى شەرھ ئولدى بابىۋۇ فەسلى.
بارايىن مەنمۇ بۇغداي ئىشلەيىن،
ئاندا يايلايۇ ئاندا قىشلايىن.

نەچچە يىپسەم ئۇدۇن ئىلە لەتلەر،
بۇلايىن بۇغداي ئىلە ئىززەتلەر».
كىزەرەك كۆردى بىر كۆكەرمىش ئېكىن.
سەنكى دۇ تەردى ئۇل ئېكىن ئىلەكىن.
ئىشىق ئىلە تەگدى كىردى ئىشلەمەكە،
گاھ ئاياقلايۇ گاھى تىشلەمەكە.
ئارپا كۆردى كۆكەرمىش، ئاچ ئېشەك،
بولدى جان دەردىغە ئىلاج ئېشەك.
تەگىبە كەررەتكى شەۋق ئىلە قەرۋار،
تۇپراغىن بىلە كۆتۈرۈر خەرۋار.
ئۇيلە يېدى كۆك ئېكىننى تەرلە،
كى كۆرەن دەرزىھى قارا تەرلە.
يېيەرەك تويدى قارنى چاغنادى،
يومالاندىيۇ بىراز ئاغنادى.
باشلادى ئىرلايۇپ چاقىرماقغە.
ئاڭۇپ ئاغىر يۈكىن ئاغرماقغە.
دېمىش ئۇل ئادەمىكى خۇش دەمدۇر،
نەئىم ئۇلدۇقدە بىنەغەم غەمدۇر.
بەس ئېتىپ جۇش ئىچىندە ئەشۋاقى،
راست دوزدى نەۋايى، ئۇششاقى.
چېكەر ئاۋازە تىز ئېتەر پەردە،
خۇش سەر ئاغاز ئېتەرمۇ ھەييەردە.
نەچچە تۈزمەككى بۇزدى ئاھەڭگى،
پەردەسىن ئاچدى ئۇل جەھان نەڭگى.
چىقارۇر خەر چۇن ئەنكەرۇل ـ ئەسۋات،
ئىكىن ئىسسىغدا ئەرز ئولۇر ئەرەسات.
ئاغاچ ئېلىندە ئەزمى راھ ئەتدى.
تەرلەسىنى گۆرىجەك ئاھ ئەتدى.
دانەدىن كۆردى يىرى پاك ئولمىش،
كۆك ئىكىنلىكى قارا خاك ئولمىش.
يۈرەكى سوۋۇمادى سۆكمەك ئىلە،
ئۇلسادى ئېشەكى تۈگمەك ئىلە.
پىچاغىن چەكدى قودى ئايرۇغىنى،
كەسدى قۇلاغىنىيۇ قۇيرۇغىنى.
قاچار ئېشەك ئاجىۇراق جانى،
تۆكۈلۈپ ياشى يېرىگە قانى.
ئۇغرايۇ كەلدى پىر ئېشەك ناگاھ،
سوردى ھالىنى، قىلدى دەرد ئىلە ئاھ.
يەرمەرۇ ئىنلەيۇ دېدى: «ئەي پىر،
خارى روباھ بېگى پۇر تەزۋىر.
باتىل ئىستەيۇ ھەقدىن ئايرىلدىم،
مۈڭگۈزۈمدىن قۇلاقدىن ئايرىلدىم.
مەنەم ئۇل غەم يۈكىندەكى خەرى لەڭ،
غۇسسەلەر پالچىغىندا ۋالىھۇ دەڭ.
نە يۈكۈم بىر نەفەس كىتەرىچى بار،
نە بىراز چەكمەگىنە يەرىچى بار.
خەرگەداي ئىكەن ئارپاغە مۇھتاج،
كۆزدۇرەمكى ئۇرىلار باشىمە تاج.
ئىستەر ئىكەن ھەلالدىن روزى،
بارىن ئەتتىم ھەرام ئىلە روزى.
گەر تۈگۈزلارغە ئۇلمايا بۇيرۇق،
ئاھ، كەتتى قۇلاغ ئىلە قۇيرۇق.»
ھۆكمى سۇلتانغە كى ئۇلا پايەندە،
چەرخ چاكەردۇرۇر فەلەك بەندە.
كىم ئۇلا بارى بىر ئىككى ئىجلاف،
كىدە تەۋقىيى پادىشاھغە خىلاف.
شاھ قەھرى نە ئۇزۇ بىللاھ ئەگەر،
چەرخ باش چەكسە ئېتەر زىرۇ زەبەر.
كۆكلەرە ئېردى نالەۋۇ فەرياد،
«داد، ئەي پادىشاھى ئادىل داد.»
شەيخى ئۇزارىتما نالەۋۇ ئاھىڭ،
نۆكتەداندۇر بىلۇر شەھەنشاھىڭ.
گەر ئىنايەتدىن ئىستەسەڭ تەۋفىر،
قىلما دەۋلەت دۇئاسىنى تەقسىر.
نېچەكىم بۇ زەمانەئى ناساز،
جاھىلە ناز بىرە ئەھلە نىياز.
نەقەدەر كىم جەھانى بىئىخلاس،
ئارىفى خارىج ئېتەر ئامىيى خاس.
ئۇ شەھىڭ ئىشى ئىززۇ ناز ئولسۇن،
دۈشمەنىنىڭ غەمۇ نىياز ئولسۇن.

بۇ ئەسەر ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان 2 ـ نەشرىدىن ئېلىندى.

# شەيخى ۋە ئۇنىڭ «خەرنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا

مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

شەيخى — تۈرك خەلقىنىڭ XV - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئىستېداتلىق شائىرى. ئۇ 1373 — 1376 - يىللاردا تۈركىيىنىڭ گەرمىيان دېگەن يېرىدە ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. بوۋىسىنىڭ ئىسمى مەجدىددىن ياكى ئەھمەد ب. سەييىددۇر.

شائىر دەسلەپ ئۆز يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن، ئىرانغا بېرىپ تەھسىلىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ۋە تىببىي پەنلەردە كامالەتكە يەتكەن. ئۇ ئۆز مەملىكىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بىر شىپاخانا ئېچىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ھۆكۈمدارى ياقۇپبەگ II نىڭ خۇسۇسىي تىۋىپلىقىغا ئېلىنغان. ئۇندىن كېيىن چەلەبى سۇلتان مۇھەممەد شاھنىڭ خۇسۇسىي تىۋىپلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ شاھ سارىيىدا بىر مۇددەت ئىشلىگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا — ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا قايتقان. شۇ مەزگىللەردە ئۇ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ پادىشاھ مۇراد II گە تەقدىم قىلغان.

شائىر شەيخى ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزۈپ، يىلدىرىم بايەزىد، ئېمىر سۇلايمان، چەلەبى مۇھەممەد ۋە مۇراد II دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ 1419 - يىلى ۋاپات بولغان.

شائىر شەيخى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ھاياتى داۋامىدا «دىۋان»، «خەرنامە»، «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا تىبابەتچىلىك ئىلمىگە ئائىت بىر نەزمى رىسالە، «نەۋنامە» ناملىق بىر مەسنەۋى، ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلغان «ھەبنامە» ناملىق يەنە بىر تەرجىمە مەسنەۋىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم.

شەيخى باشقا مۇئەللىپلەرگە ئوخشاشلا «شەيخۇش - شۇئەرا»، «خۇسرەۋى شۇئەرا»، «ئەمىرى شۇئەرا»، «سەردارى شۇئەرا»، «ئەملاھۇش - شۇئەرا» ۋە «پىشتەرىنى شۇئەرا» قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن تونۇلغان. ئۇ ئەينى دەۋر مۇھىتىدا زور شۆھرەت قازانغان. شەيخى تۈرك ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. نىجاتى، فۇزۇلى، باقى ۋە ئەھمەد پاشاغا ئوخشاش 45 تىن ئارتۇق يازغۇچى - شائىر ئۇنىڭ قەسىدە، غەزەللىرىدىن ئۈرنەك ئالغان ياكى تەقلىد قىلغان.

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ ساندا تونۇشتۇرۇلغان شائىر شەيخىنىڭ «خەرنامە» ناملىق ئەسىرى تۈرك ھەجۋىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى نادىر نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر. كاتىپ

چەلەبى «خەرنامە» نى «خىرەدنامە» شەكلىدە قەيد قىلغان. ① لېكىن گىبب ئەلدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئېشەك ھېكايىسى» مەنىسىدە كەلگەن بۇ ئەسەرنى سۇلتانغا تەقدىم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ماۋزۇدىكى «ر» نىڭ كەينىگە بىر «د» نى قوشۇپ بۇ نامنىڭ «خىرەد (خرد) نامە» گە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى يازىدۇ. «كۇنھۇل - ئەخبار» دىكى مەلۇماتلارمۇ يۇقىرىدىقى پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن گىبب ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا ئۇنىڭ ماۋزۇسىنىڭ «خەرنامە» بولۇشى كېرەكلىكىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرىدىقى پىكىرنى رەت قىلىدۇ.

مەنبەلەردە «خەرنامە» نىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ كىمگە تەقدىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار خىلمۇ خىل بولۇپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاشىق چەلەبى، كىنالىزادە ھەسەن چەلەبى ۋە گېلىبول ئوغلى ئەلى قاتارلىقلار «خەرنامە» نىڭ چەلەبى سۇلتان مۇھەممەدكە تەقدىم قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ. «شەيخى تەزكىرىسى» دە «خەرنامە» نىڭ سۇلتان مۇراد II گە سۇنۇلغانلىقى قەيد قىلىنىدۇ. لەتىفىنىڭ بەرگەن مەلۇماتى شەيخىنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. لەتىفىنىڭ قارىشىچە: شەيخى «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» نى يېزىپ تاماملىغىنىدىن كېيىن سۇلتان مۇراد II گە تەقدىم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سۇلتان مۇراد كۆپ سۆيۈنىدۇ. لېكىن شەيخىنىڭ رەقىبلىرى بۇ ئەسەرنى «‹خەمسەئى نىزامى›نىڭ تەرجىمىسى، شۇ ئاساستا قۇراشتۇرۇلغان، تەقدىرلەشكە لايىق ئەمەس» دەپ، ئەسەرنى ئەيىبلەيدۇ. شەيخى تەقدىرلىنىشتىن مەھرۇم بولىدۇ. «تاجۇت - تەۋارىخ» تا كۆرسىتىلىشىچە، چەلەبى مۇھەممەد شەيخىنىڭ بۇ ئىجادىي مېھنىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى ئىنئام - ئېھسانلار بىلەن يولغا سالغانلىقى قەيد قىلىنىدۇ.

«خەرنامە» دىكى ئىشارەتلەردە ئەسەرنىڭ «دەرمەدھى سۇلتان مۇرادخان» دەپ باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئايرىمچە بىر نۇسخىدا:

مەقسەدى دىل مۇرادى جانى جەھان،
شەھى سۇلتان مۇراد خانى زەمان.

دېگەن بېيىت بار. ئەمما بۇ بېيىت باشقا نۇسخىلاردا ئۇچرىمايدۇ. شەيخى «خەرنامە» دە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ئۈستىدە توختالمايدۇ. پەقەت ھېكايىدىكى مەسىلەرنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «جاھان زەۋق ئىچىدە كېچىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ جەۋرۇ - جاپا، بالايىئاپەتتىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى، راھەت ئورنىغا زەخمەت كۆرگەنلىكىنى، دۆلەت ئىزدىگەنسېرى مۇشەققەت چەككەن» لىكىنى سۆزلەيدۇ. ئاخىرىدا «پادىشاھنىڭ ئەمرىنىڭ ئورۇندالمىغانلىقىنى، مال مۈلكىنى يامانلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى» قەيد قىلىدۇ. يۇقىرىقى دەلىللەرگە قارىغاندا، شەيخىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئەسەرنى يازغانلىقى ھەقىقەتكە يېقىن.

«خەرنامە» مەسنەۋىي شەكلىدە، ئەرۇزنىڭ «بەھرى خەفىف» (فېئىلاتۇن فېئىلاتۇن فېئىلۇن) ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ، 126 بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ دەسلەپكى 12 بېيىتى تەۋھىد ۋە نەئت، پادىشاھ ئۈچۈن 26

① كاتىب چەلەبى، «كەشفۇز - زۇنۇن» 1. ئىستانبۇل 1941 - يىل نەشرى، 701 - سەھىپە.

بىيىتلىق بىر بۆلۈم ئاجرىتىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆزنى شەيخى ئۆز ئۈستىگە يۆتكەپ، «راھەت ئورنىغا زەخمەت كۆرگەنلىكىنى، دۆلەت ئىزدىگەنسېرى مۇشەققەت تارتقانلىقىنى» سۆزلەپ، ئۆز ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بىر ھېكايە بىلەن ئاساسىي ماۋزۇغا ئۆتىدۇ. ھېكايىدە بىر بىچارە ئىشەكنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىگىنىدىن كېيىن، سۆزنى تەكرار ـ تەكرار ئۆز ئۈستىگە يۆتكەپ، ۋەقەنى ئۆز ئەھۋالىغا تەتبىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھتىن ئادالەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. دۇئانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆتىنچى قىسىم ئايرىم بىر بۆلەكنى تەشكىل قىلمايدۇ.

شەيخى ئۆز ئەسىرىدە ئىجتىمائىي تەڭلىك توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ھەر بىر كىشى قىلغان ئىشىنىڭ قىممىتى بىلەن بەختلىك تۇرمۇشقا لايىقتۇر» دېگەن بىر كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە مەسىلىنى نەتىجىگە قەدەر باغلىغان. كىشىلىك ئەخلاق قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇ ۋاقىتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەيخى ئىجتىمائىي پىكىر جەھەتتە سەنائىي، ئەتتار ۋە مەۋلانا رۇمىيدىن خۇسۇسەن شەيخ سەئدىدىن چوڭقۇر تەسىر ئالغانلىقى روشەن.

شەيخى ئەينى دەۋر مۇھىتىغا نىسبەتەن بىر شىكايەتچىدۇر. ئۇ ئۆز ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئىجادىي مېھنەتنىڭ قەدىرسىزلىكى ۋە ھەسەتچىلىك، غۇربەتچىلىكلەردىن ھەسرەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى بەختتىن مەھرۇم قىلغان مۇئەييەن دەۋردىن شىكايەت قىلىشى ھەقىقىي سەنئەتكار روھىنىڭ ۋە غۇرۇرىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

شەيخىنىڭ بۇ كىچىك مەسنەۋىسى بەدىئىي جەھەتتىنمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. تۆۋەندىكى بىرقانچە خۇسۇسىيىتى ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يېتەرلىك.

بىرىنچىدىن، ئەسەر مۇكەممەل كومپوزىتسىيون قۇرۇلۇشقا ئىگە. ھەرقانداق بىر مەسنەۋى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم بولغان تەۋھىد، نەئت، پادىشاھقا مەدھىيە ۋە يېزىلىش سەۋەبى، ئاساسىي ۋەقە، دۇئالارغا ئوخشاش بۆلەكلەرنىڭ بۇ كىچىك ئەسەردە مەۋجۇد بولۇشى ۋە بۇ بۆلەكلەرنىڭ ئۆزئارا زىچ باغلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق نىسبەت ھەم ⸢وغرا تاناسىپتا يېزىلىشى شائىر ئۈچۈن ئېيتقاندا زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «خەرنامە» چوڭ ھەجىمدە يېزىشقا تېگىشلىك بىر مەسنەۋىنىڭ پۈتۈن قىسىملىرىنى مۇئەييەن ئۆلچەمدە ئىخچاملاشتۇرۇشنىڭ بىر ئۈرنىكىدۇر.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى مۇۋەپپەقىيىتى، تەسۋىرلەرنىڭ كۈچلۈكلىكىدۇر. ئىشەكنىڭ ھەقىقەتەن زەئىپلىكى ۋە ئۆكۈزلەرنىڭ ئوقلاقتىكى كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلەنگەندە، سىرتقى ئالەم، قەدىمكى ھايات سەھنىلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت، كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئاز ئۇچرايدىغان جانلىق كارتىنىلار كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئەسەر چوڭقۇر ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە.

«خەرنامە» ئۆزىدىكى نەپىسلىك، چوڭقۇر پىكىر، مۇكەممەل سيۇژىت، ئۆتكۈر ھەجۋىي قاتارلىق نەتىجىلىرى بىلەن تۈرك ھەجۋىي ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شائىر شەيخىنىڭ ئەنە شۇ «خەرنامە»ناملىق ئەسىرى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى. ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىدىكى تىل خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە قىسمەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى.

# ئاھ، شائىر قىسمىتى

ئىبراھىم ھەققۇلوۋ

## خىيال گۈزىلى — ھايات گۈزىلى

شېئىرىيەت ئىنسان كۆڭلىگە «ئوبرازلار ئارقىلىق سۆزلەيدۇ». ئۇ «مەۋھۇم غايەلەرنىڭ يالىڭاچ ئىپادىسى بولۇشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ». كلاسسىك سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى — پىكىر ۋە تۇيغۇنى خىلمۇ خىل پوئېتىك ئوبرازلار ۋە تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىتابخانغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئۆزبېك شېئىرىيىتىدە بىر قاتار پوئېتىك ئوبرازلار باركى، بۇلارنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى، مەنە قاتلاملىرى ۋە رىۋاجلىنىشى بىۋاستە خەلق ئەپسانىلىرىگە باغلىقتۇر.

پەرى — ئەنە شۇنداق مىپولوگىك ئوبرازلاردىن بولۇپ، ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ئىگە. مەلۇمكى، دىنىي، خىيالىي تەسەۋۋۇر يەنى روھلارنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە ئۇلار بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە بولغان ئىشەنچ، ئىپتىدائىي دۇنيا قاراشنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىدىن بولۇپ، ئىپتىدائىي جامائە كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەشتىكى ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمىي ئېتىقادلىرىدىن قارىغاندا، پەرى شەيتانغا يېقىن، لېكىن ئۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدا، ئىنسانغا ياۋۇزلۇقى يوق روھ ھېسابلانغان.

ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلاردا پەرىنىڭ ئىنسانغا، ياكى ئىنساننىڭ پەرىگە ئاشىق بولۇشى غەيرىي تەبىئىي ھال ھېسابلانمىغان. بۇنىڭدا پەرى ئايال سىماسىدا، بەزىدە بولسا باشقىچە، مەسىلەن: يىلان شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان. «قىسسەئى رەبغۇزى» دىكى بىر ھېكايەتتە ئەھمەد دېگەن پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، بىر چاكىرى بىلەن قالىدۇ. قانداقتۇر بىر مەنزىلگە يېتىپ بارغانلىرىدا ئۇلارغا ئۆزئارا ئېلىشىۋاتقان، قارىسى ئېقىنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغان ئىككى يىلان يولۇقىدۇ. پادىشاھ ئۆز چاكىرىغا قارا يىلاننى چېپىپ تاشلاشنى بۇيرۇيدۇ. پادىشاھ ئەتىسى چاھار بېغىغا بارغان چېغىدا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر خۇش قامەت يىگىت پەيدا بولىدۇ. ئەھمەد شاھ ئۇنىڭدىن كىملىكىنى سورىغاندا ئۇ: «تۈنۈگۈنكى ئاق يىلان مەندۇرمەن. قارا يىلان دىۋە ئىدى. مېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىدە يۈرەتتى. سىز مېنى ئاشۇ ياۋۇزدىن قۇتۇلدۇردىڭىز. مەن ئەمدى سىزنىڭ قۇلىڭىز بولىمەن» دەيدۇ. ۋەقە داۋامىدا مەلۇم بولىدۇ. بۇ يىگىت ئەسلىدە سۇلايماننىڭ خوتۇنى، يەنى ئاتىسى ئادەم، ئانىسى پەرى بولغان بىلقىس خانىمنىڭ ئاكىسى ئىكەن. قەدىمىي ئېتىقادتا، مۇبادا يىلانغا دۇچ كېلىپ قالغاندا ئۇنىڭغا ئۈچ مەرتىۋە يەر تاشلاش، شۇنىڭدىمۇ ئۇ غايىب بولمىسا، ئۇنى ئاددىي يىلان دەپ بىلىش تەۋسىيە

قىلىنغان، ئەمما پەرى ئادەم سۈرىتىدە كۆرۈنگەن. پەرى بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا رۇس ئالىمەسى ئۇ، ئا. سۇخارىۋا بىر نەچچە ھېكايىلارنى كەلتۈرگەن. شۇلاردىن بىرى ئۆرەتېپەدىن يېزىپ ئېلىنغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە 19- ئەسىرنىڭ 80 -يىللىرىدا تۇغۇلغان بىر كىشىنى ئون ياشقا تولغان چېغىدا، ئۇخلاپ ياتقان ۋاقتىدا، پەرى ئورۇن-كۆرپىسى بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ تاغىسىغا قاراشلىق باغقا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ باشقا يەردە ياتقانلىقىدىن ئەجەبلىنىپتۇ. كېيىن ئۇ ئورۇن-كۆرپىسىنى ئۆزى سۆرەپ ئۆز ھويلىسىغا راۋان بوپتۇ. ئىشىكى ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىقتا يېقىنلاشقان چېغىدا، دەرەخ يېنىدىن ئاللىقانداق بىر مۇزىكا ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا ئۆز دەۋازىسىنىڭ يېنىدا ئېگەر-توقۇملىرى كۆركەم بېزەلگەن بىر ئات تۇرغانمىش. بالا ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. ئات كەينىگە بۇرۇلۇپ يولنى توسۇپتۇ. شۇ پەيتتە ئايال تىمسالىدا بىر پەرى پەيدا بولۇپ: «ناھاتىكى، شۇنداق كېلىشكەن يىگىتنى ئات دەسسەپ ئۆلتۈرسە-ھە؟ مەن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يول قويسام؟ قورقما ‹بىسمىللا› دەپ ئۆتۈۋەر!» — دەپتۇ. پەرى ئۇنى ئات يېنىدىن ئېلىپ ئۆتۈپتۇ. شۇندىن باشلاپ پەرى بۇ يەردە پات-پات پەيدا بولىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ يىگىت توي قىلىپ ئۆي-ئوچاقلىق بوپتۇ. لېكىن پەرى يېڭى كېلىن بىلەن كۈيەۋنىڭ بىرگە ياشىشىغا ئىمكان بەرمەپتۇ.

بۇ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ۋەقە. بۇرۇنقى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىدە پەرىلەرنىڭ ئىنسانغا ئىشق قويۇشىغا بولغان ئىشەنچ كۈچلۈك بولغان. چۈنكى پەرى نېمە بولمىسۇن خەلق نەزەرىدىن چەتتە قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى نەۋائى ئۆز شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

يۈزۈڭ قۇياشقا بۇ نەۋئ بولسا ئايان بولماق،
پەرىگە مۇمكىن ئەمەس خەلقىدىن نىھان بولماق.

پەرى ئوبرازىنىڭ ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىدىكى پوئېتىك ئوبرازلاردىن بىرىگە ئايلىنىشى مەلۇم جەھەتتە مانا شۇنداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ رولى ۋە تەسىرىگىمۇ باغلىق. مەسىلەن: شامانىستىك فولكلوردىكىگە ئوخشاش خەلق داستانلىرى ۋە يازما شېئىرىيەتتىمۇ پەرىلەرنىڭ ماكانى كوھىقاپ ياكى ئۇنىڭ يانباغرىدىكى باغىي ئىرەم دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئاتايى يارنىڭ ھۆسنى ۋە لاتاپىتىنى پەرىگە، تۇرار جايىنى باغىي ئىرەمگە ئوخشىتىپ قىياس قىلىدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ.

بۇ لەتافەتكىم، پەرىتەك سەندەدۇر، ئەي رەشكى ھۇر،
گويىيا باغى ئىرەمدۇر، سەھنى خىرگاھىڭ سېنىڭ.

پەرىگە بولغان مۇناسىۋەتتە شامانىستىك تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئۆزبېك كلاسسىك سەنئەتكارلىرى قاراشلىرىدا مەلۇم ئوخشاشلىقلار بار. فولكلورشۇناس ئالىم ت. مىرزايېۋنىڭ يېزىشىچە، خەلقىمىز ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە، گۆر ئوغلى ياشانغاندا پەرىلەر ئۇنىڭغا «سېنىڭ نامىڭنى ئۆچۈرمەيمىز، داستانىڭنى تارقىتىمىز.» دەپ ۋەدە بېرىشكەن. پەرىلەر ئادەتتە ئۆلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار باخشىلارنى ئەگىشىپ يۈرۈپ، گۆر ئوغ-

لىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ دىلىغا سالىدۇ. شۇ ۋەجىدىن باخشىلارمۇ گۆر ئوغلىنىڭ ئوغۇللىرى ھېسابلىنارمىش. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ:

ئول پەرى كۆزدىن ئۇچار، كۆز داغى شەۋقىدىن ئۇچار،
ۋەھكى، مەن ئۇچقالى ھەم يوقتۇرۇر مەندە قانات.

دېگەن بېيىتىدە پەرىلەرنىڭ ئۇچۇپ-قونۇپ يۈرۈشىگە ئىشارە قىلىنغان. ئۇ پەرى، يەنى يارنىڭ پەرىلەرگە ئوخشاش ئۇچىدىغان قانىتى بار. شۇڭا ئۇ خالىغان چېغىدا كۆزدىن غايىب بولالايدۇ. ئاشىق بولسا ئۇچۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم. چۈنكى ئۇ قاناتسىز. لىرىك قەھرىمانىنىڭ سارائىلىق شامىنى يورۇتۇپ، تەلۋە بولۇشىمۇ يارنىڭ پەرىدەك ئۇچۇشقا قادىرلىقى بىر سەۋەب:

جۇنۇن شامىن قىلىپ رەۋشەن، كۆڭۈلگە تەلبەلىكدۇر فەن،
پەرىدەك بولغالى پەررەندە ئول خۇشخۇي پەرى پەيكەر.

مۇسۇلمان روھانىيلىرى ئەقىدىسىگە قارىغاندا پەرى جىنلارنىڭ تائىپىسىگە مەنسۇپتۇر. دىنىي ئىدراكتا تۈن ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پەرىگە يولۇقۇش خاسىيەتلىك ھادىسە ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ئادەم ئەقلىدىن ئېزىشى ياكى جىسمانىي جەھەتتە شىكەستە يېيىشى مۇمكىن ئىكەن. نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

ھۇش ئەھلى سېنى بىلمەسۇ مەن تەلبە بىلۇرمەن،
كىم كەلدى پەرىشىيۋەسى دىۋانىغە مەلۇم.

(ئەقلى-ھوشى جايىدا كىشىلەر سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلمەيدۇ. لېكىن مەن تەلۋە بىلىمەن. چۈنكى پەرىنىڭ خۇي مىجەزى دىۋانىگە يەنى پەرىنى كۆرۈپ، ئەقلى-ھوشىدىن ئايرىلغان ئادەمگىلا مەلۇمدۇر.) يەنە:

جۇنۇنۇم ئولسە دەما دەم تەئەججۇپ ئەتمەڭكىم،
كۆزۈمگە ئول پەرى ئولۇر زەمان-زەمان پەيدا.

(دائىم سارائىلىقىم تۇتۇپ تۇرسا، بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى مېنى تەلۋە قىلغان پەرى پات-پاتلا كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.)

مۇنداق مەنىلىك بېيىتلار نەۋائىي دىۋانلىرىدا كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر ئاساسىدا يارىتىلغان. شەرق شائىرلىرى ئۈچۈن پەرى — ئىدېئال گۈزەللىك نەمۇنىسى، ئۇلارنىڭ تەلقىنلىرىدە پەرى جىن ياكى يامانلىق تىمسالى ئەمەس، بەلكى ھۆسندە يېگانىلىقنىڭ ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۈلگىسى. شۇ سەۋەبتىن يارنى پەرىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. يەنى مەشۇقە ئادەم نەسلىدىن كۆرە پەرى ئەۋلادىغا يېقىن ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە، ھېچقانداق جىن ۋە روھقا ئالاقىسى بولمىغان دىلبەرنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر. ئۇنىڭغا يولۇققاندا كىشىنىڭ ھوشىدىن كېتىشى، تەلۋە بولۇشى ئادەتتىكى بىر گەپ. ئەسلىدە ئادەمنى «ئىنسانۇ مەلەكنىڭ دىلبىرى» بولغان بىۋاپا يار ئەقلىدىن جۇدا قىلىدۇ:

مېنى دىۋانە قىلغان بىر پەرىدۇر،
كى ئىنسانۇ مەلەكنىڭ دىلبەرىدۇر.

بۇ يەردە ئاتايى ئاشىقنىڭ دىۋانىلىق ھالىتىنى مەشۇقنىڭ خىيالى گۈزەللىك ئىگىسى ئىكەنلىكى بىلەن ئىزاھلاۋاتىدۇ. تۈرلۈك خەلقلەر ئارىسىدا پەرى ئەۋلادى يۈكسەك ئەقىل ۋە گۈزەللىك نەسلى دەپ قارالغان. شۇ سەۋەبتىن بەزى خەلقلەردە ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشلىرىنى پەرى ياكى سۇ پەرىسى بىلەن باغلاش ئادەت تۇسىگە كىرگەن. مەسىلەن: س. پ. تولىستوۋ خارەزمىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا سۆزلىگىنىدە، خىۋە خانى ئاللا قۇلى سارىيىدىكى ئىران ئەلچىسى رىزا قۇلىخان ھېكايە قىلغان ئەپسانىنى كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، سۇلايمان پەيغەمبەر نېمە سەۋەبتىندۇر، پەرىلىرىنىڭ بىرىدىن غەزەپلىنىپ، دىۋىگە ئۇنى دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق بىر چېتىگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. دىۋە پەرىنى كۆتۈرگىنىچە، پەيغەمبەر ئېيتقان مەنزىلنى ئۇزۇنغىچە ئاختۇرۇپتۇ، ئاخىرى بىر دەشتۇ باياۋانغا قونۇپتۇ. بۇ يەر ئاشۇ زامانىدىكى خارازم تۇپرىقى ئىكەن. دىۋە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ تاپشۇرۇقىنى بېجىرىپتۇ - يۇ، لېكىن ئۆزىمۇ شۇ جايدا قېلىشقا قارار قىپتۇ، چۈنكى ئۇ پەرىنى سۆيۈپ قالغانىكەن. خارازملىقلار ئەنە شۇ دىۋە بىلەن پەرىدىن تارقالغان ئىمىش. شۇ سەۋەبتىن خارازمنىڭ ئاياللىرى پەرىلەردەك گۈزەل، ئەرلىرى غايەت ساغلام ۋە كۈچتىنگىر بولىدىكەن.

شۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ يەنە بىرىنى ھادى زەرىپ يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئالىمنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىچە، ئەپسانە مەزمۇنى تاشكەنت يېنىدىكى بوستانلىق رايونىدىكى قىز ۋە يىگىتنىڭ گۈزەللىكىگە ئالاقىدار ئىكەن. بۇ ئەپسانىدە: «يېزىلىق يىگىت كۆلدە ياشىغۇچى سۇ پەرىلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىدۇ. يىگىت بۇ سىرنى ساقلىيالمىغانلىقى ۋە قىزنىڭ شەرتىگە ئەمەل قىلالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن پەرى قىز ئېرى ۋە بالىسى بىلەن تۇرماي، يەنە كۆلگە چۈشۈپ كېتىدۇ. سۇ پەرىلىرى بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، كۆل سۈيى قانغا بويىلىدۇ. ئاتا قولىدا قالغان بالىلار چوڭ بولۇپ كۆپىيىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يېزىلارنىڭ قىز ۋە يىگىتلىرى گۈزەل ۋە خۇشپىچىم كېلىدۇ.» دېيىلگەن.

شۇنىڭدەك، ھادى زەرىپ «گۆر ئوغلى» داستانىدا پەرىلەرنىڭ گۈل كۆلچەك ۋە شىشە كۆلچەكلەردە چۆمۈلۈشى، ئەۋەزنىڭ پەرى قىزنى كۆلدە تۇتۇۋېلىشى، ياكى «ئىدىگە» داستانىدىكى باش قەھرىمانىنىڭ ئاتىسىنىڭ پەرى قىزنى چۆمۈلۈپ تۇرغان جايىدا ئۇچرىتىپ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشى قاتارلىق ئېپىزوتلارنى تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدىكى سۇ پەرىسى ئوبرازىنىڭ خاراكتېرلىك كۆرۈنۈشلىرى سۈپىتىدە شەرھلەيدۇ.

كۆزۈم خەيال خەيلىنە رەۋشەن ھەرىم ئېرۇر،
ئارى پەرى بۇلاق باشىدا مۇقىم ئېرۇر.

دەپ يازىدۇ مەۋلانا لۇتپى. كېيىنكى مىسرادىكى مەنە يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئەپسانىگە ئوخشاش خىيالىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن ئېنىق. مۇبادا پەرىلەرنىڭ بۇلاق بويلىرىنى ياقتۇرۇپ، بۇلاق سۇلىرىدا چۆمۈلۈپ ئويناپ - كۈ-

لىشلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى گەپلەر كەڭ تارقالمىغىنىدا ئىدى، بىرىنچى مىسرادىكى پىكىر
بەلكى شائىر تەسەۋۋۇرىدا تۇغۇلمىغان بولاتتى. چۈنكى قەھرىمانىنىڭ كۆزىنىڭ روشەنلىكى ئۇ-
نىڭ بۇلاق كەبى چانقىدىن ياش ئېقىشىدىن. شۇنىڭ ئۈچۈن «پەرى بولاق باشىدا مۇ-
قىم» بولغىنىدەك ئۇنىڭ كۆز قاپچۇقىدا پەرى سۈپەت مەشۇقەسى بار. كىلاسسىك ئەدەبى-
ياتىمىزدىكى بېيىت ياكى شېئىردىي پارچىلار ئەمەس، بەزەن پۈتۈن يۇرۇشلۇك غەزەللەر
تەھلىلىدىمۇ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر مەزمۇنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن.
ئاتايىنىڭ:

ئول سەنەمكى، سۇۋ ياقاسىدا پەرىتەك ئولتۇرۇر،
غايەتى نازۇكلىكىدىن سۇۋ بىلەن يۇتسە بولۇر.

دېگەن مەتلەئ بىلەن باشلىنىدىغان غەزىلى شۇنداق شېئىرلاردىندۇر. شۇ شېئىرنىڭ كېيىن-
كى قۇرلىرىدىن مۇنداق پىكىرلەرنى ئوقۇيمىز:

تامەگەركىم، سەلسەبىل ئابىنە جەۋلانى قىلۇر،
كەلدى جەننەت رەۋزەسىدىن ئابى كەۋسەر سارى ھۆر.

غەزەلدە «غايەتى نازۇكلىكىدىن سۇ بىلەن يۇتسا» بولىدىغان گۈزەلنىڭ تەرىپى
سۆزلىنىۋاتىدۇ. بىز غەزەلدىن ئۇ سەنەمنى تەسەۋۋۇرىمىزدا ئېنىق كۆرىمىز: ئۇ قىرغاقتا —
سۇ ياقىسىدا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ دىلبەرنىڭ نازۇكلۇقىدىن گويا سۇ تولغىنىدۇ. ئەمدى شۇ
مەنزىلگە مەپتۇن ئاشىقنىڭ ھالىتىنى ئويلاپ كۆرۈڭ: يارى ئۇنىڭغا سۇ پەرىسىگە ئوخ-
شاش نامايان بولۇشى تەبىئىي، لېكىن ئۇ ئۆز مەشۇقىنى سۇ پەرىسىگە قىياسلاش بىلەنلا
قانائەتلەنمەكچى ئەمەس، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پىكىر تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشقا باشلايدۇ. خى-
يالىدىكى ئەپسانىۋى كۆرۈنۈشلەر بىردىن گويا ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ
ئەپسانىلاردىكى سۇ بويلاپ ئېقىپ كېلىدىغان ھۆر - پەرىدىن ئۆز يارىنى پەرقلەندۈرمەي-
دۇ ۋە «كەلدى جەننەت رەۋزەسىدىن ئابى كەۋسەر سارى ھۆر»، دەيدۇ. دېمەك، سۇ
پەرىسىگە تەۋە قىلىنغان مەشۇقەنىڭ جەننەت بېغىدىن ئۇچقان ھۆردەك «ئابى كەۋسەر
سارى» كېلىشىمۇ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سو پەرىسىگە ئالاقىدار ئىپادىلەرگە چەك
قويۇپ، باشقا مەقسەتلەرگە كۆچۈشنىڭ يولى ئېچىلىدۇ. بىراق باش مەقسەت يارنىڭ سۇ
پەرىسىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش ئەمەس، بەلكى ھاياتبەخش گۈزەللىك دەرى-
جىسىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇ غايىۋى مەقسەت باشتىكى پىكىرى تەسۋىرنى
يەنە ئىزچىللاشتۇرىدۇ:

ئول ئىلىككىم، سۇۋدىن ئارىقتۇر، يۇۋماس ئانى سۇدا،
بەلكى سۇۋنى پاك بولسۇن دەپ ئىلىكى بىرلە يۇۋۇر.

بۇ يەردە نازۇكلۇقىغا پاكلىق، غايىۋى تازىلىق مەسىلىسى قوشۇلدى. كۆل سۈيىنىڭ
غايەت پاكىزىلىكى، «سۇنى پاك بولسۇن دەپ ئىلىكى بىلەن» يۇيۇنۇش، بۇلارمۇ پەرىلەرگە
خاس خۇسۇسىيەت. ئاتايىنىڭ لىرىك قەھرىمانى سۇدىكى پەرىلەر زاتىغا تەلپۈنۈپ تۇ-

رۇپ، سۇ پەرىلىرىگە ئائىت، ناھايىتى ئەپسانىۋى بولغان تۆۋەندىكى ھەققەتكىمۇ تەلتۆ-
كۈس ئىشىنىدۇ:

ئەندى بىلدىم راست ئىكەنمىش، بەلكى كۆردۈم كۆز بىلە،
ئۇلكى دەرلەر سۇ قىزى گاھ-گاھ كۆزگە كۆرىنۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاتايى سۇ پەرىسىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ئۆزى تىوقۇمى-
غان، بەلكى خەلق ئەپسانىلىرىدىن ئىجادىي ئۆزۈۋېلىنىپ مۇشۇنداق شېئىرلارنى يارانقان.
ئەلىشىر نەۋائى پەرى ئوبرازىغا ئالاقىدار پىكىر تەسەۋۋۇرلەرنى داۋام قىلدۇرۇش بىلەن
بىللە ئۇلارنى مىسلىسىز دەرىجىدە ئىجادىي رىۋاجلاندۇرغانىدى. شائىر دىۋانلىرىدىكى
يۈزلەپ بېيىتلار ۋە ئۇنىڭدىكى يېڭى مەنىلەر ئالدى بىلەن پەرى ئوبرازىغا ئالاقىدار
پىكىر ۋە تۇيغۇلاردىن ئىبارەتتۇر. ئاتايىنىڭ «سۇ ياقاسىدا پەرىدەك» ئولتۇرغان سەنەمـ
نىڭ نازۇكلۇقىنى نەۋائى مانا مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئەكىس ئەتتۈرگەن:

ئول پەرىۋەش ئېرۇر ئانداق نازۇك،
كىم قۇياش پەرتەۋىدۇر جىسمىغا يۈك.

(ئۇ پەرى يار شۇ قەدەر نازۇككى، قۇياش نۇرىمۇ ئۇنىڭ جىسمىغا يۈك، يەنى
ئېغىرلىق قىلىدۇ.)

ھەجرىدىن ئانداق زەئىف ئولمىش نەۋائى، ئەي پەرى،
كىم قايانكىم بارسا سەندەك خەلقدىن پىنھان بارۇر.

ھىجران دەردى شائىرنى زەئىپ ھالغا كەلتۈرگەن، بۇنداق زەئىپ ۋە بىچارىلىق
ھالىتىدە ئۇ ئەلگە كەم كۆرۈنىدۇ، گويا پىنھان ياشاۋاتقان، خىلۋەت جايدا يۈرۈۋاتقاندەك،
لېكىن بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئۆزى مەمنۇن. چۈنكى ئۇنىڭ يارىمۇ نەگە بارسا پەرىگە
ئوخشاشلا ئەل كۆزىدىن يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ.

«ئەي كۆڭۈل، ھۇرۇ-پەرى ۋەسفىن تولا كۆپ ئاڭلادۇق،
ھېچقايىسى ئادەمىيلىقدە ئەمەس ئىنسانچە خۇب.

شائىر شېئىرلىرىدا ھۇر پەرىلەر ھەققىدە ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى قىلغان، غايەت
گۈزەل ئىپادىلەرنى تاپقان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەقسەت پەقەت بىرلا: «ئىنسان
گۈزەللىكى، پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ئادەمىيلىك سۈپەتلىرىنى ئۇلۇغلاش». نەۋائىنىڭ پەرى
تەرىپىگە بېغىشلانغان قۇرلىرىدىن يۈرەك رومانتىك ئارزۇلار بىلەن تولۇپ تاشىدۇ.

## خىزىر ھېكايىتى — ئاجايىپ ھېكايەت

شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئۈچۈن
ئۇنىڭدىكى دىنىي، ئەپسانىۋى ۋە مىفولوگىك ئوبرازلار تارىخىدىن خەۋەردار بولۇش

كېرەك. خىزىر شۇنداق ئوبرازلارنىڭ بىرى. نەۋائى شېئىرلىرىدا بۇ ئوبراز ناھايىتى كۆپ تەسۋىرلىنىدۇ.

كىم ئېرۇر جانىمە ئول ئالۇدەلىغىدىن پاك لەب،
ئەي نەۋائى، ئۆلسەم ئىچمەن خىزر نۇش ئەتكەن زۇلال.

بۇ بېيىتتە شائىر يارىنىڭ پاك لېۋىنى خىزىر ئىچكەن سۇدىن ئۈستۈن قويۇپ، ئۆلگەندىمۇ ئۇنى «خىزىر-نۇش ئەتكەن زۇلال» غا تېگىشمەيدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. خوش، خىزىر كىم؟ نەۋائى نېمىشقا ئۇ ئىچكەن سۇغا بۇنچىلىك ئۇرغۇ بېرىدۇ؟ ئۇ سۇنىڭ خاسىيىتى نېمىدە؟

خىزىر دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان دىنىي، مىفولوگىك ئوبراز، ئەپسانىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ «ئابىي ھەيۋان» يەنى تىرىكلىك سۈيىنى ئىزدەپ تاپقان ۋە ئۇنى ئىچىپ ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشكەن پەيغەمبەر.

خىزىر توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇد، بەزى ئالىملار ئۇنى ئاشىقلارنىڭ ھامىيسى دەپ ئاتىشىدۇ. مەسىلەن، ئاتاقلىق ئەزەربەيجان ئالىمى ھەمىد ئارەسلى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خىزىر دىنىي ئەپسانىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تىرىكلىك سۈيىنى ئىچىپ ھەمىشە تىرىك قالغان، ئاشىقلارغا ياردەم ۋە شەپقەت قىلىدىغان ئەپسانىۋى شەخستۇر».

ئەرەب ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى ئەسىرلەردىلا، خىزىر قەھرىمانلارنىڭ قىيىن ۋە مۈشكۈل ھالەتلىرىدە ياردەم بەرگۈچى ھامىي ۋە خالاسكار سىيماسىدا يازما ئەدەبىياتتىن ئورۇن ئالغان.

مەلۇمكى، ئەرەبلەردە يېشىل رەڭ — ئىلاھىي رەڭ ھېسابلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزىر بەدىئىي ئىجادىيەتتە تونى ۋە سەللىسى يېشىل، (ئاق ئات مىنگەن، قولىدا ئۈزۈن نەيزە تۇتقان) مويسىپىت قىياپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

«كىتابىي دەدە قورقۇت» تا دىرساخاننىڭ ئوغلى بۇغاچ قىرىق نامەردىنىڭ ئېغۋا ۋە جاھىللىقى تۈپەيلىدىن تاغ ئارىسىدا ھوشىدىن كېتىپ، ھالسىزلىنىپ يىقىلىدۇ، قاغا-قۇزغۇنلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەگىشكە باشلايدۇ. شۇ چاغدا گويا كۆكتىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز بىر بوۋاي پەيدا بولىدۇ. ئۇ يىگىتنىڭ يارىسىنى قولى بىلەن ئۈچ قېتىم سىلاپ شۇنداق دەيدۇ: «جاراھىتىڭدىن قورقما، ئوغلۇم! تاغ چېچىكى بىلەن ئانا سۈتى ياراڭغا مەلھەمدۇر.» بۇ — بىز دەۋاتقان خىزىر بولۇپ، ئۇنىڭ تونى يېشىل، ئېتى بوز رەڭدە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

پارس تىللىق خەلقلەر تەسەۋۋۇرىدا ئاق ئات ياخشىلىق، ئىزگۈلۈك تىمسالى بولۇپ، ئەگەر ئادەم چۈشىدە ئاق ئات كۆرسە بۇ ئارزۇ-ئارمانغا يېتىشتىن بېشارەت دەپ تەبىرلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا قارا ئات خىزىرغا يات ھېسابلىنىدۇ. تۈركىي خەلقلەردە قارا مۇقەددەس رەڭ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا مۇنداق ئوبرازلىق تەسۋىرلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەۋلانا گەدائى مۇنداق يازىدۇ:

قارا ئاتلىق ئاق بىگىم بۇ نە يۈرۈش بولۇر، نە جەۋلان،
جىلاۋىڭنى تارتاراق تۇتكى، ئۇلۇسدا قالمادى جان.

بۇ مىسرالاردىكى «ئاق» رەڭ «قارا» غا سېلىشتۇرۇش ياكى مەشۇقە گۈزەللىكىنى سۈپەتلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلمىگەن. مەشۇقەنىڭ قارا ئاتقا مىنىشى ئۇنىڭ «تۈركىي قوۋمىدىن» ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. گەدائىي غەزىلىنىڭ داۋامىدا ئوقۇيمىز:

ماڭا ھەق خىزىر ھەياتىن بېرىپ ئېردى بىلمەدىم ۋاي،
زۇلۇمات ئىمىش قارا ئات، داغى بېگىم ئابى ھەيۋان.

دېمەك، بۇنىڭدا «قارا ئات» نى ھەم زۇلمەت، ھەم ئۇنىڭدىكى «ئابى ھەيۋان» دېيىلىشتىن شائىرنىڭ خىزىرنىڭ ئېتىنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن ئېنىق. گەدائىي باشقا بىر غەزىلىدە يارغا قارىتا:

سەر چەشمەئى ھەيۋان چۇ تار ئاغزىڭدەدۇر، ئەي جان،
بىھۇدە ئىمىش ئول تەلەبى خىزرۇ سىكەندەر.

دەيدۇ. يەنى ئۇ، ئەي يار، تىرىكلىك سۈيىنىڭ پاك بۇلىقى پەقەت سېنىڭ تار ئاغزىڭدۇر، خىزىر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تەلەپلىرى بولسا ئارتۇقچە ۋە بىھۇدەدۇر دەپ تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭغا يېقىن بولغان پىكىرلەر نەۋائىيدىمۇ بار:

خىزىر ئۇمرىيۇ سىكەندەر مۈلكى تاپقان يارسىز،
ئابى ھەيۋان ئىچرە زەھرى بىگۇماندۇر كىم ئىچەر.

يەنى: يارسىز، خىزىر ئۆمرى بىلەن ئىسكەندەر سەلتەنىتىگە ئېرىشىش — تىرىكلىك سۈيىگە زەھەر قوشۇلغانلىقى بىلەن باراۋەردۇر، بۇ سۇنى ئىچكەن كىشى ياشىمايدۇ. بەلكى ئۆلىدۇ. نېمىشقا بۇ ئىككىلا بېيىتتا خىزىر بىلەن تەڭ جاھانگىر ئىسكەندەرنىڭ نامى زىكرى قىلىنغان؟ بۇ سوئالغىمۇ ئەپسانىلەردىن جاۋاب تېپىلىدۇ. ئەزەربەيجان خەلقى ئارىسىدا تارقالغان بىر ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە، جاھاننى بويسۇندۇرغان ئىسكەندەر، ئەبەدىي ياشاش خىيالىغا چۈشۈپ، ئۆمۈرنى مەڭگۈلۈك قىلىدىغان تىرىكلىك سۈيىنى ئىچكىلى زۇلمەت دۇنياسىغا قاراپ يول ئېلىپتۇ. سەپەر ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ. ئەسكەرلىرى ھېسابسىز كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولسىمۇ، بۇ جاھانگىر ئىرادىسىدىن زادى قايتماپتۇ. يولدا ئۇلارغا نۇرانە بىر بوۋاي قوشۇلۇپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ بوۋاي ئىسكەندەرگە يېقىپ قاپتۇ. ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن كىملىكىنى، قەيەرلىكلىكىنى، نەلەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپ-سۈرۈشتۈرۈپتۇ. «ئەڭ بۈيۈك شاھىنشاھ، — دەپتۇ مويسىپىت، — مېنىڭ ئېتىم خىزىردۇر، كۆپ ئۆمۈر كۆردۈم، دۇنيانىڭ ئاق-قارىسى بىلەن، ئېگىز-پەسلىكلىرىدىن تولۇق خەۋەر تاپتىم. مانا ئەمدى قېرىدىم. ھازىرقى ئىستىكىم زۇلمەت دۇنياسىغا بېرىپ تىرىكلىك سۈيىدىن ئىچىشتۇر، شۇنىڭ بىلەن قېرىلىق دەردىدىن قۇتۇلۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس...» شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەر بىلەن خىزىرنىڭ يول ۋە نىيەتلىرى بىر يەردىن چىقىپتۇ. ئىسكەندەر خىزىرنىڭ يېشى ۋە سەپەر ھارغىنلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، تىرىكلىك سۈيىدىن ئۆزىگىمۇ ئالغاچ كېلىش شەرتى بىلەن ئېتىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. خىزىر جاھانگىر ئىسكەندەرنىڭ ئېتىنى مىنىپ زۇلمەت دۇنياسىغا يول ئېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئۇ يەردىكى شىپالىق سۇنى ئىچىش خىزىرغا نېسىپ بولۇپ، ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالغانىكەن.

بۇنداق ئەپسانىلەر ئەلشىر نەۋائىي دەۋرىدىمۇ كەڭ تارقالغان ئەلۋەتتە. بۇ پىكىرىمىزنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ ئېتىبارلىق دەلىل نەۋائىنىڭ «پەرھات ۋە شىرىن» داستانىدۇر. داستان بابلىرىنىڭ بىرىدە پەرھاتنىڭ «سوقرات تېغى تىلسىمىنى ئېچىشقا كەمەر باغلاپ تىرىكلىك چەشمىسى» يېنىدا خىزىر بىلەن ئۇچراشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. شۇ ئۇچرىشىشتا يۇقىرىدىكى ئەپسانە مەزمۇنىغا يېقىن پىكىرلەرنى نەۋائىي خىزىرنىڭ تىلىدىن تۆۋەندىكىچە بېرىدۇ:

كى ئەي فەرزەند، غەمدىن بەرگەران بول،
بۇ ئىشكىم كامىڭ ئولمىش، كامران بول.
مەنى خىزىر، ئاڭلاكىم، تۇتتۇم يولۇڭنى،
كى تا بۇ يولدا تۇتقايمەن قولۇڭنى.
ئىسكەندەر بىرلە چۈن مېھنەتكە تۈشتۈك،
تىلەپ ھەيۋان سۈيىن زۇلمەتكە تۈشتۈك.
سۇ ئىستەپ ئول كۆپ ئۇردى ھەر تەرەف گام،
ۋە لېكىن يەتتى ئول سۇدىن ماڭا كام.
مېنىڭ جانىم چۇ ئول سۇ بىرلە قاندى،
سىكەندەر جان چېكىپ، لەب تەشنە ياندى...

يەنە بىر ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە، مۇشۇ سەپەردە خىزىر بىلەن بىرگە ئىلياس پەيغەمبەرمۇ تىرىكلىك سۈيىدىن ئىچكەنىكەن. شۇڭا خىزىر قۇرۇقلۇقتا، ئىلياس سۇدا ئادەملەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلىپ يۈرەرمىش.

يىراق زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، تارىخىي ئەپسانىلەر، ھاياتىي ئەپسانىگە ئايلانغان مەشھۇر شەخسلەر تەقدىرى، قەھرىمانلىق ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى شېئىرىيەت تەسەۋۋۇرىدىن ھېچقاچان سىرتتا قالغان ئەمەس. شەرق شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئاشىق-مەشۇق ئوبرازلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى — پەرھات، مەجنۇن، نەۋرۇز، ۋامىق، شېرىن، لەيلى، ئۇزرا، گۈل قاتارلىقلار بىلەن گويا بىللە، يانمۇ يان ياشاپ كەلگەن. تەسۋىرلىنىشىچە بىز بىلىدىغان يۈسۈپ گويا مەۋجۇت گۈزەللىكنىڭ تىمسالى. ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنى مەشۇقى شۇنچىلىك زوقلىنىپ ماختايدۇ. ھالبۇكى ئەسلىدە مۇنچىۋالا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۇ ئادەتتە مەي ئىچىدىكەن، بەزىدە ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردا ھۆكۈم سۈرگەن شاھ جەمشىدنىڭ سېھىرلىك جامىنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا قاراپ جاھاندا بولۇۋاتقان ۋەقە-ھادىسىلەردىن خەۋەردار بولىدىكەن ۋە ئېھتىيات قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلىدىكەن. ئېنىقكى، بۇ بىر خىيال.

ھۇسنۇ مەلاھەتۇ كەرەمۇ لۇتف بابىدىن،
يۇسۇفدە بارى بولسا، بېگىم سىزدە بارى بار.

باغى ئىرەمدە بەلكى، بەھىشت ئىچرە بىر نەفەس،
سەنسىز بۇ بەندەنىڭكى نې سەبرۇ قەرارى بار.
ئىسكەندەر زامانىدۇرۇ كەيقۇباد ۋەقتى،
ھەر كىشىنىڭكى كۆڭلى تىلەگەن نىگارى بار.

دەپ يازىدۇ مەۋلانا ئاتايى. بۇ شېئىردا يۈسۈپ، باغى ئىرەم، ئىسكەندەر، كەيقۇبادقا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىلەرگە ئىشارەت قىلىنغان. بۇ يالغۇزلا ئىشارەت ئەمەس بەلكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي سەنئەت. مەقسەتنى تارىخىي ئەپسانە، ۋەقە، قىسسە ۋە مەشھۇر قەھرىمانلار ھاياتىغا ئىشارە ۋاستىسىدە يارقىنلاشتۇرىدىغان بۇ ئۇسۇل كلاسسىك شېئىرىيەتتە «تەلمىخ» دەپ ئاتالغان. نەۋائى شېئىرىيىتىدىكى يۈزلەپ تەلمىخلار بولسا خىزىر نامى بىلەن باغلىقتۇر. شائىر خىزىر ئوبرازى ۋاستىسىدە بىر-بىرىدىن كۆركەم، يېڭىچە رەڭ، يېڭىچە ئاھاڭغا ئىگە پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى ئەكس ئەتتۇرگەن:

ماڭاكى دوست كېرەك، ئەي خىزىر، يۈتارمەن قان،
ساڭاكى ئۇمرى دۇرۇر كام، ئابى ھەيۋان يۈت.

شائىر خىزىرغا مۇراجىئەت قىلىپ دەيدۇ: سېنىڭ مەقسىتىڭ ئۇزۇن ھايات كۆچۈرۈش ئىكەن، تىرىكلىك سۈيىنى ئىچىۋەر! لېكىن ماڭا دوست كېرەك، دوست ۋىسالى مېنىڭ ئابى ھەيۋانىم، مەن دوست دەردىدە قان يۈتۈپ ئۆمرۈمنى ئۇزارتىمەن!

لەبىڭ خەيالىدا ئەشكىم ئېرۇر ھەيات سۈيى،
فىراقىڭ ئىچرە قەرارغان كۆزۈم ئاڭا زۇلمەت.

بۇ — ئاشىقانە گەپ، شۇنداقلا غايەت گۈزەل تەسۋىر: ئاشىق يار لېۋى ھەسرىتىدە كۆز ياش تۆكىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى كۆز يېشى ئەمەس، بەلكى «ھايات سۈيى». ئايرىلىشتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ قارىيىپ كەتكەن. لېكىن بۇ قارىلىق يەنى زۇلمەت ئاشۇ «ھايات سۈيى» نىڭ مەنبەئىدۇر. بۇ بېيىتتە خىزىرنىڭ نامى ئەسلىتىلمىگەن، شۇنداق بولسىمۇ بىز، شائىرنىڭ مەنە ۋە ئىپادىدە، خىزىرغا تېگىشلىك ئەپسانىدىن پايدىلانغانلىقىنى دەررۇ ھېس قىلىمىز. چۈنكى «ھايات سۈيى» بىلەن «زۇلمەت» ھەممە سىرنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى قۇرلار تېخىمۇ ئۆزىگە خاس:

خەتىڭ ئول خىزىركى، تەرلەسە، يۈزۈڭ،
ئابى ھەيۋان ئارا بولغاي غەۋۋاس.

بۇندا يار خەتى (لېۋىدىكى مەيىن تۈكلەر) — خىزىر. ئۇنىڭدىكى دانىچە تەرلەر — ئابى ھەيۋان. يارنىڭ يۈزى بولسا شۇ سۇ ئارا گويا كى غەۋۋاس. نەۋائى باشقا بىر ئورۇندا خىزىرغا ئوخشاش «ھەيۋان سۈيى» ئىچىپ، يارسىز ئۇزۇن ياشاشتىن، يار ئالدىدا ئۆلۈشنى باقىي ئۆمۈر ھېسابلاپ مۇنداق يازىدۇ:

سەنۇ ھەيۋان سۈيى، ئەي خىزىر، تۇتقىل تەركى جانىمكىم،
ماڭا يار ئالدىدا ئۆلمەك ھاياتى جاۋىدانى بەس.

خىزىر ئوبرازىغا نەۋائىيچە قانچىلىغان بۈيۈك سەنئەتكارلار مۇراجىئەت قىلمىغان دەيسىز؟ لېكىن نەۋائىي قەلەمگە ئالغان غايە ۋە ئىپادىلەر يەنىلا ئۆزىگە خاس. شائىر شېئىرىدا خىزىر دېگەن مەلۇم ۋە مەشھۇر نامنىلا تەكرارلايدۇ. ئەمما پىكىر ۋە تۇيغۇ، ئاھاڭ ۋە تەسۋىرلەر بولسا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىپ بارىدۇ. دېمەك، نەۋائىي بۇ ماۋزۇدىمۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك شېئىرىي ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ.

## «ئاھ، شائىر قىسمىتى...»

ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىدىن بىرىدە:

نەۋائىي نەزمى رەڭگىنۇ رەۋان ئېرسە ئەجەب ئېرمەس،
كى، مەخلۇت ئولدى كۆز ياشى بىلە خۇنى جىگەر ئاڭا.

دەپ يازىدۇ. بۇ پىكىرنىڭ ساددىراق بايانى مۇنداق: نەۋائىي شېئىرى راۋان ۋە رەڭدار بولسا، سەن ھەيران قېلىپ سەۋەب ئاقتۇرما، چۈنكى ئۇنىڭغا مېنىڭ كۆز يېشىم بىلەن جىگەر قېنىم سىڭگەندۇر.

بەزىلەر شائىرلىقنى كەسىپ دەپ بىلىشىدۇ، ياق، شائىرلىق قىسمەت. شائىر پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپ تەقدىر ئادىمى. نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى بېيىتىدە بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشارە بار، ئۇنى ئوقۇپ بىز كۆز يېشى بىلەن جىگەر قېنىنى سۆزگە سىڭدۈرۈشكە قادىر بولغان، خالىسلىق ۋە پىدائىيلىقى ئۆزگىچە بىر دەردلىك يۈرەككە ئىگە كىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ياكى مانا بۇ بېيىتتىكى پىكىرنى ئۆزبېكچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭ:

قان ئىيسى كەلدى نەۋائىي نەزمىدىن ئېرمەس ئەجەب،
كىم بەغىر قانى بىلە كۆڭلىدە تاپمىش پەرۋەرىش.

بۇنىڭغا كىم چىدايدۇ؟ «قان» بىلەن «پەرۋەرىش» قىلىنغان سۆزلەردىن شېئىر يارىتىش ھەقىقەتەن ئازاب ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ «شائىر بولۇش قىيىن، شائىر بولۇش ئېغىر» (ئابدۇللا ئارىپوۋ). شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ توغرىدا تۈرلۈك شەكىللەردە توختاۋسىز ھەر خىل گەپ-سۆزلەر ئېيتىلدى، بىر مۇنچە مەخسۇس شېئىرلارمۇ يېزىلدى. رەئۇپ پەرفى «ئابدۇلھەمىد سۇلايمان چولپان» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئاھ، شائىر قىسمىتى، پارقىراق، گۈلگۈن،
زوۋالارغا تولار ئۇ بىر سۆزنى ئېيزدەر.
دۇنيادا ھېچ كىشى بىلمەس نە ئۈچۈن
ئايرىمچە كۈلەر ئۇ، ئايرىمچە بوزلار...

**ئاۋۋال** بۇ مىسرالارنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى: شائىرنى ئىشق ۋە ئىزتىراب سەپىرىگە چاقىرىۋاتقان ئاشۇ مۇقەددەس «بىر سۆز» قايسى؟ ۋە نېمىشقا بۇنداق تەنھا؟ چۈنكى ئۇ جىمىكى ئۇلۇغ سۆزلەرگە ئانا. قاچانكى ئۇنى تېپىپ، تونۇپ ئۆلگۈرمىگىچە ئۇنىڭ ئەرك، ئادالەت ۋە ھەقىقەت ئوخشاش سۆزلەرنى چۈشىنىپ يېتىشى مۇمكىن

ئەمەس. ئاشۇ سۆز بار بولسا بىزمۇ بار. ئۇنىڭسىز بىرەر سۆز، بىرەرنەرسەبىزنىڭئادەم سۈپىـ
تىدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ يۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرەلمەيـــدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ
خۇددى ئانىمىزدەك تەنها ۋە يېگانە. بىز ئۇنى چىن دىلىمىزدىن سۆيۈپ، ھەقىقىي پەرزەنتـ
لىك ئېتىقادىمىز بىلەن «ئانا ۋەتەن» دەپ ئاتايمىز. دېمەك، شائىر قىسمىتىنى ھەل قىلىدىغان
باش سۆز ــــ ۋەتەن. رەئۇپ پەرفىينىڭ «بىر سۆزنى ئىزدىشى» دىكى تۈپ مەقسـتى ئەنە
شۇ، شائىر ئۆمرى ــــ ۋەتەن ۋە خەلق تەقدىرىگە ئۆزىنى بېغىشلاش يولى. نەۋائى: «ئادەمىي
ئېرسەڭ، دېمەگىل ئادەمىي، ئانىكى يوق خەلق غەمى» دەپ يازغىنىدىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنـ
داق ئەقىدىدىن خالى، دىـيانەتسىـز قاپـىـيىۋازلارغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەن.
نەۋائى شائىر دېگەندە پەقەت چىن سۆز جارچىلىرىنىـلا تەن ئالـغان. ئۇنىـڭچە ھەقىقەت
ۋە راستچىللىق ئىختىراسلىرىدا يارىتىلغان سۆز ئاھاڭلىرىلا ماختاشقا لايىق. نەۋائى توغرىـ
لىق ۋە ساددىلىق تەلەپلىرىنى ئاۋۋال ئۆزى ئۈچۈن ئىجادىي مىزانغا ئايلاندۇرغان:

سۆزدە، نەۋائى نې دېسەڭ چىن دېگىل،
راست نەۋا نەغمىگە تەھسىن دېگىل!

نەۋائىغىچە ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىرلاردىن سەيفى سەرائى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

جاھان شائىرلارى، ئەي گۇلشەنى باغ،
كىمى بۇلبۇلدۇرۇر سۆزدە، كىمى زاغ.

سەيفى سەرائىنىڭ قىياسىي تەۋسىپىگە ئاساسلانغاندا شائىرلار ئىككى تائىپىـگە بۆلۈنىدۇ.
بىرىنچىسى ــــ سۆز بۇلبۇللىرى، ئىككىنچىـسى ــــ قۇزغۇنـلار. بۇلار بىر ـ بىرى بىلەن زادى
كېلىشەلمەيدۇ. شېئىرىيەت بوسـتانىـغا ئادىشـپ، ياكـى سۇقۇنۇپ كىرىۋالـغان قۇزغۇنلار
ئۇلار «ئۆزگىنىڭ ئەشئارىنى مېنىڭ» دەيدۇ. ياكى شېئىر «ۋەزنىنى بۇزۇپ»، «سەنئەت»
چۇقانلىرى بىلەن قەلـبىـكە مالال، روھـقا ئازار بېرىدۇ. «تەبىـئىـتى دۆت»، «لەۋزلىرى
بىمەزە»، «تەركىبى پاك بولمىغان» بۇنداق ئىستىدادسىزلارنى نەۋائى «ھەيـرەتۇل ـ ئەبرار»
داستانىدا كەسكىن، ئەمما ھەسرەتلىك سادالاردا لەنەتلەيدۇ:

تۇرفە بۇكىم، شېئىر قويۇپ ئاتىنى،
يەتكۈرۈبان كۆككە مۇباھاتىنى.
تۇرفەراق ئۇلكىم، تانىرىمنى بىلىپ،
ھەقتىن ئۇيالماي، ماڭا زاھىر قىلىپ،
ۋەھكى، ماڭا جىلۋەگەر ئەيلەر چاغى،
ئىستەبان ئېھسان داغى، تەھـسىن داغى.
كۆڭلۈمە كۆپ تىغى جەفا ئۇردىلەر،
دېمە كۆڭۈل، جانىمە يەتكۈردىلەر...

ھەتتاكى بۇ قۇزغۇن سۈپەت سۆزۋازلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ زاتلارنىڭلا ئەمەس، ئاددىي كىتابـ
خانلارنىڭ كۆڭلىگىمۇ «كۆپ تىغى جاپا» لارنى ئۇرغانلىقلىرىنى تاھازىرغىچە پەملەشمىسە؛

ھەتتاكى ئۇلار «شورلۇق تۇتىيىنىڭ ھالى» ھەممىشە ئۆزگىلەرگە تەقلىد ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىپ، ئۆزىچە ئىنسابقا كېلىشمىسە بۇ قانداق بولغىنى؟ ئەگەر ئاشۇ قەدىمىي دەۋرلەردە بۇ سوئاللارغا مۇناسىپ ئىجادىي جاۋابلار بېرىلگەندە ئىدى، ئېھتىيالىق، ئابدۇللا ئارىپوۋ:

بۇلبۇل ئۆگەي ئېرۇر قۇزغۇنلار ئارىسىدا،
ئېقىن سۇ ئۆگەيدۇر تاغلار ئارىسىدا.
مۇھەببەت دەردىدىن بىمار قەلبىمىز،
ئۆگەي بولساق نېمە بوپتۇ ساقلار ئارىسىدا.

دەپ يازمىغان بولار ئىدى. بۇ تۆرتلىكتىكى مەنە ۋە ماھىيەت باشقا بىر تەرەپتىنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇنىڭدا ئىستىبداد بىلەن ئىستىبدادسىزلىق، دەردلىك يۈرەك بىلەن دەردسىز كۆڭۈللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەسىرلەردىن بېرىقى قارىمۇ-قارشىلىق، يەنى ئۆزئارا زادى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان ھاياتىي زىددىيەتنىڭ تۈپ سەۋەبى ئېيتىلغان. ئابدۇللا ئارىپوۋ تۆرتلىكىدىكى بۇ غايىگە ياندىشتۇرۇپ جالالىدىن رۇمىينىڭ بىر شېئىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇ. شېئىر رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا بىر توپ قۇشلار قىيا-چىيا كۆتۈرۈپ سۇلايمان پادىشاھ ھۇزۇرىغا كېلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەقسەتلىرى بىرلا ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ بۇلبۇل ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بۇ ھۆكۈمدار ئالدىدا ئۇنى يامان ئاتاققا قالدۇرۇپ جازاغا تارتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىكەن. ئەرزگە كەلگەن قۇشلارنىڭ بەزىلىرى چىرقىراپ يىغلىشىپتۇ، بەزىلىرى ئۇيقۇسىزلىق ئازابىغا قالغانلىقلىرىدىن زارلىنىپتۇ. ئۇلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا: «بۇلبۇلغا نېمىشقا ئەرك بەرگەنسەن، تىنىماي پەرياد چەككىنى-چەككەن، خاتىرجەملىكىمىز بۇزۇلدى... ئۇنىڭ يېقىمسىز يىغلىرى بىلەن ھەسرەتلىك نالىلىرى ساڭا ياقسا ئىدى كاشكى؟ قېنى سېنىڭ ئادالىتىڭ، بىزلەرگە بولغان غەمخورلۇقۇڭ؟ تاقىتىمىز تۈگىدى، بۇ يەردە يا بىز تۇرۇشىمىز كېرەك، ياكى يىغلاڭغۇ بۇلبۇل!» دېيىشىپتۇ. سۇلايمان بۇلبۇلنى تاپتۇرۇپ كېلىپ: «نەلەردە مۆكۈنىپ يۈرۈسەن؟ نېمىشقا بۇ قاغا-قۇزغۇنلار بىلەن ئورتاق تىل تېپىشمايسەن؟ ئۇلار ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىپ كېلىشىپتۇ... ئۆزۈڭنى ئاقلايدىغان گېپىڭ بولسا، ئېيت!» دەپتۇ. «ئەي سۇلايمان، — دەپتۇ بۇلبۇل، — بۇ بەدبەخلەر مەن چەككەن دەرد-ھەسرەتلەرنىڭ مەنىسىنى قەيەردىن بىلسۇن؟ چۈنكى ئۇلاردا ئىشق يوق. ئۇلارنىڭ گۇمراھلىقىمۇ نەپس ۋە پاراغەتكە ئامراقلىقىمۇ شۇنىڭدىن. مەن بارى-يوقى ئۈچ ئاي نالە قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن توققۇز ئاي ئۈن-تىنسىز ئازاب چېكىمەن، يۈرىكىم قانغا تولغانلىقتىن مۇشۇنداق سايرايمەن، مېنى ئىشق ئەلىمى، جۇدالىق ئازابى يىغلىتىدۇ...» بۇ بۇلبۇل — شائىردۇر. بەلكى ئۇ مۇنداق نالە-پىغان تەلىمىنى نەۋائىغا ئوخشىغان شائىرلاردىن ئالغاندۇر:

بۇلبۇللار ئالۇر نالەنى تەئلىم، ئەگەر ئەتسە
باغ ئىچرە نەۋائىي ئۆز-ئۆزى بىرلە تەرەننۇم.

شائىرنىڭ «ئۆز-ئۆزى بىرلە تەرەننۇم» قىلىشىنىڭمۇ ئالەمنى غەم ۋە ئارمان ناللىرىگە تولدۇرىدىغانلىقى ئېنىق. ئىشق ۋە دەرد ئەسلى شائىر ئۈچۈن قىسمەت. ئۇ سۆز ئارقىلىق ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئازاب ۋە ئىشقىي ئىختىراسلىرىنى ھەدىيە قىلىدۇ. ئۇلارنى دۇنيادا مۇھەببەتتىن بۈيۈك، ئىشقتىن قۇدرەتلىك ۋە ھاياتبەخش ئىدېئالنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ ياشىشى ئۈچۈن ھەر قانداق روھىي ئازابلارغا چىدايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئۇ جاھىل ۋە نادان ئادەملەرگە ياقىدىغان زەئىپ پىكىرلەر، نۇرسىز سۆزلەر ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ، نەۋائى «مەھبۇبۇل-قۇلۇب» ئەسىرىدە «نەزمە گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى» بولغان شائىرلارنى بىر نەچچە گۇرۇھقا بۆلىدۇ. بىرىنچى گۇرۇھ — «شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى ئىلاھىي سىرلارنى بايان قىلماق ۋە چەكسىز مەرىپەت تارقاتماق» بولغان شائىرلار، بۇنداق بۈيۈك ئىلھاملىق شائىرلارنىڭ ئاساسىي ئىشى «مەنىلەر خەزىنىسىدىن جاۋاھىرلار يىغماق ۋە بۇ جاۋاھىرلارنى ئەل ئىزگۈلۈكى ئۈچۈن نەزمە يىپىغا تىزماق» ھېسابلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يازغان شېئىرلارنىڭ «ئىپادىسى غايەت قۇتلۇق، غايەت ئۇلۇغ، ۋە يېقىملىقتۇر. خالىغان كىشى بۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن سۆز مۆجىزىلىرىنى تاپالايدۇ.» فەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمىي قاتارلىق سەنئەتكارلار ئەنە شۇ گۇرۇھ شائىرلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى، خوجا ھافىز شىرازىلار گۇرۇھىغا مەنسۇپ شائىرلار بولسا، «ھەقىقەت سىرلىرىغا مەجاز سىرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆز پىكىرلىرىنى شۇ يول بىلەن ئىپادە» قىلغانلار. بۇنىڭدىن باشقا كىتابتا يەنە پەقەت مەجازى مەنىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئىجادكارلار تائىپىسى ھەققىدە بىر مۇنچە گەپلەر بار. كىتابتا، نەۋائىنىڭ «پەست تەبىقە» دەپ ئايرىلغان قەلەمكەشلەرگە ئائىت مۇلاھىزىلىرى دەل بۈگۈنكى بەزى نەزمىكەش ۋە قاپىيە بازلارغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ. چۈنكى ھازىرقى تەقلىدچىلەرمۇ خۇددى نەۋائى ئېيتقاندەك «پەقەت شېئىر يېزىش بىلەنلا شاد ۋە خۇرسەنىدە» بۇلار «مىڭبىر مۇشەققەتتە بىر بېيىت توقۇپ چىقتىمۇ، بولدى، شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە قات ئاسماندىن ئاشۇرۇپ» داۋراڭ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ «سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت ۋە مەرىپەت بالىدىن لەززەت، نەزمىلىرىدە نە شەۋق ۋە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت، شائىرانە تەركىبلىرىدە نە ھېكمەت ۋە گۈزەللىك، ئاشىقانە كۆيۈپ-پىشىشلىرىدا نە ئوت ۋە يالقۇن بولسۇن؟»

بۇنداق شائىرلار بەزىدە بىرەر ياخشى بېيىت يېزىپ قالغۇدەك بولسا «ئۇنلارچە ئاساسسىز دەۋالار بىلەن ھەممە ياققا جار» سالىدۇ. «گويا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرى زور ۋە ئۆزى ياراتقان سۆزلىرىگە ئېتىقادلىرى مۇستەھكەمدەك. قىزىقى شۇنىڭدىكى، بۇ تائىپە شائىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شېئىرىدا مەنە ئاز، لېكىن شائىرلىق دەۋالىرى كۆپتۇر» دەيدۇ نەۋائى.

شېئىر ۋە شائىرغا باھا بېرىشتە نەۋائىنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ھېسابقا ئېلىشىمىز كېرەك. كېيىنكى ئون يىللاردا شېئىرىيىتىمىز تالانتسىزلار دەستىدىن كۆپ ئازار چەكتى. ئوقۇشقا يارامسىز يېزىلەپ كىتابلاردىن تاشقىرى بەزى بىلىمسىز مەمەدانىلار

بىلەن ئۇتتۇرا سالماقتىكى بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ تومىلاپ كىتابلىرى نەشىر قىلىندى. ئايرىملىرىنىڭ چالا ئىشلەنگەن خام-خاتىلا ئەسەرلىرى مۇكاپاتلار بىلەن تارتۇقلاندى. نېمىشقا شۇنداق بولدى؟ ئىستىداد دەرىجىسى ۋە خەلققە بەرگەن مەنىۋى بايلىقىغا قاراپ ئەمەس، ساختا ئابروي-مەرتىۋە شەخسىي ساداقەت ۋە خۇشامەتكويلۇقلارغا بىنائەن ئىش كۆرۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەۋائى تەپسىلىي خاراكتېرىستىكا بەرگەن «پەست تەبىئە» دىكى قەلەمكەشلەرنى قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى. ئىجتىمائىي ھاياتتا شۇنداق بولغىنى ئوخشاش شېئىرىيەتتىمۇ ساپ ھاۋا ئۆزگەردى، شېئىرىيەتتە ھەقىقەت بايرىقىنىڭ تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ شائىرلىرىمىزنىڭ نەۋائىنىڭ شائىرلىق شەخسىيىتىگە بولغان مېھىر ۋە ئېتىقادى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى كېرەك. شائىر ئۆز قەلبىنىڭ قەسىرلىرىگە ئوكۇشلۇق كىرەلىگەندىلا ئاندىن بۈيۈك سوئاللارغا يېشىمچە جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئۆز يۈرەك قەسىرىدىن ئۇ ھېچقاچان قۇرۇق قول قايتىپ چىقمايدۇ، كۆتۈلمىگەن يېڭى پىكىر، ئۆزگىچە ھېكمەت ۋە ئورىگىنال پوئېتىك ئوبرازلارنى تېپىپ چىقىدۇ. نەۋائىدا شۇنداق.

## شېئىر — ئىشق، شېئىر — ئارمان

ئىنسان شېئىرىيەتسىز ياشيالمايدۇ. بۇ قانۇنىيەت. شېئىرىيەتنى سۆيۈش — توغرىلىق، دىيانەت، پاكلىق ۋە گۈزەللىكنى سۆيۈش دېمەكتۇر. شېئىر تىلىدا ۋىجدان سۆزلەيدۇ. ئېتىقاد ۋە ئارمان سادا بېرىدۇ، شېئىردىي تىل — دەرد ۋە شادلىق تىلى. شېئىر — مىننەتسىز ۋاپادار دوست. ئۇ شۇ قەدەر سەزگۈر، شۇ قەدەر ئۆتكۈركى، ئۇنىڭغا ئاخىرىغىچە ئىشىنىش، ئۇنىڭ بىلەن بىمالال سىرلىشىش، قايغۇ-ھەسرىتىڭنى ئېنىقى بىلەن ئېيتىپ مۇڭدىشىش مۇمكىن. شېئىر سېنى سۆكمەيدۇ، جاھىللارچە ئەيىبلىمەيدۇ، چارچىغان روھىڭنى ئەزمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەقىل ۋە ئىختىراسىغا تولغان چوڭقۇر نىگاھى مەڭگۇ ئۈمىد بەخشتۇر. بۈيۈك رۇس شائىرى ئا. س. پۇشكىننىڭ «خىرانى مېنيا، موي تالىسمان» دېگەن شېئىرى بار. ئۇنى ئابدۇللا ئارىپوۋ «ئىلتىماس» نامى بىلەن تەرجىمە قىلغان. «تالىسمان» سۆزىنىڭ ئۆز بېكىچە مەنىسى «تۇمار». «تۇمار» — ئىچىگە دۇئا پۈتۈلگەن قەغەز جايلاشتۇرۇلغان ئۈچ بۇرجەكلىك نەرسە. ئېيتىشلارچە شۇ تۇمار ئادەمنى كۆز تېگىش، ھەرخىل بالا-قازالاردىن ساقلارمىش، قەدىمىي دەۋرلەردىمۇ خوتۇن-قىزلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېسىپ يۈرىدىغان تۇمار بېزەكلىرى بولغان. تۇمارنىڭ كۈچىگە بولغان ئىشەنچ ئاددىي ئادەملەرنىڭ دۇنيا قاراشلىرىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالساق شەرق شائىرلىرىنىڭ تۇمارنى بەختسىزلىك ۋە كۈلپەت خالاسكارى تىمسالىداتەسۋىرلەشلىرىنىڭ سەۋەبىنى شەرھلەشكە ھاجەت قالمايدۇ، پۇشكىندىمۇ تۇمار ئۆزگىچە ماھىيەتكە ئىگە. شېئىرنىڭ ئۆتمۈش شەرق پوئېزىيەسىنىڭ ئىجادىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يارىتىلغانلىقى سېزىلىپ تۇرىدۇ. مانا، شېئىرنىڭ دەسلەپكى قۇرلىرى:

ئۆزەڭ ئاسرا ئەمدى مېنى، تۇمارىم،
ئەلەملىك كۈنلەردە مېنى ئاسراپ قال.
قەلبىمنى چۇلغىسا شۈبھە ۋە مالال،
ئۆزەڭ ئاسرا ئەمدى مېنى، تۇمارىم.

بۇ ئۆتۈنۈش راستىنلا تۇمارغا قارىتىلغانمۇ؟ ناھاتكى، شائىر ئۇنىڭ خىيالىي كۈچ قۇدرىتىگە شۇ قەدەر ئىشەنسە؟ ناھاتكى، شۇ تۇمار تۈپەيلى شەپقەتسىز «دولقۇنلار» بىلەن «ئوتلۇق چاقماقلار» نى ياندۇرغۇچى «بۇلۇتلار» نىڭ ھەيۋە ۋە دەھشىتىدىن ئامان قالسا؟ يۈزەكى تەسەۋۋۇر قىلىنسا ئەھۋال شۇنداق. لېكىن بىز شېئىرنىڭ داۋامىنى ئوقۇيلى:

سىرلىق ۋە مۇقەددەس ئاپتاپ جامالى،
ئالدامچى، غارايىپ، لەززىز تۇيغۇلار...
خىيانەت كۆكىگە يېتىشتى ئۇلار...
ئۆزەڭ ئاسرا ئەمدى مېنى، تۇمارىم.

شائىرنىڭ ئاپتاپ يۈزلۈك «سىرلىق ۋە مۇقەددەس» بىر ئۇلۇق رەھنەما، يەنى بىر قابىل يېتەكچىگە يالۋۇرۇۋاتقانلىقى ئەمدى سىر ئەمەس. شۇ نىجاتكار يۆلىسە، ئۇ «ئېرىنچەك سۈكۈت قوينىدا» كۆپ تۇرۇپ قالمايدۇ، «يالقۇنلۇق جەڭ» ھېسسىياتىنى قەلبىگە پۈكۈيدۇ. «خىيانەت كۆكىگە» پاتقان «ئالدامچى، غارايىپ، لەززىز تۇيغۇلار» يېڭى ۋە ئالىيجاناب ھېسلار ئېقىمىغا توسقۇن بولالمايدۇ. «ئۆتكەن خاتىرىلەر» دىل زارىغا ئايلىنىپ، قەلب جاراھەتلىرىنى تېخىمۇ قان قىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە «ئەلۋىدا، ئۈمىدلەر، تىنىچ ئۇخلا، ھەۋەس» دېيىش پايدىسىز. چۈنكى خاتىرە بىدار ئىكەن، ئۈمىد ئويغاق، ھەۋەس زادىلا كۆز يۇممايدۇ. پۈشكىن سېغىنىۋاتقان تۇمار بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيدۇ. «ئىلتىماس» شېئىرىدىن كىشىنىڭ يادىغا كۆككە قاراپ تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ روھىي قىياپىتى كېلىدۇ. لېكىن پۈشكىننىڭ شېئىرىدا ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان نەرسە، سەجدە قىلىنىغان قۇدرەت باشقا بىر نەرسە. ئۇ — شېئىرىيەت، شائىرنىڭ ھەممە ئىلتىماس ۋە ئۆتۈنۈشلىرى شېئىرىيەتتىن.

شېئىرىيەت — ئىنسان قەلبىنى ھەقسىزلىق، زەلالەت، زۇلۇم، ئومۇمەن ئىنسان روھىيىتىنى بوغۇدىغان دۇنيادىكى ھەممە رەزىللىكلەردىن ئاسرايدىغان شىجائەتلىك روھ، ئۇ باركى دىل ئەلەملىك تۇيغۇلاردىن خالىي، ئۇنىڭ بىلەن نۇرلۇق ھېسلار، ئازاد پىكىرلەر، ئۆمۈرلۈك ئارزۇ-خىياللار مۇھىتىدا ياشاش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىدا ھايات ۋە زامان رەزىللىكلىرى بىلەن ھەممە شەپقەتسىزلىكلەرنى دەپىنە قىلىدىغان سىرلىق ۋاستە بولغان. مەسىلەن، مۇھەممەد رىزا ئاگەھى ئۆزىنىڭ دىۋانىنى «تەئۋىزۇل ئاشىقىن» يەنى «ئاشىقلار تۇمارى» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ دىۋانىنىڭ مۇشۇنداق ئاتىلىشىلا پۈشكىن ۋە ئاگەھىنىڭ شېئىرغا بولغان قاراشلىرىدا نەقەدەر يېقىنلىق بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىدا شېئىرنى مۇقەددەسلەشتۇرۇش سۆزدىن باشلىنىدۇ: سۆز گاھ ئېيتىپ قانمايدىغان كۈي، ئىشلىتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خەزىنە، گاھ ئۇنى «ناھايىتى ئاجايىپ گۆھەر»، ياكى ھەممە گۆھەرنى قەرىگە يىغقان مەۋجىلىك دېڭىز. گاھىدا بولسا نۇر چاچقانسېرى شۇنچە يالقۇنلىنىدىغان ئالىمى ئاپتاپ. لېكىن ئۇنىڭ بىرلا يورۇقلۇق مەنبەسى بار، بۇ — ئىشق، «شېئىرنىڭ ئىشق ھارارىتىدىن كۆيدۈرۈشلىرى بولمىسا، ئۇنداق شېئىرنى يورۇقى يوق شام بىل» — دەپ يازىدۇ نەۋائى. شائىر نەۋائىنى ئۇستازى سەييىد ھەسەن ئەردەشىرگە يازغان مەكتۇبىدا: «مەن دەردناك قانداق شېئىر ئېيتىماي، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرپى دۇر بولىۋېرىدۇ» دېگەن گەپنى ئېيتقان. بۇنىڭدىن، ئىنسان روھىنى دەرد تازىلايدۇ، «دەردلىك كۆڭۈل شولىلىق چىراغ»، دەردلىك شائىر شېئىرىدا ھەرپلەرمۇ ئۆز-ئۆزىدىن ئۈنچە بولۇپ تىزىلىۋېرىدۇ، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. نەۋائى ھېچقاچان سۆزنى ئاددىي نەرسە ھېسابلىغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىشقتىن ئالىي تۇيغۇ يوق. شائىر كۆز ئالدىدا ئىشقسىز ئېشەك بولسا، دەردسىزلەر ئەينى كېسەكتۇر، شېئىرنىڭ مۇقەددەسلىكى شۇنىڭدىكى، ئۇ ئىشق، سۆز ۋە دەردنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇلار بىر-بىرىگە مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان دەرىجىدە سىڭىشىپ كەتكەن. بۇ بولسا بىر ئۇلۇغ مەنىۋى ھادىسە. مانا، يەنە بىر ھەقىقەت:

نەزمىم ئىچرە غەرىب مەنىلەر،
غۇرەبا خەيلىدىن نىشانەدۇرۇر.
ئاندا ھەر بەيت نەچچە مەنىلەر
بەيت ئەمەسكىم، غەرىبخانەدۇرۇر.

بۇ قىتئەدىكى «غەرىب»، «غۇرەبا»، «غېرىبخانە»، «بەيت» سۆزلىرى قوش مەنىگە ئىگە. بىرىنچىسى: شېئىرىمدىكى ئاجايىپ مەنىلەر غارايىپ شېئىرىيەت تائىپىسىدىن نىشانە، ئۇنىڭدىكى مەنىلىك بېيىتلەر بىر يېتىلگەن ئاجايىپ خانىدۇر. ئىككىنچىسى: شېئىرلىرىمدىكى ئاجايىپ مەنىلەر غېرىب ۋە دەردمەنلەر روھىدىن بېشارەتتۇر، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلۇق بېيىتلەر نېمە؟ ئۇلار بېيىت ئەمەس، بەلكى غېرىبلار ماكانى غېرىبخانىدۇر. ئاددىي ئىنسان قەلبى ۋە ھېس تۇيغۇلىرىنى قوغداش، قەدىرلەش ۋە ئۇنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ جاھاندىكى قايسىبىر شاھ، قايسىبىر سەلتەنەت ساھىبى ئىشق ۋە ئازابتىن باشقا چارىسى بولمىغان كىشىلەر قىسمىتىنى شۇنداق «غېرىبخانىلار» دا ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان؟ مانا، شېئىرىيەتنىڭ شەپقىتى شۇنچىلىك تەڭداشسىز. شېئىرىيەت — شەپقەت، مۇھەببەت ۋە مۇرۇۋۋەت ۋەتىنى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەۋائى ئۇنى مۇقەددەس بىلگەن.

نەۋائى شېئىرلىرىنى «ئوتلۇق كۆڭۈلدىن چىقاردىم» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئوتلۇق پىكىر ۋە ئىشتىراس يالقۇنىدىن مەھرۇم بولغان قاپسىلىك قۇرلارنى شېئىر سۈپىتىدە تەن ئالمىغان.

ئەي نەۋائى، شەرھى ھالىمنى دېدىم ئېرسال ئېتەي،
سوزدىن ھەم سەفھەغە ئوت تۇشتى ھەم كۆيدى قەلەم.

كىيىنكى مىسرادىكى «سوزدىن» دېگەن سۆز ئىككى مەنىگە ئىگە. بىرىنچىسى پارسچە: سوز — يانماق، ياكى كۆيۈش. يەنى: شەرھىي ھالىم بايانىنى يەتكۈزەي دېسەم ئىچىمدىكى سوزىش — يانغىنىدىنمۇ قەغەزگە ئوت چۈشتى، قەلەممۇ كۆيدى. ئىككىنچى مەنە: تىلدىكى سۆز. بۇ ھەقتە ئويلانغاندا، شائىر كۆڭلىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سۆزلەرنىڭ ھەرپلىرىدىمۇ گويا قەغەز ۋە قەلەمگە تال - تال چوغ بولۇپ تۆكۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك تەسرات تۇغدۇرىدۇ، شائىر قىتئەلىرىنىڭ بىرىدە ئىقرار بولۇپ ئېيتىدۇكى «ئوتلۇق كۆڭلۈمدىن چىققان شېئىرلىرىمنىڭ ھەر بېيىتى مېنىڭ بارلىقىمنى ئوت - يالقۇنغا شۇنچىلىك پۈركىدىكى، ئۇ «ئابىھايات» بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن ھەر قانداق كىشى بېزەر ئىدى،» شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر مۇنداق دەيدۇ:

تىلەرمەن ئانى مەن داغى ئوتقا سالسام،
كى قايدىنكى كەلدى ھەم ئول سارى يانغاي.

بۇ بېيىتتىكى ئاساسىي مەقسەت: شېئىر مېنى رەھىمسىز ئوتقا ياقتى، مەنمۇ ئۇنى يالقۇنغا تاشلايمەن. بۇ يالقۇن قەيەردە؟ يالغۇز شائىر دىلىدىمۇ؟ ياق، نەۋائى «ئول سارى» دەپ بەلگىلىگەن مەنزىل ئاھۇ - پىغان چوغلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان كىتابخانلار كۆڭلىدە.

نەۋائى: «يازغىنىمنى كۆڭۈلگە مەھبۇب ئەت!» دېگىنىدە بىرىنچى بولۇپ مەنە جەھەتتىن، مەھبۇبلىقىنى نەزەردە تۇتقان. چۈنكى شېئىردا ھەممىدىن مۇھىمى مەنە ۋە دەرد، شەكىل ھەر قانچە كۆركەم ۋە گۈزەل بولسىمۇ ئۆز - ئۆزىچە تەسىر ئۆتكۈزۈشكە قادىر ئەمەس:

نەزمدە ھەم ئەسلى مەئنى ئېرۇر،
بولسۇن ئانىڭ سۇرەتى ھەرنە دۇرۇر.
نەزمكى مەئنى ئاڭا مەرغۇب ئەمەس،
ئەھلى مەئنى قاشىدا خۇپ ئەمەس...

بەزەن شۇنداق ھاللارغا دۇچ كېلىمىز: قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ شېئىرى گېزىتكىمۇ، ژۇرنالغىمۇ چىققان، ياكى كىتابىتا بېسىلغان. ئوقۇسىڭىز، شېئىردا مۇھىم پىكىر باردەك، ھەقىقەتەنمۇ شائىرنىڭ كۆڭلىدە سالماقلىق مەزمۇن ساقلانغان. لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر سىزنىڭ روھىڭىزنى بويسۇندۇرالمايدۇ. سەۋەبى نېمىدە؟ بىرىنچىدىن، شېئىردا بىرەرمۇ يېڭى ئوي، قىياس ۋە ئوبرازلىق سۆز يوق. روھىي ئاھاڭ، ھېسسىيات مەنزىرىلىرى تېپىلمايدۇ. ئىككىنچىدىن، سەۋىيە بەكمۇ تۆۋەن. تۆۋەن سەۋىيە بولسا ھېچقانداق يېڭى، ئىجادىي مەزمۇننى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. نەۋائى دەل يۇقىرىقى ھاللارنى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ سەمەرسىز يول، دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە، شائىرنىڭ شېئىرلىرى، مەيلى كۆپچىلىككە مەنزۇر بولسۇن، ياكى بولمىسۇن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە خاس بەدىئىي - غايىۋى پەزىلەتلەرگە ئېرىشىشى شەرت:

ئانى نەزەم ئەتكى، تەرھىڭ تازە بولغاي،
ئۇلۇسقا مەيلى بىئەندازە بولغاي.

يوق ئېرسە نەزم قىلغاننى خەلايىق،
مۇكەررەر ئەيلەمەك سەندىن نې لايىق.

شېئىردا ئۆز سۆزى ۋە ئاۋازى بىلەن كۆيلىمەسلىك بۇ مەلۇم پەللىگە يېتىپ بولغان سەيـ-
ياھنى كەلگەن يولى بويىلاپ ئات چاپتۇرۇپ قوغلاشقا ئوخشاش ئەخمىقانە بىر ئىش. نەۋا-
ئى شېئىرىيىتىدە ھەربىر ئەسەر روھىيەت چىمەنى، پىكىر ۋە تۇيغۇلار گۈلزارىدۇر. ئۇ-
نىڭدا قانچىدىن - قانچە شائىرلار سەيلە قىلالايدۇ. كۆزى ئۆتكۈرلىرى ئېچىلغان گۈللەرنى
كۆرۈپ شادلىنىدۇ، زوق ۋە ئىلھام بىلەن گۈلدەستىلەر تۈزۈپ، خەلققە تەقدىم قىلىدۇ.
خۇددى شۇ گۈلزارنىڭ ئۆزىدىن يەنە گۈل ئۈزۈشكە ئىنتىلىش بىر خىل ئەخمىقانە ئاۋا-
رىچىلىقتۇر. قىسقىسى، شېئىرىيەت بىپايان بوستان. ئىزدەنسەڭ، يىراقتا نەزەر سالغان
كىشى ئۇنىڭدىن ھېسابسىز يېڭى نەرسىلەرنى تاپىدۇ. چۈنكى: «بۇ بوستان سەھنىدە گۈل
كۆپ، چىمەن كۆپ». شېئىرىيەت، بۇ — تۇرمۇشنىڭ يارقىن تەنتەنىسى، بىزگە كەمدىن -
كەم قۇچاق ئاچىدىغان ھايات لەززىتى. بۇ زوق - شوق، ھاياجانلىنىش ۋە مەھلىيا بولۇش.
بۇ - ئىختىراس پاراغىتى، تۇيغۇلار دولقۇنى، ھېسسىياتلار بورىنى، مۇھەببەت تاشقىنى، بۇ
كۆڭۈلنى ھەمىشە ئۆزىگە تارتىدىغان ۋە ھېچقاچان يېتىپ بولمايدىغان قانداقتۇر بىر يەر-
لەرگە سۆرەيدىغان، ئىختىراسلىق، زارىققان سېغىنىش ئىشتىياقى ... بۇ — پۈتۈن بارلىقنى باغرىغا
بېسىش ۋە ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىشكە بولغان ئەبەدىي ۋە ھېچقاچان قېنىشنى بىلمەيدىغان
چاڭقاقلىق ... شېئىرىيەت، بۇ — ئىنسان ھاياتىنىڭ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى، ئۇنىڭ قېنى ۋە
جېنى، ئۇنىڭ شولىسى ۋە قۇياشى ...» شېئىرىيەتكە بېرىلگەن بۇ گۈزەل تەرىپ بۈيۈك
رۇس تەنقىدچىسى ۋ. گ. بېلىنسكى قەلىمىگە مەنسۇپ. ھەممە بۈيۈك شائىرلارغا ئوخشاش
ئەلىشىر نەۋائىمۇ شېئىرىيەتنى ئىنسانىيەتنىڭ يۈرىكى، «ئۇنىڭ قېنى ۋە جېنى، ئۇنىڭ
شولىسى ۋە قۇياشى» دەپ بىلگەن.

1989 - يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «زەنجىربەند شېئىر قاشىدا» ناملىق كىتابتىن
ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەھەممەت پولات






(داستان)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى تەڭرى تېغىنىڭ تۆۋەن تامانى، تارىم دەرياسىنىڭ ۋادىسىدىكى بىر ئەلنىڭ گۈزەلشاھ ئىسىملىك بىر پادىشاھى بولۇپ، ئەل-يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىغانىكەن. گۈزەلشاھ پادىشاھ پۇقرالىرىنىڭ ھال-مۇڭىنى ئاڭلاپ، دادىغا يېتىپ تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىكەن. خەلق ئۇنىڭ ئادىللىقىنىڭ سايىسىدا كۈنلىرىنى خۇشال-خورام، خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىكەن. شۇڭا يۇرت خەلقى ئۇنى ئادىل پادىشاھ، دەپلا ئاتايدىكەن. خەلق ئۇنىڭدىن رازى ئىكەن، ئۇمۇ ئۆز خەلقىدىن پەخىرلىنىدىكەن. خەلق ئىچىدە گۈزەلشاھ توغرىلىق مۇنداق بىر قوشاق تارالغانىكەن:

گۈزەل شاھىمىز ئادىل،
يۇرتنى ئادىل سورايدۇ.
چىقىپ ئوردىخانىدىن
دادىمىزنى ئاڭلايدۇ.
كۈلسەك بىللە كۈلەدۇ،
يىغلىساق بىللە يىغلايدۇ.
قىلىنى قىرىق پارچىلاپ،
ئىش كۆرەدۇ مىزانلىق.
ئەل-يۇرتىغا كۆيۈمچان،
شېرىن، ئىسسىق زۇۋانلىق.
بەختىمىزگە تىلەيمىز
شاھىمىزغا ئامانلىق.

مانا شۇ ئادىل پادىشاھ — گۈزەلشاھنىڭ گۈلجاھان ۋە گۈلزامان دەپ ساھىبجامال ئىككى قىزى بولغانىكەن. ئۇلار ھۆسن-جامالدا، گۈزەللىكتە كۆرگەنلەرنى تاڭ قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئوپ-ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن مىجەز-خۇلقى، ۋە ئەقىل-پاراسەتتە بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. گۈلجاھان كەم ئەقىل، تەرسا ھەم ياسانچۇق ئىكەن؛ گۈلزامان بولسا خۇش خۇي، چىقىشقاق، ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئوقۇمىغان كىتابلىرى يوق ئىكەن، شۇڭا گۈلزامان بىلەن بەس-مۇنازىرىدە بولغانلار ئۇنىڭ پىكىر، مۇلاھىزىلىرىنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولالماي خىجىل بولىدىكەن. كىشىلەر گۈلزاماننىڭ بىلىمىنىڭ كۆپلۈكى، مۇلاھىزىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ ئۇنى «دانىشمەن گۈلزامان» دەپ ئاتايدىكەن. گۈلزاماننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ كەڭ داللاردا، يېشىل ۋادىلاردا ئايلىنىشنى، گۈل-گىياھلارنى پۇراپ زوقلىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

گۈزەلشاھ پادىشاھ كىچىك قىزى گۈلزامانغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇنى ھەتتا ئەرلەرگىمۇ تەڭ قىلمايدىكەن. بولۇپمۇ گۈلزاماننىڭ ئەدەب-قائىدىلىك، شېرىن سۆزلۈك، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان، چوڭقۇر، كەڭ بىلىملىك — دانىشمەنلىكىدىن سۆيۈنىدىكەن، پەخىرلىنى-

دىكەن. شۇ سەۋەبتىن گۈلزامانىنىڭ ھەرقانداق
تەلەپ ئارزۇسى بولسا بەجانىدىل ئادا قىلىپ
بېرىدىكەن. گۈلزامانمۇ ھېچقاچان ئورۇنسىز
تەلەپلەرنى قويمايدىكەن. ئۇنىڭ دادىسىغا كۆپـ
رەك قويىدىغان تەلىپى كەڭ دالىلارنى كۆرۈپ
كېلىشلا ئىكەن. كۈنلەر شۇ بويىچە ئۆتۈپتۇ.
مەلىكە گۈلـزامان بىر كـۈنى چۈشـ
دە خۇددى ئوڭىدا بولغاندەكـلا ئاجايىـپ
ئىش كۆرۈپتۇ: ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە مۇز
قاتـقان، يـېـشـىـل ۋادا، باغ ـ دالـىلارنى
ئاپئاق قار ياپـقان قىش مەزگىلى ئىمىش
مەلىكە گۈلزامان كېنىزەك ـ ھەمراھلـىرى بـ
لەن ئۆزئارا قار چېچىشىپ ئويناپ كېتىۋېتىپ
تۇرلۇك مېۋىلەر پىشىپ مەي باغـلاشقان،
رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، ئەتراپقا پۇراق
چېچىپ تۇرغان، پەيـزى باھار مەنزىرىلىك،
جەننەت سۈپەتلىك بىر باغقا كىرىپ قاپتۇ.
ئۇلار باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر گۈلزارلىقنى
كۆرۈپ شۇ تەرەپكە مېڭىشىغا، بىردىنلا جۇتلۇق
شىۋـىرغان چىـقىپ دەل ـ دەرەخـلەرنى،
گۈل ـ گىياھلارنىڭ ياپراق، گۈللىرىنى ئۈشـ
شۈتۈپ تۆكۈپ تاشلاپتۇ ۋە يەنە لەپىلدەپ
قار يېغىپ، بىر دەمدىلا باغـنى بىر قەۋەت
قېلىن قار قاپلاپ كېتىپـتۇ. كۆزنى يۇمۇپ

ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ھادىـ
سىگە ئەقلى يەتمەي ھەيرانلىقـقا چۆككەن
گۈلزامان ھېلىقى گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا
يوپيۇرماقلىرى ياپيېشـىل، تاجـى ئالـتۇن
رەڭگىدەك ساپسېرىق، گۈلىنىڭ رەڭگى يالـ
قۇنجاۋاتقان چوغدەك قىپـقىزىل پورەكلەپ
ئېچىلىپ تۇرغان بىر گۈلنى كۆرۈپ تېخىـ
مۇ ھەيران قاپتۇ. ئۇ قارلىق شىۋىرغاندىمۇ
ئۈششۈمىگەن، بەلكى تېخىمۇ ياشناپ تۇرغان
بۇ قىزىل گۈلگە زوق ـ ھەۋىسى كېلىپ، ئۇنى
ئۈزۈش ئۈچۈن قولـىنى ئۇزىـتىشىغا قولى
«چىم» قىلىپتۇ، قارىسا بارماقلىرىنىڭ ئۇچىـ
دىن قان تەپـچىپ چىقىپـتۇ. گۈلزامان شۇ
چاغدىلا گۈلنىڭ شۇ قەدەر ئېسىل، جەزىبىـ
دارلىق بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئۆتـكۈر تىـ
كەنلىك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىپتۇ. «تىكىنى
ئۆزىـنى يامان قولـلاردىن ئاسـرىغۇچىسى
ئىكەن»، دېگەننى ئويلاپ يەتـكەن گۈلزاـ
مانـىنىڭ بۇ قىزىلگۈلـگە بولغان زوق ـ ھەـ
ۋىـسى، ئىشـتىياقى تېخىمۇ ئېشىپـتۇ ـ دە،
گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ ھەۋەس بىلەن قاراپـتۇ،
پۇراپـتـۇ، ئۇ ئۆمرىدە قار، شىـۋىرغانـلىق
چاغلاردىمۇ رەڭگىنى، شەكلىنى ئۆزگەرتمەي
باھار پەسلىدىكىدەك ئەينى بويىچە تۇرۇۋېـ



رىدىغان بۇنداق خاسىيەتلىك گۈلنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. گۈلزامان قىزىلگۈلنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر پۇرىشىغا، گۈلنىڭ شېرىن پۇرىقىدىن كۆڭلى مەستخۇش بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئويغىنىپ ئەتراپىغا قارىسا، ئۆزىنى ئۆز ھۇجرىسىدا كۆرۈپتۇ. باياتىن كۆرگەنلىرى چۈشى ئىكەن. ئۇ چۈشىنى ئەسلەپتۇ. چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئويلاپ ئەجەبلىنىپتۇ. ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭ ھېلىقى قىزىلگۈلگە ئاشىقى بىقارار بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئولتۇرسا - قوپسا پۈتۈن ئەس - يادى قىزىلگۈلدە بولۇپ قاپتۇ. گۈلزامان ئۆزىنىڭ قىزىلگۈلگە بولغان ئىنتىزارلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق نەزىم پۈتۈپتۇ:

سەن قەيەردە قىزىلگۈلۈم - قىزىلگۈل.
گۈللەر گۈلى، شاھى - تاجى ئېسىل گۈل.
مېنى مەپتۇن، مەستخۇش قىلدى پۇرىقىڭ،
كېلىپ ئەمدى يۈرەكىمدە ئېچىل گۈل.
قىزىلگۈلۈم، سەندە قالدى خىيالىم،
دەردۇ غەم يەپ ئازلاپ قالدى غىزايىم.
بىلسەم ئىدىم ئۆسكەن - تۇرار جايىڭنى،
چۈشتە كۆرگەن ئىشقا يوقكەن ئامالىم.
قىزىلگۈل دەپ ئۆمرۈم ئۆتۈپ كېتەرمۇ،
ئۈن - ئاۋازىم سەن گۈلۈمگە يېتەرمۇ.
چۈشۈم ئوڭۇم بولماي كۆيگەن كۆيەگىم
يۈرەكىمنى كاۋاپ - زىدە ئېتەرمۇ؟

گۈلزامان ھەتتا قىزىلگۈلنىڭ ۋەسلى - دىدارىغا ئېرىشىش غېمىدە گېلىدىن تاماق ئۆتمەس، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەس، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەس بولۇپ قاپتۇ. تېنىدىن ئەت - گۆشى، چىرايىدىن رەڭ - قانى قېچىپ، جۈدەشكە، سارغىيىشقا باشلاپتۇ. قىزىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئانىسى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، گۈلزامان:

«ھېچنېمە بولمىدىم» دەپلا جاۋاب بېرىپتۇ.

گۈلزامان چۈشىدە كۆرگەن قىزىلگۈلنىڭ خىيالىغا چۆكۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈزەلشاھ پادىشاھ يۇرت كېزىپ جاھان سەيلىسى قىلماقچى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا قىزلىرىنىڭ نېمە تەلەپ - ئارزۇلىرى بارلىقىنى، سەپەردىن ئۇلارغا نېمە ئالغاچ كېلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ماڭا دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان، قىممەتباھالىق ئېسىل زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن تورقاپىلا، ئالتۇن ئۆكچىلىك ئاياغ ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ چوڭ قىزى گۈلجاھان.

— ساڭا نېمە ئالغاچ كېلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ گۈزەلشاھ پادىشاھ كىچىك قىزى گۈلزاماندىن.

گۈلزامان ئىلتىجاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

مەن دەردىمنى ئېيتامەن،
قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە.
قاراپ باققىن جان ئاتا،
قانى قاچقان يۈزۈمگە.
بۇ ئالەمدە ھېچ نەرسە
كۆرۈنمەيدۇ كۆزۈمگە.

ئايان بولغاي چۈشۈمدە
چوغدەك قىزىلگۈل كۆردۈم.
قارلىق جۇدۇن، قىشتىمۇ
سولماس ئېسىل گۈل كۆردۈم.
يامان قولغا نەشتەرلىك،
بەرگى يېشىل گۈل كۆردۈم.

كۆرمەدىم مەن ھېچ گۈلدە
ئۇنىڭدەك پۇراقنى.
پۇراپ قويسا بىر بالا،
مەست قىلادۇ دىماغنى.
گۈپۈلدەپ بىر ئالادۇ،
بۇيى يېقىن - يىراقنى.

ئەقلى ـ ھوشۇم بەنت بولدى،
كۆرگەنىمچە چۈشۈمدە.
ئۈنىڭ ئىپسل سىياقى
ئورناپ قالدى كۆڭلۈمدە.
مېنىڭ قۇتۇم ئاچىلماس
بىر كۆرمەسەم ئۆمرۈمدە.

جانىم ئاتا، جان ئاتا
گۈللەرگە كۆز سالغاچ كەل،
ئۇچراپ قالسا قىزىلگۈل،
ماڭا ئاتاپ ئالغاچ كەل.
ۋەدە بەرگىن جان ئاتا،
ئارمان گۈلۈم بولسۇن ھەل.

گۈلزامانىنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغان
پادىشاھ زىمىستان قىشتىمۇ باھار ـ يازدىكـ
دەك سولاشماي ئېچىلىپ تۇردىغان قىزىلـ
گۈلنى نەدىن تاپارمەن، دەپ ئويغا چۆكۈپـ
تۇ. قىزىنىڭ شەرتى ئېغىر بولسىمۇ، گۈلـ
زامانىغا ئىنتايىن ئامراق بولغانلىقتىن
قىزىلگۈلنى تېپىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپ،
ئىرادە كەمىردىنى مەھكەم باغلاپ سەپەرگە
ئاتلىنىپتۇ.

گۈزەلشاھ پادىشاھ شۇ ماڭغىنىچە
نى ـ نى شەھەر ـ يۇرتلارنى كېزىپتۇ. چوڭ
قىزىغا ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقىنىدىنمۇ ئېسىل
سوۋغاتلارنى ئاپتۇ. لېكىن كىچىك قىزى
بۇيرۇغان قىزىلگۈلنى ھېچنەدىن تاپالماپتۇ.
ئىزدىمىگەن شەھەر باغچىلىرى، ئوردا ـ ھە-
رەمنىڭ چارباغلىرى، ئارىلىمىغان يېزا ـ قىش-
لاق، تاغ ـ يايلاقلار قالماپتۇ. ئەمما قىزىلـ
گۈلنى زادىلا تاپالماپتۇ. ھەتتا قىزىلـ
گۈلنىڭ بار ـ يوقلۇقىنىڭ ئۇچۇرىنىمۇ ئاڭلىـ
ماپتۇ. مەھەللە، شەھەردىن، ئوردا ـ قەسىرـ
دىن تاپالمىغاندىن كېيىن، قىزىلگۈلنى
چۆل ـ باياۋاندىن ئىزدىمەكچى بولۇپ، سەپەر
يولىنى دەشت ـ چۆللەرگە توغرىلاپتۇ. مې-
ڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، ماڭغان يولدا چەكسىز
قۇم دەشتلىرىنى بېسىپتۇ، كۆرمىگەن داۋان-
لاردىن ئېشىپتۇ. ئاچ قاپتۇ، چاڭقاپتۇ.
كۆپ يول يۈرگەنلىكتىن قاتتىق چارچاپتۇ،
پۇتلىرى تېلىپتۇ، تاپانلىرى يېرىلىپتۇ.
شۇنداق بولسىمۇ كۆز قاراقىدەك ئەتىۋارلىق
قىزى گۈلزامانىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداش
ئۈچۈن قىزىلگۈلنى ئىزدەشنى توختاتماپتۇ.

پەسلى تومۇز، ۋاقتى قىيامى چۈش
مەزگىلىدە پايانسىز دەشتى باياۋاندىكى قۇمـ
لۇققا كىرىپ قاپتۇ. پۈتۈن قۇملۇق كۈننىڭ
قىزىتىشى بىلەن تونۇر تەپتىگە كىرگەن
ئىكەن. گۈزەلشاھ پادىشاھ ئوتتەك ئىسسىق
دەستى ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدا ماغدۇرسىزـ
لىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپتۇ. ئەگەر ئۆزىنى
سەللا قويۇۋەتسە يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى
ئويلاپ، بېشىنى قاتتىق بىر سىلكىۋېتىپ
كۆزىنى ئاچسا، ئالدى تەرەپتە ھەيۋەتلىك
بىر ئېگىز تاغ، تاغ باغرىدا چوڭ بىر باغ
كۆرۈنۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئالامەتلەرگە بىر
ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي غەيرەتكە ئېلىپ
باغقا قاراپ مېڭىپتۇ. باغ ئۇچۇقچىلىقتا
بولۇپ ھېچقانداق تام توساقسىز ئىكەن.
پادىشاھ باغقا كىرىپتۇ. قارىسا باغ ھەم چوڭ
ھەم چىرايلىق بولۇپ، جاھاندىكى بارلىكى
مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھ بولغاندىن
سىرت، پادىشاھ ھېچقاچان، ھېچنەدە كۆرۈپ
باقمىغان مېۋىلەر، گۈللەر بار ئىكەن. مېۋىـ
لەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن، گۈل ـ غۇنـ
چىلار ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىكەن.
تۈرلۈك ـ تۈمەن قۇش ـ جانىۋارلار يېقىملىق
ئاۋازدا سايرىشىۋاتقان. ھەر خىل ھايۋاناتـ
لار ئەركىن يايرىشىۋاتقان، بىر ـ بىرىگە گىرەـ
لىشىپ كەتكەن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە مەرۋاـ
يىتتەك سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان

ئىكەن. پادىشاھ بۇ كۆرگەنلىرىگە ھەيران بولۇپ ئىچكىرىگە مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپ-مېڭىپ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرنىغا ئاش-تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى پۇراپتۇ. قارىسا يوغان بىر چىنارنىڭ ئاستىدا چوڭ بىر داشقازاندا پاخلان گۆشى قايناپ پىشىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئەتراپقا قاراپتۇ. بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى، ھەتتا شەپە-ئاۋازىمۇ سېزىلمەپتۇ. بۇ نەرسىلەرنى تىلسىم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن قورسىقىنىڭ ئېچىشى ۋە ئۇسسۇزلۇق ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقا قويماپتۇ. ئالدى بىلەن ئېرىقتىكى سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىپتۇ، جېنى ياشارغاندەك بوپتۇ. قازاندىكى گۆشتىن بىرنەچچە پارچىسىنى بىر تاۋاققا ئېلىپ زور ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. پادىشاھنىڭ جېنىغا جان، تېنىگە كۈچ-ماغدۇر كىرىپ، ئۆزىنى دىۋە سۈپەت كۈچلۈك ئادەم ھېس قىپتۇ. پادىشاھ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپ، قانغۇدەك ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە باغنى ئارىلاپ ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. جەننەتتەك گۈزەل، مۇشۇنداق كاتتا باغدا بىرەر ئادەمزاتنىڭ كۆرۈنمىگىنىگە ھەيران بولۇپ كېتىپ بارسا، ئالدى تەرىپىدە ئالتۇن رىشاتكىلىق دائىرە ئىچىدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان گۈلزارلىقنى كۆرۈپتۇ ۋە يېقىن بېرىپ قارىسا رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوغدەك چاقناپ تۇرغان بىر تۈپ قىزىلگۈل تۇرغۇدەك. سىنچىلاپ قارىسا قىزى تەرىپىنى قىلغان گۈلنىڭ ئۆزى ئىكەن. بېرىپ غۇنچىسىدىن بىرنى ئۈزمەكچى بولۇپ يەنە توختاپتۇ. چۈنكى، گۈللەر بەك قويۇق بولۇپ، بىر گۈلنى دەپ باشقا نۇرغۇن گۈللەرنى چەيلەپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. قىزىلگۈلنى ئۈزمەسلىككە تېخىمۇ كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. قىزنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئالتۇن رىشاتكىنى ئايلىنىپ، كىرىش ئىشىكىدىن كىرىپ قەدەم قويۇشىغا بىرقانچە تۈپ گۈل دەسسىلىپ كېتىپتۇ. شۇئان پۈتىنى تارتىشىغا بايىقى چەيلەنگەن گۈللەر بۇرۇنقى تىك ھالىتىگە قايتىپتۇ. گۈزەلشاھ پادىشاھنىڭ بۇ تىلسىم گۈللەرنىڭ سولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چوڭ-چوڭ دەسسەپ مېڭىپ قىزىلگۈلنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان يورەك غۇنچىسىدىن بىرنى ئۈزمەكچى بولۇپ قولىنى سوزۇشىغا:

— قولۇڭنى تارت! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ، ئەمما ھېچبىر ئادەمزاتى كۆرۈنمەپتۇ، بىر ھازا تۇرۇپ بېقىپتۇ. تاقىتى تاق بوپتۇ. «قېنى گۈلۈمنى نېمىشقا ئۈزۈسەن؟» دەپ ئوتتۇرىغا چىققاندا بىر گەپ بولار، دېگەن ئوي بىلەن قىزىلگۈلگە قول ئۇزارتىپتۇ.

— ھەي ئادەم، مېنىڭ جېنىم بىلەن ئوخشاش گۈلۈمنى نېمىشقا ئۈزمەكچىسەن؟ — دېگەن ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپتۇ. ئاۋازنىڭ يۇقىرى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلغان شاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ نېرىدىراقتىكى ئاسمان-پەلەك چىنارنىڭ ئۈستىدە يوغان بىر غول شاخقا مىنىپ ئولتۇرغان غەلىتە بىر مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىر قارىماققا ئادەمگە ئوخشايدىكەن، يەنە بىر قارىماققا ئادەمگىمۇ، ياكى باشقا ھايۋانغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە ئىكەن. كۆزى سوزۇنچاق، ئاغزى ئۈچ بۇرجەك، بۇرنى يوغان بىر چامغۇرنى يۈزىگە چاپلاپ قويغاندەك ئىكەن؛ قېشى ئاتنىڭ يايلىدەك، قۇلىقى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان دەرىجىدە

كېلەڭسىز سالپاڭ، بېشىدا تىكەندەك شاخلىق مۈڭگۈزى بار، پۇت - قوللىرى يۈڭلۈق، كەينىدە قۇيرۇقى بار بەتبەشىرە سۈرلۈك مەخلۇق ئىكەن. پادىشاھنى سۈر بېسىپ سەل قورقۇپتۇ، تەنلىرى قورۇنۇپتۇ. لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ «ئۇ بولسا بىر مەخلۇق، مەن بولسام ئادەم، قېنى ئاقىۋىتىگە قاراپ باقاي» دېگەن ئويغا كېلىپ مەخلۇققا قاراپتۇ.

— ھەي ياخشى نىيەتلىك كىشى، قورقما، مەن ساڭا زىيانكەشلىك قىلمايمەن. بۇ بىر تىلسىملىق باغ. باغدىكى جىمى نەرسە — جانىدارلار، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىڭ ھەممىسى تىلسىملىق. بايا سەن سۇدىن ئىچكىنىڭدە قورسىقىڭ ئاغرىمىدى، قايناۋاتقان گۆشنى ئېلىپ يېسەڭ ئاغزىڭ كۆيمىدى، دەسسىگەن گۈللەر ئايىغىڭ ئاستىدا چەيلەنمىدى. دېمەك، سەن بۇ تەرەپكە ياخشى نىيەتتە كەلدىڭ، قېنى ئەمدى سەن باشقا ھېچقانداق گۈلنى ئۈزمەي پەقەت قىزىلگۈلۈمنىلا ئۈزمەكچى بولۇشۇڭنىڭ سەۋەبىنى سۆزلە، — دەپتۇ مەخلۇق.

پادىشاھ مەخلۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشۈپتۇ، قورقۇنچى تارقاپتۇ. كۆڭلى خاتىرجەملەنگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، جاھان سەيلىسىگە كۆڭلى تارتىپ قالغانلىقىنى، قىزى گۈلزاماننىڭ چۈشىدە قىزىلگۈلنى كۆرگەنلىكى، ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىزىلگۈلنى ئىزدەپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغانلىقىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

— ئېيتقانلىرىڭ راست بولۇپ، قىزىڭ ھەقىقەتەن مېنىڭ قىزىلگۈلۈمگە ئاشىق بولۇپ قالغان بولسا، بوپتۇ، قىزىلگۈلۈمنىڭ تولۇق ئېچىلغىنىدىن بىرنى ئۈزۈپ قىزىڭغا ئالغاچ بار. شەرت شۇكى، قىزىلگۈلنى قىزىڭغا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىنكى ئۈچىنچى كۈنى قىزىڭنى مۇشۇ باغقا ماڭدۇرۇۋەت. ئەگەر ۋەدىگە خىلاپ قىلىپ، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمايدىغان بولساڭ، باغدىكى ھەممە نەرسىنىڭ كارامەتلىك تىلسىم نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ، گۈل سېنىڭ شاھلىق تەختىڭنى ۋە بەختىڭنى گۇم قىلىدۇ، خەلقىڭنى قۇل، ئوردا - قەسرىڭنى كۆل، شەھەر قىشلاقلىرىڭنى دەشتى - چۆل قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلساڭ ئۆزۈڭنىمۇ، قىزىڭنىمۇ ھەم مېنىمۇ بەختلىك قىلىسەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ قىزىلگۈلنىڭ توق ئېچىلغىنىدىن بىرنى ئۈزۈپ مېڭىشقا تەمشىلىپتىكەن، مەخلۇق:

— مانا بۇ خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى قولۇڭغا سالساڭ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزۈڭنى ئۆيۈڭدە كۆرىسەن؛ ئۈزۈكنى قىزىڭ قولىغا سالسا، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزىنى بۇ باغدا كۆرىدۇ. مە، قولۇڭغا سال! — دەپ، پارقىراپ تۇرغان بىر ئۈزۈكنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۈزۈكنى قولىغا سالغانىكەن، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەپتۇ، ئۆزىنى يېنىك شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ. بىر چاغدا ئەتراپ سۈزۈلۈپتۇ. قارىسا ئۆزىنىڭ ئوردىسى ئالدىدا تۇرغانىمىش. پادىشاھ ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ ئوردىسىغا كىرىپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن ئامان - ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى قىزلىرىغا بېرىپتۇ. مەلىكە گۈلجاھان بىلەن مەلىكە گۈلزامان دادىسىنىڭ سوۋغىتىدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. مەلىكە

گۆلزامان قىزىلگۆلگە قارىسا، ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن گۈلنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇ خۇشاللىقىدىن دادىسىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدىلا نىمە ئۈچۈندۇر دادىسىنىڭ تەشۋىشلىك ئولتۇرغىنىنى سىزىپتۇ.

— دادا دىدار كۆرۈشكىنىمىزگە خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا چىرايىڭىز سۇنۇق، ئۆزىڭىز غەمكىن كۆرۈنىسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نىمە؟ — دەپ گۈلزامان دادىسىدىن سوراپتۇ.

پادىشاھ دەسلەپ ئىىغىز ئاچماپتۇ. قىزىنىڭ قايتا - قايتا سوراپ تۇرۇۋېلىشىدىن ئامالسىز ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ ئۆيدىكىلەرنى غەم - ئەندىشە بىسىپتۇ. لىكىن گۈلزامانىنىڭ كۆڭلى بىر ياخشىلىقنى تۇيغانىدەك بوپتۇ - دە:

— دادا خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى كۆرۈپ باقاي، ئەكىلىڭا، — دەپ دادىسىغا يالۋۇرۇپتۇ.

پادىشاھ قىزىغا بولغان ئامراقلىقىدىن ئۇنىڭ گىپىنى يىرالماي ئۈزۈكنى بىرىپتۇ. گۆلزامان ئۈزۈكنى ئىلىپلا قولىغا سالغانىكەن، ئوردا ئىچىدە ئۇنى يىنىك بىر شامال تەۋرەتكەنىدەك بولۇپ يەردىن لىككىدە كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە ئۇچار گىلەمدە ئولتۇرغانىدەك ئۇچۇپ، ئوردا ئۈستىدە لەيلەپ تۇرۇپتۇ. گۆلزامانىنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئاچىسى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم ئوردا خادىملىرى قاراپلا قاپتۇ. گۈلزامان ئوردا ئۈستىدە لەيلەپ تۇرۇپ:

— دادا، ئانا، مەندىن غەم قىلماڭلار، ماڭا سالامەتلىك تىلەپ مىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار. مەن تىلسىم باغنى بىر كۆرۈپ باقاي، خەير - خوش! — دەپتۇ - دە، ھاۋا بوشلۇقىدا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

پادىشاھ، گۈلزامانىنىڭ ئانىسى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاھ ئۇرۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، يىغلاپ پۈتۈن ئوردىنى بىشىغا كىيىپتۇ.

مەلىكە گۆلزامان بەش مىنۇت ئىچىدىلا باغقا يىتىپ كەپتۇ. باغنى ئارىلاپ سەيلى - تاماشا قىپتۇ. بۇ باغ مەلىكە چۈشىدە كۆرگەن باغقا بەكمۇ ئوخشايدىكەن. گۆلزامان قايسى دەرەخنىڭ يىنىغا بارسا، شۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى چاۋاك چالغانىدەك شىلدىرلاپتۇ، قايسى گۈلنىڭ يىنىغا بارسا، ئىگىلىپتۇ ۋە گۆپپىدە تىخىمۇ شىرىن خۇش پۇراق چىچىپتۇ. ھەر خىل قۇشلار باش ئۈستىدە ئەگىشىپتۇ. مەلىكە گۆلزامان باغنى، گۆللەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ قىزىلگۆلنىڭ يىنىغا كىلىپ قاپتۇ. ئۇ گۆلنىڭ ھۆسنى - رەڭگىنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىدا «خۇش كىلىپسىز مەلىكەم!» دەپ غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز شۇنداق سىرلىق، لىكىن ئاجايىپلا يىقىملىق تۇيۇلۇپتۇ. مەلىكە گۆلزامان ئالاقىزادە بولۇپ ئەتراپىقا قارىغان بولسىمۇ، ھىچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ بىر بىسىپ - ئىككى بىسىپ كۆل بويىغا كىلىپ يوغان بىر چىنارنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ، كۆلنىڭ كۈمۈشتەك سۈزۈك سۈيىدە يۈز قوللىرىنى يۇيماقچى بولۇپ ئىڭىشكەن ئىكەن، سۇدا ئادەم دىسە ئادەم ئەمەس، ئاجايىپ سەت، بەتبەشىرە بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ سايىسى كۆرۈنۈپتۇ. مەلىكە گۆلزامان بىشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، چىنار ئۈستىدە ياتقان ياكى ئولتۇرغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئىنتايىن سەت بىر مەخلۇقنى كۆرۈپ،

تېنى شۈركىنىپ كېتىپتۇ، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ بېسىپتۇ-يۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ مەخلۇقتىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئەمما مەخلۇقتىن ئاۋاز چىقماپتۇ. تۇرۇپلا مەلىكىنى ئۇگدەك بېسىپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن غايىبتىن بىر قول ئۇنى تۇرتۇپ ئويغاتقاندەك بوپتۇ-دە، كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپىغا قاراپلا قاپتۇ. كۆل بويىدا ئاجايىپ ئېسىل، تاملىرى قاشتېشىدەك چاقناپ تۇرىدىغان بىر ئۆي تۇرغۇدەك. مەلىكە گۈلزامان ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۆي ئالتۇن-تىللالىق جاھازلار بىلەن سەرەمجانلانغان، چىنە-قاچىلار گۆھەر-ياقۇتتىن ياسالغانمىش. ئالتۇن كارىۋاتتا ئۆمردە كۆرۈپ باقمىغان ئەتلەس-شايى ۋە كىمخاپتىن تىكىلگەن يوتقان-كۆرپىلەر يىغىقلىق تۇرغانمىش. يەردە بولسا گىلەم پايانىدازلار سېلىنغىلىقمىش. مەلىكە گۈلزامان بۇ كارامەتلەرگە ھەيرانلىقتا قاراپ قالغانىكەن، «ھەيران قالماڭ مەلىكەم، بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، بۇ باغدا سىزنىڭ توققۇزىڭىز تەل، كۈتكىنىڭىز ھەل بولۇپ تۇرىدۇ»، دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز بايا كۆل بويىدا ئاڭلانغان ئاۋازغا بەك ئوخشايدىكەن. گۈلزامان دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ چىناردىكى مەخلۇققا قارىسا، ئۇ مەلىكىگە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپتۇ. بۇ كۈلۈمسىرەش گۈلزامانغا ئاجايىپ تەسىر قىپتۇكى، ئۆيدىن چىقىپ ئىختىيارسىز چىنار يېنىغا بېرىپ، ھېلىقى مەخلۇققا تەزىم قىلىپ — ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. مەخلۇق زۇۋانغا كېلىپتۇ ۋە قىزغا قاراپ:

— ئەزىز مەلىكەم، سىز مېنىڭدىن قاچماڭ، مەندىن قورقماڭ، مەندىن سىزگە ھېچقانداق زىيان-زەخمەت يەتمەيدۇ مېنى تاشلىماڭ، مېنىڭ دېگىنىمدەكلا قىلسىڭىز، كېيىن مېنىڭدىن سىزگە چوڭ بەخت كېلىدۇ، — دەپتۇ.

شۇندىن باشلاپ مەلىكە بۇ سىرلىق مەخلۇقتىن قورقمايدىغان، ھەر كۈنى كۆل بويىغا كېلىپ چىنار سايىسىدا ئولتۇرۇپ مەخلۇق بىلەن سۆزلىشىدىغان بوپتۇ. بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ نېمىشقا چىنار ئۈستىدە قىمىرلىماي، يەرگىمۇ چۈشمەي ئولتۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىماقچى بولۇپتۇ، ئەمما ئېھتىيات قىلىپ سورىماپتۇ. مەخلۇق مەلىكىگە ھەر كۈنى قىزىق-قىزىق ھېكايىلارنى ئېيتىپ بېرىدىكەن. مەخلۇق كۆرۈنۈشتە بەتبەشىرە بولغىنى بىلەن تولىمۇ شېرىن سۆزلۈك ئىكەن. مەلىكە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ. باغقىمۇ كۆنۈپ قاپتۇ. كۈنلىرى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى گۈلزاماننىڭ چۈشىدە يۇرتى، ئاتا-ئانىسى، بىللە ئويناپ ئۆسكەن دوستئاغىنىلىرى ئايان بولۇپ «سېنى سېغىندۇق»، دېيىشىپتۇ. گۈلزامان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپتۇ، ئويلاپتۇ. ئويلىغانسېرى ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارنى سېغىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان مەخلۇق:

— يىغلىماڭ، مەلىكەم، يۇرتىڭىزنى، ئاتا-ئانىڭىزنى سېغىنغان بولسىڭىز مەن سىزگە بىر كۈنلۈك ۋاقىت بېرەي بېرىپ يۇرتىڭىزنى، ئاتا-ئانىڭىزنى كۆرۈپ كېلىڭ. ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ. ھەرگىز قونۇپ قالماڭ. ھەرقانچە كەچ قالسىڭىزمۇ چوقۇم قايتىپ كېلىڭ. ناۋادا ۋەدىڭىزدە تۇرماي، دېگەن قەرەلدە قايتىپ كەلمىسىڭىز، مېنى نابۇت قىلىسىز، سىزگىمۇ ياخشىلىق بولمايدۇ، ئاقىۋەتتە

ئۆمرىڭىز بويى ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ
ئۆتىسىز، ـــ دەپتۇ.
مەلىكە گۈلزامان چوقۇم ئۆز قەرەلىدە
قايتىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپتۇ ۋە مەخلۇقـ
نىڭ دېگىنى بويىچە ئۈزۈكنى قولىغا سېـ
لىپ، كۆزىنى يۇمغانىكەن، بەش مىنۇتقىمۇ
يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۇرتىغا يېتىپ
بېرىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ قايتىپ كەلـ
گەنلىكىدىن بەك خۇرسەن بولۇپ، ئۆزلىرىـ
نى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ. بولۇپمۇ
ئانىسى خۇشاللىقىنى كۆز يېشى بىلەن ئىزـ
ھارلاپتۇ. ۋە:
ـــ خۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن
ھاياتكەنسەن، كۆرۈشتۇق، ئەمدى بىزنى
تاشلاپ ھېچنەگە كەتمە، ـــ دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.
ـــ مېنى ئەنسىرىمەڭلار، تىلسىملىق باغدا
زىيان ـ زەخمەتسىز، ناھايىتى ياخشى تۇرـ
دۇم. سىلەرنى بەك سېغىنىپ كەتكەنلىكىم
ئۈچۈن پەقەت بۈگۈن بىر كۈنلۈكلا قەرەل
بىلەن كەلدىم، ـــ دەپتۇ مەلىكە گۈلزامان.
ـــ بىر يىلدىن بۇيان ئاران كېلىپ،
يەنە بۈگۈنلا كېتىمەن دەمسەن؟ ھېچبولـ
مىسا ئۈچ كۈن تۇر، ـــ دەپ ئانىسى يېلىـ
نىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان بۈگۈنلا كېتىدىغانـ
لىقىدا چىڭ تۇرۇپتۇ.
مەلىكە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن
تۇغقانلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قېنىشماپتۇ،
ۋاقىتنىڭ كەچ بولغىنىنىمۇ تۇيماي قاپتۇ.
بىر چاغدا ئىشىك ئالدىغا چىققۇدەك بولسا،
كۈن پېتىپ، ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېـ
يىلىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە كەتكىلى تەمشەلـ
گەندە، ئانىسى ھېچبولمىسا بۈگۈن بىر
ئاخشام ئۆيدە قونۇشىنى، بىر كېچە مۇڭـ
دىشىۋېلىشنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ.
بۇيان قارىسا ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىـ
رى، ئۇيان قارىسا ھېلىقى مەخلۇق. قىز
ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلىشىـ
نى بىلەلمەي قاپتۇ. «بەلكى ئۇ مېنى كەلـ
مەي قالارمىكىن دەپ قورقىتىپ شۇنداق
دېگەندۇ، بىر ئاخشام قونىمامدىم، يەنە قاـ
چان كېلىشىمنى كىم بىلىدۇ» دېگەنلەر
كۆڭلىگە كېچىپ، قونۇشقا رازىلىق بىلدۈـ
رۈپتۇ. لېكىن يەنە ئۆزىنى قانداق تەقدىر
كۈتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ، غەم چۆشىـ
كىدە زادىلا ئۇخلىيالماي، تۈنىنى ئاران
تاڭغا ئۇلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تاماقنىمۇ
قارىماي، ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى
بىلەن خوشلىشىپ باغقا راۋان بوپتۇ. باغقا
كەلسە، باغدا قارا بوران دەھشەت بىلەن
گۈركىرەۋاتقانمىش. جۇت بوران مېۋىلەرنى،
گۈل ـ گىياھلارنى، قۇش ـ جانىۋارلارنى
ئۇششۇتۇپ يەرگە ئۇرۇپ چەيلەۋەتكەنمىش.
دەرەخلەرنىڭ چېچەك ـ مونچاقلىرى بوـ
ران زەربىسىدىن خارابلىشىپ يەرگە تۆكۈـ
لۈپ كەتكەنمىش. قىزىلگۈلنىڭ ياپراقلىرى
چۈشۈپ، غۇنچە ـ پورەكلىرى توزۇپ، قاقـ
شال ياغاچقا ئوخشاپ قالغانمىش. بىر كۈن
ئىچىدىلا باغدىكى بۇنداق مۇدھىش ئۆزـ
گىرىشلەردىن يۈرىكى ئېچىشقان گۈلزامان
كۆل بويىغا كەلسە، شېرىن سۆزلۈك مەخـ
لۇق يەردە سۇنايلىنىپ تىنىقسىز ياتقانمىش.
قىش ـ ياز چېچەكلەپ، مېۋىلەپ تۇرىدىغان
باغنىڭ نابۇت بولۇشىغا، بۇ مېھرىبان مەخـ
لۇقنىڭ ئۆلۈشىگە، ئۆزىگە ئاشىق بولغان
قىزىلگۈلنىڭ قاقشال بولۇپ قېلىشىغا ئۆزى
سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئويلاپ، مەخلۇقنىڭ
ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، جانسىز گەۋدىنى
قۇچاقلاپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ
دەردلىك يۈرىكىدىن قايناپ چىققان ئاھۇـ
زارى پەلەككە يېتىپتۇ، تاغ ـ تاشلار



تىترەپتۇ. ھەممە سەۋەنلىك ئۈزىدىن
ئۆتكەنلىكىنى، ۋەدىسگە ۋاپا قىلماي مۇشۇ
ئاقۋەتنى كەلتۈرگەنلىكىنى ئويلاپ تېخىمۇ
قاتتىق يىغلاپتۇ. يىغىسىنىڭ قاتتىقلىقىدىن
ئىككى كۆزى بۇلاققا ئايلىنىپتۇ. كۆز يې-
شى مەخلۇقنىڭ جانسىز تېنىنى يۇيۇپتۇ،
جانسىز گەۋدىنىڭ تەشنا يۈرىكى مۇھەببەت
جامىنىڭ شېرىن شارابىدا ياشارغاندەك
ئاستا - ئاستا مىدىرلاپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆز
ياشلىرى ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان يۈزىنى،
لەۋلىرىنى سۇغىرىپتۇ. جانسىز تەن مىدىر-
لاشتىن پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتكە كەل-
تۈرۈپ، كۆزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن
تۇرۇشغا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى سەت كۆرۈ-
نۈشلۈك نەرسىلەر — مۈڭگۈز، قۇيرۇقلار
يىلان قاسراق تاشلىغاندەك سىيرىلىپ چۈ-
شۈپ كېتىپتۇ. كۆرۈمسىز، بەتبەشرە تېرە
ئىچىدىن ئونبەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك
بىر يىگىت چىقىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان بۇ
ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ قاراپ قاپتۇ.
يىگىت مەلىكىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— مەلىكەم، ھەيران قالماڭ، مەن
ئەسلىدە بىر شاھزادە ئىدىم. ئۆزۈمنىڭ
قانداق بولۇپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان-
لىقىمنى سىزگە كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن.
مېنىڭ كەچۈرمىشىم قىزىق بىر ھېكايە.

مەن ھازىر بەختلىك بولدۇم. مېنى بۇن-
داق بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، ئادەملىك ئەس-
لىمگە كەلتۈرگەن سىزنىڭ پاك ۋە چىن
ئەقىدىڭىز، مۇھەببىتىڭىز، خالىسىڭىز مەن
سىزنىڭ قىيامەتلىك جۈپتىڭىز، ۋاپادار
خىزمەتچىڭىز بولاي، — دەپ قولىنى كۆكسىگە
ئېلىپتۇ. چۈشتەك بولۇۋاتقان ئىشلاردىن
ھەيران قالغان مەلىكە گۈلزامان ئېسىنى
يىغىۋالغاندىن كېيىن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ
تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ كۆزلىرىدىن ۋى-
سالغا يەتكەنلىك شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈپ
تۇرۇپ يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.
شۇئانلا باغدىكى قۇرۇپ خازانغا ئايلانغان
دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئاستا - ئاستا
باش كۆتۈرۈپ ئۆز ئەسلىگە كېلىشكە باش-
لاپتۇ. نىمجان ياتقان ئۇچار قۇشلار، جان-
جانىۋارلار جانلىنىپ يايراشقا، بەس - بەستە
سايراشقا باشلاپتۇ.

مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشكەن ئىككى
ئاشىق - مەشۇق باغ سەيلىسىنى قىلىپ تۇر-
سۇن، بىز ئەمدى يىگىتنىڭ بۇرۇنقى ئەھ-
ۋالىدىن گەپ ئاچايلى:

شۇ چاغلاردا ھازىرقى تىلسىملىق
باغدىن كۆپ يىراقتا، كەڭ دەشتى قۇم-
لۇقنىڭ نېرىسىدا بىر مەملىكەت بولۇپ،
سۇلتانى ھۆسەيىن دېگەن كىشى پادىشاھلىق

قىلىدىكەن. ئۇ پادىشاھقا توققۇز ئۆلكە، ئوتتۇز شەھەر تەۋە ئىكەن، ئۇ پادىشاھنىڭ كۆز قاراقىدەك يالغۇز بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئىسمى ئىسكەندەر ئىكەن، ئىسكەندەر ئونبەش ياشقا تولغاندا ھۆسنى جامالىمۇ ئونبەش كۈنلۈك ئايدەك تولۇپ كامالىغا يېتىپتۇ.

سۇلتانى ھۆسەيىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى سەيلى-شىكارنى ئىختىيار قىلىپ خاس نۆۋكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپتۇ. ئوغلىدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان پادىشاھ بۇ قېتىممۇ ئىسكەندەرنى شىكارغا بىللە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار چۈشكىچە ئوۋ ئوۋلاپتۇ، چۈش بولغاندا بىر سايىدا دەم ئېلىپ، كېيىك، جەرەن گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. ئىچلىرى قىزىپ ئۇسساپتۇ، شاھ نۆۋكەرلىرىدىن بىر قانچىسىنى سۇغا ئەۋەتىپتۇ. ئىسكەندەرمۇ دادىسىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي سۇغا بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. سۇلتانى ھۆسەيىن پادىشاھ ئوغلىنى نۆۋكەرلەرگە قوشۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار بۇلاقنىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. ئىسكەندەر ئەتراپقا نەزەر سالغۇدەك بولسا، يېقىنلا يەردە بۈك ئورمانلىق كۆرۈنۈپتۇ. نۆۋكەرلەرگە «سىلەر كۈپقا سۇ قاچىلاپ بولغۇچە كېلىمەن» دەپلا ئۇلارنىڭ توسقىنىغىمۇ قارىماي ئورمانلىق تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئورمانلىق ئىچكىرىلىگەنسېرى ھەم بۈك ھەم گۈزەل ئىكەن. تۈرلۈك ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار بەك كۆپ ئىكەن. ئىسكەندەر بۇلارغا قىزىقىپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا بىر دەرەخنىڭ شېخىدا يالغۇز مۈگدەپ ئولتۇرغان بىر قۇشقا كۆزى چۈشۈپتۇ. قۇشنىڭ تۇمشۇقى قارا، بېشى ئاق، ئىككى قانىتى ئالبالداق، قۇيرۇقى قىپقىزىل بولۇپ، ئىسكەندەرگە بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. ئۇنىڭغا زوقى كېلىپ، ئاستا مارىلاپ بېرىپ تۇتۇۋاپتۇ. بۇ قۇش ئويغىنىپ، ئۆزىنى ئادەمزاتنىڭ تۇتۇۋالغىنىدىن قورقۇپ، قۇتۇلماقچى بولۇپ بىر يۇلقۇنغانىكەن، پۇتىنىڭ بىر بارمىقى ئۈزۈلۈپ، ئىسكەندەرنىڭ قولىدا قاپتۇ. قۇش ئۆزى قۇتۇلۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ قۇش مۇشۇ ئورمانلىقتىكى جىنلار پادىشاھىنىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزى جەھەر ئىكەن. ئۇ ئويۇنغىلى چىقىپ ئورمانلىقنى ئايلىنىپ بىر ئاز چارچىغانلىقتىن قۇش سۈرىتىگە كىرىپ شاخقا قونۇپ ئۇخلاۋاتقىنىدا شاھزادە كېلىپ قالغانىكەن. جەھەر بولغان ئەھۋالنى ۋە بىر بارمىقىنىڭ ئادەمزات بالىسىنىڭ قولىدا قالغانلىقىنى دادىسىغا دادلاپ ئېيتىپتۇ. جەھەرنىڭ دادىسى دەرغەزەپكە كېلىپ، قىزىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئورمانلىققا كېلىپتۇ. ۋە بىر ئەپسۇن بىلەن چوڭ بىر قۇشقا ئايلىنىپ ئىسكەندەرنى گەجگىسىدىن قاماللىغىنىچە ئاسمان قەرىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇچا-ئۇچا ئىسكەندەرنى چەكسىز كەتكەن تارىمنىڭ ئايغىدىكى بىر خارابە باغقا ئەكىلىپ تاشلاپتۇ. ئۇ ئىسكەندەرنى شۇ يەردە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەپتىكەن، لېكىن ئىسكەندەرنىڭ تولىمۇ چىرايلىقلىقىغا ھەم ئۇنىڭ ياشلىقىغا قاراپ نىيىتىدىن يېنىپ، بىر ئەپسۇن بىلەن ئۇنى ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋانمۇ ئەمەس، ئادەم بىلەن ھايۋان ئارىلىقىدىكى غەلىتە مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ، تىلسىم زەنجىرگە باغلاپ، چىنارغا بەنت قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كېتەر چاغدا:



— ناۋادا سىنىڭ مۇشۇ سەت قىيا-پىتىڭدىن يىرگەنمەي قايسىبىر ساھىبجامال پاكى پەرىزاتلار تەبىقىسىدىن بىرەر گۈزەل مەلىكە ساڭا كۆڭۈل بىرىپ چىن ئاشىق بولسا، سەن پەقەت شۇچاغدىلا ئۆز ئەس-لىڭگە كىلەلەيسەن، — دەپتىكەن.

نۆۋكەرلەر ئىسكەندەرنى كۆپ ساق-لاپتۇ، ئورمانغا بىرىپ ئۇزاق ئىزدەپتۇ، زادىلا تاپالماپتۇ. ئوغلىنىڭ يوقاپ كىتىشى پادىشاھ سۇلتانى ھۆسەيىننى قاتتىق قاي-غۇغا قويۇپتۇ. بارلىق نۆۋكەرلىرى بىلەن ئەتراپتىكى ئورمانلىقلارنى ئۈچ كۈنگىچە ئاختۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئۆلۈك-تىرىكى-دىن خەۋەر ئالالماپتۇ. يىرتقۇچ ھايۋان يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، تۆتىنچى كۈنى يىغا-زارە ئىچىدە ئوردىغا قايتىپ كىتىپتۇ. توققۇز ئۆلكە، ئوتتۇز شە-ھەر خەلقىگە يەتتە كىچە-يەتتە كۈندۈز قازان ئىسىپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئىسكەندەر يوقاپ كىتىپ تۆت ئايدىن كىيىن سۇلتانى ھۆسەيىن پادىشاھ جۇدالىق دەردىگە چى-دىيالماي ئوغلى ئىسكەندەرنىڭ ھەسرىتىدە تولا ئويلاپ ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ. ئۆلىما-دانىشمەنلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوردا ئىشلىرىنى سادىق ۋەزىرى ھەسەنگە ھاۋالە قىلىپ، ئۆزى جاھانكەشتىلىك قىلىپ چىقىپ كىتىپتۇ.

ئەمدى ئەسلى ھىكايىمىزغا كەلسەك، مەلىكە گۈلزامان ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كىيىن، ئىسكەندەردىن خاسى-يەتلىك ئۈزۈك توغرىلىق سوراپتۇ. ئىس-كەندەر خاسىيەتلىك ئۈزۈك توغرىلىق ھى-كايە قىلىپ بىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن مۇشۇ باغدىكى چىنارغا بەنت قىلىنىپ زەنجىر بىلەن باغلىۋىتىلگەندىن كىيىن، بىر نەچچە كۈن بەختى-پىشانەمنىڭ تەتۈرلۈكىدىن زارلىنىپ يىغلىدىم، قاقشىدىم. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. بەشىنچى كۈنى تاڭ مەزگىلىدە كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولدى. چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر ئاپ-ئاق ساقال بوۋاي:

— ئوغلۇم، تولا يىغلاپ ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىۋەتمە، ئىنسان بالىسىغا ئۆمرىدە

خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ ھەمراھ بولىدۇ. مۇشكۇللۇككە چىدىغان ئادەم ئاسانلىقچا چىقىپ بەختلىك بولالايدۇ. سەن چوڭلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، مەنسەنلىك بىلەن باشباشتاقلىق قىلىپ، ئۆزۈڭگە مۇشۇ ئاقىۋەتنى تېپىۋالدىڭ. ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ تەقدىرى ئىككىلا ئالەمدە ياخشى بولىدۇ. ساڭا ماۋۇ ئۈزۈكنى بېرەي، بۇ خاسىيەتلىك ئۈزۈك، بۇ ئۈزۈككە قاراپ نىيەتنى تەلەپ قىلساڭ، شۇ نەرسىلەر ئالدىڭدا تەييار بولىدۇ. قولۇڭغا سېلىپ سەپەرگە چىقساڭ ئالتە ئايلىق يولنى بەش مىنۇتتا بېسىپ، خالىغان جايىڭغا بارالايسەن. ئۈزۈكنى چىڭ ساقلا، ھەرگىز يوقىتىپ قويما. خەير ساڭا بەخت تىلەيمەن، — دەپلا غايىب بولدى. شۇ ھامان ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. قولۇمدا بوۋاي ماڭا بەرگەن ئۈزۈك تۇرىدۇ. بوۋاينىڭ گېپىنى ئەسلەپ ئالقىنىمدىكى ئۈزۈككە قاراپ ئەسلىدىكى چىرايلىق شاھزادىدىن كۆرگەن ئادەمنىڭ قورققىسى كېلىدىغان سەت بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغىنىمغا ئىشەنگەن بولسام، يەنە شۇ سەت قىياپەتتىن ئەسلىدىكى ھالىتىمگە قايتىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم. ئۈزۈكتىن خارابىلىقنى مۇشۇنداق بىر گۈزەل باغقا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋىدىم، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ باغ بىنا بولدى. شۇ كۈنى چۈشۈمدە ھېلىقى بوۋاي يەنە پەيدا بولۇپ: «يارايسەن، ئوغلۇم، سەن ئۈزۈكتىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلماي، خارابىلىقنى باغقا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدىڭ، بۇ جاي ئەسلىدە مۇشۇنداق گۈزەل ئىدى. سەن شۇ گۈزەللىكنى ئەسلىگە كەلتۈردۈڭ، خالىس نىيەت بولساڭ، چوقۇم مۇرادىڭغا يېتىسەن!» دەپلا يەنە غايىب بولدى. ئويغانسام چۈشۈم، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۈزۈكتىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمىدىم. دادىڭىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىدىن كېيىنكى ئىشلار ئۆزىڭىزگە ئايان.

مەلىكە گۈلزامان شاھزادە ئىسكەندەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ غايىب بوۋايدىن ۋە ئۆز تەقدىرىدىن سۆيۈنۈپتۇ. يىگىتكە باشقىدىن ئوتلۇق مېھرى بىلەن قاراپتۇ. بۇ ئىككىسى خۇشاللىقتا چۆمۈلگەنسېرى، باغ تېخىمۇ گۈزەللىشىپتۇ، دەل - دەرەخلەر بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ياشىرىپتۇ، بوي تارتىپ يۈكسىلىپتۇ. مېۋىلىرى بۇلۇق، مېغىزى توق، تەمى تاتلىق بولۇپ، ۋايىغا يېتىپتۇ. ئۇچار قۇشلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ساز، يېقىملىقلىشىپتۇ. گۈل - گىياھلار تېخىمۇ رەڭ تۈزەپ، گۈل غۇنچىلىرى كۆپىيىپتۇ، پۇراقلىرى خۇشبۇيلىشىپتۇ. بولۇپمۇ قىزىلگۈلنىڭ گۈل بەرگى، گۈلتاجىسى تېخىمۇ نۇرلىنىپتۇ. رەڭگى چوغدىنمۇ بەك قىپقىزىل بولۇپ، جىلۋىلىنىپتۇ. بۇ گۈزەل باغدا ئۇلار تەلپى ھەل، توققۇزى تەل بولۇپ، شاد - خۇرام ياشاپتۇ. ئارىدىن بىر مەھەل ئۆتۈپتۇ. مەلىكە گۈلزامان يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپتۇ.

— ئاتا - ئانامنى، يۇرتۇمنى سېغىندىم، ئۇلار پات - پات چۈشۈمگە كىرىۋالىدىغان بولدى. ماقۇل كۆرسىڭىز بىللە بېرىپ كەلسەك، — دەپ ئىسكەندەرگە تەلەپ قويۇپتۇ.

ئىسكەندەرمۇ ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغانىكەن، ئۇلار ئاۋۋال ئىسكەندەرنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، ئاندىن گۈلزامانىنىڭ يۇرتىغا بېرىشقا كېلىشىپ، ئۈزۈكتىن ئىككى ئات تەلەپ قىلغانىكەن، ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بىر جۈپ

تۇلپار ئاسماندىن ئۇچۇپ چۇشۇپتۇ. سەپەر
جابدۇقىنى سەرەمجانلاپ ئىككىسى بىردىن
تۇلپارغا مىنىپتۇ. بەش مىنۇت ئىچىدىلا
ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ يۇرتىغا بىرىپ ئوردا
دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. ئۇلار ئور-
دىغا ھۇسەيىن پادىشاھنى چۆل-جەزىر-
لەردە ئۆلۈپ كىتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئۇنىڭ
روھىغا نەزىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاننىڭ ئۇستىگە
كىرىپ كەپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى تولا
يىغلاپ كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ كۆرمەس
بولۇپ قالغانىكەن. ئىسكەندەر خاسيەتلىك
ئۇزۇكنى ئانىسىنىڭ كۆزىگە بىرلا سۈركە-
گەنىكەن، ئانىسىنىڭ كۆزى ۋاللىدە ئىچى-
لىپتۇ. ئانا ئوغلىنى باغرىغا بىسىپ ئىزىلىپ
يىغلاپتۇ. قايغۇ-مۇسىبەت ياشلىرى خۇشاللىق
يامغۇرىغا ئايلىنىپتۇ. ئىسكەندەر سەپەر ھار-
دۇقى چىققاندىن كىيىن، ئۆيىدىكىلەرگە
كەچۈرمىشلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بىرىپ-
تۇ. ئۇلارغا گۇلزامانىنى تونۇشتۇرۇپتۇ.
ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى ساھىبجامال كىلىنىگە
قاراپ زوقلىنىپتۇ ۋە ئوغلىغا نىجاتلىق تى-
لەپ بەرگىنىگە چوڭ تەشەككۇر ئىيتىپتۇ.
نەزىر-چىراق ئۇچۇن ئىسىلغان قازاندىكى
ئاش توي ئىشىغا ئايلىنىپتۇ. ئوردىدا يەتتە
كىچە-كۇندۇز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈ-
لۇپتۇ. سەككىزىنچى كۇنى ئىسكەندەر
ئانىسىدىن گۇلزامانىنىڭ يۇرتىغا بىرىشقا ئى-
جازەت سوراپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى
ئۇنىڭغا قاراپ:

ئەزىز ئاتاڭ دەردىڭدە
چىقىپ كەتتى باش ئالىپ.
جان قاراقىم قايدا دەپ،
كۆزلەرىگە ياش ئالىپ.
مەنى باستى غەرىپلىق،
قامۇشتەك يالغۇز قالىپ.

بالام سەندىن ئايرىلىپ،
ئىچىمگە ھەسرەت تولغان.
تولا يىغلاپ دەردىڭدە،
كۆزلەرىم كۆرمەس بولغان.
سىنى كۆرۈپ جان بالام،
جانىمغا جان قوشۇلغان.

يەنە كەتسەڭ قاراقىم
ساڭا قانداق چىدارمەن.
ياش ئورنىغا قان تۆكۈپ،
سىنى ئەسلەپ يىغلارمەن.
كەتسەڭ نىمە ئامالىم،
خۇدايىمغا قويارمەن. —

دەپ يىغلاپتۇ ۋە گۇلزامانغا قاراپ:

جىنى قەستىنى بۇزۇپسەن،
كۆڭۇل بىرىپ ئوغلۇمغا.
خۇدا ئارا بولغاندۇ،
پاك قەدەملىك يولۇڭغا.
يامان تىللار تەگمەسۇن،
قىزىلگۇلدەك بويۇڭغا.

كەتمە دىسەم ئوغلۇمنى،
تىلىم كۆيەر گۇل قىزىم.
بارما دىسەم سىنىمۇ،
دىلىم كۆيەر گۇل قىزىم.
كۆرۈپ ئاتا-ئاناڭنى،
سەنمۇ خۇشال كۇل قىزىم.

دەپ قوشاق ئىيتىپتۇ ۋە ئوغلى بىلەن
كىلىنىگە نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋ-
غاتلارنى بىرىپتۇ.
ئۇلار مىڭىش ئالدىدا ھۇسەيىن
شاھنىڭ ئورنىدا يۇرت سوراۋاتقان ۋەزىر
يىتىپ كەپتۇ ۋە دادىسىنىڭ شاھلىق تەخ-
تىگە ئىسكەندەرنىڭ ئولتۇرۇشىنى ئىيتقان-
كەن، ئىسكەندەر:
— مىنىڭ پادىشاھ بولۇشقا رايىم

یوق، مېنى ئۆز بېغىمدا تىنچ، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈشكە قويۇڭلار، — دەپ پادىشاھ بولۇشنى رەت قىپتۇ.

ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامان تۇلپارلىرىغا مىنىپ، نەچچە ئايلىق يولنى بىر كۈندىلا بېسىپ، مەلىكىنىڭ يۇرتىغا كېلىپتۇ. مەلىكە گۈلزاماننىڭ دادىسى گۆزەلشاھ پادىشاھ، ئانىسى، ئاچىسى ۋە ئوردا - ھەرەم خادىملىرى ئۇلارنى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ. يۇرتقا خۇشاللىق تويى قىلىپ بېرىپتۇ.

مەلىكە بىلەن ئىسكەندەر بىر نەچچە كۈنلىرىنى داغدۇغا ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز بېغىغا قايتىش قارارىغا كەپتۇ. گۆزەلشاھ پادىشاھ:

— مەن قېرىپ قالدىم، مېنىڭ ئورنىمدا سەن تەختىمدە ئولتۇرساڭ، — دەپ، ئىسكەندەرگە مەسلىھەت سالپتۇ.

ئىسكەندەر بۇ تەلەپنىمۇ قوبۇل قىلماپتۇ. ئۆز بېغىدا ياشايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، گۆزەلشاھ پادىشاھ ئۇلارنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

يۇرتتىن يىراق كېتىپ قانداق ئۆتەرسەن،
يار - يۆلەكسىز نېمە كۈننى كۆرەرسەن.
تىلسىم باغدا تەييارنى يەپ ئۆتسەڭمۇ،
يۇلتۇز ئوخشاش ئىزسىز ئېقىپ ئۆچەرسەن.

دەۋران سۈردۈم مۇراد تاپىپ ئارمانسىم،
ۋۇجۇدۇمدا بار چاغىمدا دەرمانىم
ئىككى قىزلىق بولۇپتىمەن ئوغۇل يوق،
تەقدىر شۇنداق بولسا نېمە ئامالىم.

تەقدىر شۇنداق بولسا نېمە ئامالىم،
يالغۇز ئۆتەر چېغى كەلمىش زاۋالىم.
ئويلاپتىمەن بوپ قالدىم دەپ ئوغۇللۇق،
زەھەر بولدى قىلغان تاتلىق خىيالىم.

قىزىغا قاراپ مۇنداق قوشاق ئوقۇپتۇ:

گۈل بولسۇن دەپ سىن - چىرايىڭ، زاتىڭنى،
گۈلزامان دەپ قويغانىدىم ئاتىڭنى.
قىزىلگۈلگە قالغان چېغىڭ باغلىنىپ،
بەردىڭ ئاڭا پۈتۈن ئەس - يادىڭنى.

جاھان كەزدىم دەپ سېنىڭلا كۆڭلۈڭنى،
تاپماق بولۇپ كۆڭلۈڭدىكى گۈلۈڭنى.
مۇرادىڭغا سەنغۇ يەتتىڭ جان قىزىم،
سەنسىز قانداق ئۆتكۈزەرمەن كۈنۈمنى.

كۆز قاراقىم ئىدىڭ بالام ئىچىدە،
گۈلزامان دەپ ئويغىناتتىم كېچىدە.
سەنسىز ئەمدى بولماس مېنىڭ خۇشلۇقۇم،
ئولتۇرسامۇ شاھانە تەخت ئۈستىدە.

مۇشۇ كەتسەڭ يەنە قاچان كېلەرسەن،
يا كېلەرسەن ياكى كەلمەي ئۆتەرسەن.
تىلسىم باغىنىڭ راھىتىنى كۆرسەڭمۇ،
ئاخىر بىر كۈن يۇرت قەدرىنى بىلەرسەن.

ئاق يول تىلەپ دۇئا بېرەي ئاتالىق،
جان ئاناڭمۇ دۇئا بەرسۇن ئانالىق.
قىزىلگۈلدەك كۈلۈپ ئۆتسۇن كۈنۈڭلار،
جۈپ يارىڭغا بولغىن قىزىم ۋاپالىق.

گۆزەلشاھ پادىشاھنىڭ ئاق يول ۋە بەخت تىلەپ بەرگەن دۇئاسىدىن كېيىن مەلىكە بىلەن ئىسكەندەر تۇلپارلىرىغا مىنىپ ئۆز قارارگاھلىرىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ئۇلار بىر دەشتى باياۋانغا كەلگەندە

كىيىملىرى جۇل-جۇل، قىرىلىقتىن بېلى
مۈكچەيگەن، يول ئازابىدىن يىغا بېسىپ،
ئاغزى ئۈمچەيگەن، ئۆشنىسىگە بىر خۇرجۇن-
نى ئارتىپ، هاسىغا تايىنىپ ئاران-ئاران
كېتىۋاتقان بىر مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئىس-
كەندەر مومايدىن نەدىن كېلىپ، نەگە كېتى-
ۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

— مەن بىر ئىگە-چاقىسىز خوتۇنمەن.
نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشۇمنى بىلمەيمەن،
بېشىم قايغان تەرەپكە كېتىۋاتىمەن، — دەپ
موماي كۆزىگە ياش ئاپتۇ.

مومايىنىڭ بىچارە، غېرىب هالىغا ئىسكەن-
دەرنىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ، ئۇنى خىيال بېسىپ-
تۇ. «گۈلزامانىنىڭ مەندىن باشقا پاراڭلىشى-
دىغان ھېچقاندااق ھەمراھى يوق. بولۇپمۇ
مەن شىكارغا چىقىپ كەتسەم، ئۇ يالغۇزلا
قالىدۇ. بۇ مومايىنى ھەمراھ قىلىپ بەرسەم
زېرىكمەي ئولتۇرار...» دېگەن ئويلارغا
كېلىپ خىيالىنى مەلىكە گۈلزامانغا ئېيتىپتۇ.
مەلىكە ئىسكەندەرنىڭ سۆزىگە دەرھاللا
جاۋاب بەرمەي، مومايىنىڭ چىرايىغا، كۆزىگە
تازا سەپسېلىپ قاراپتۇ. گۈلزامانغا موماي-
نىڭ تەقى-تۇرقى، چىرايى ياسالمىدەك،
بولۇپمۇ كۆزى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى يو-
شۇرۇپ تۇرغاندەك بىلىنىپتۇ. گۈلزامان
ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— ئۆزىڭىز بىلىڭ، لېكىن بۇ مومايىنى
ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلغۇم يوق، كۆڭلۈم
تارتماي تۇرىدۇ، — دەپلا قويۇپتۇ.

موماي قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، ئۇلۇغ، ياخشى ئادەمنىڭ
بالىسىدەك قىلىسەن. ئاتاڭدەك رەھىمدىل
بولۇپ، مەندەك يېتىم خوتۇنغا باشپاناھ بول-
غىن. مەن سېنىڭ ئىككى ئالەملىك ھەققىڭ-
گە دۇئا قىلاي، — دەپ كۆز يېشى قىپتۇ.

ئىسكەندەر نېرى-بېرىسىنى ئويلىمايلا
تۇلپاردىن چۈشۈپ مومايىنى ئۆزىنىڭ ئور-
نىغا مىندۈرمەكچى بولغانىكەن، تۇلپار سەك-
رەپ، مۆدۈرۈپ، مومايىنى مىنگىلى قويماپ-
تۇ. ئىسكەندەر خېلى ھەپىلىشىپ مومايىنى
تۇلپارغا مىندۈرەلمەي جىلىلىكتە تۇلپارىغا
قاتتىق بىر قامچا سايتۇ. ئىسكەندەرنىڭ بۇ
ئىشىدىن مەلىكە نارازى بولسىمۇ، يەنە
ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلماپتۇ. قامچا
يېگەن تۇلپار ئىلاجىسىز جىم بولۇپتۇ. مو-
ماي تۇلپارغا مىنىشىگە تۇلپارنىڭ كۆزىدىن
ياش چىقىپتۇ. بۇنى مەلىكە كۆرۈپ، موماي-
دىن تېخىمۇ يىرگىنىپتۇ. لېكىن يەنىلا
زۇۋان سۈرمەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئۆز
بېغىغا يېتىپ كەپتۇ. موماي باغقا كەلگەن-
دىن كېيىن، ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامانىنىڭ
ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ئۇلارنىڭ خىزمىتى-
نى قىلىشقا باشلاپتۇ. ھەرىكەتلىرىمۇ چاققان-
لىشىپ كېتىپتۇ. مومايدىكى بۇ ئۆزگىرىش
مەلىكە گۈلزامانىنىڭ تېخىمۇ گۇمانىنى ئاشۇ-
رۇپتۇ. شۇڭا ئۇ مومايغا ئانچە چىراي ئاچ-
ماپتۇ. ئارتۇقچە گەپمۇ قىلماپتۇ. بەلكى
ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كۆز تىكىپ يۈرۈپتۇ.
ئىسكەندەر بولسا «باققۇچىسىز قالغان موماي
باشپاناھلىققا ئېرىشكىنىگە خۇشال بولۇپ،
بىزنى رازى قىلىش مەقسىتىدە ئاۋارە بولۇ-
ۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، گاھىدا موماي بىلەن
مۇڭدىشىدىكەن. ھەتتا كەچۈرمىشلىرىنىمۇ
سۆزلەپ بېرىدىغان بوپتۇ. بۇ موماي ئىسكەن-
دەرنى سېھىرلەپ دەرەخكە بەنت قىلىپ
قويغان جىننىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ ئوغلى-
دىن ئىسكەندەر ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن، خىسلەتلىك ئۈزۈكنى قولغا
چۈشۈرۈۋېلىش نىيىتىدە، بىچارە-مىسكىن
موماي سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، ئىسكەندەر بىلەن

گۈلزامانىڭ ماڭىدىغان يولىغا چۈشۈۋالغانىكەن. ئاق كۆڭۈل، ساددا ۋە رەھىمدىل ئىسكەندەر مومايىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا بەزى سىرلىرىنى دەپ بېرىدىغان بوپتۇ. لېكىن موماي ئۇنىڭدىمۇ گۇمان قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن خىسلەتلىك ئۈزۈك توغرىلىق ئالدىراپ گەپ ئېچىشتىن ئېھتىيات قىپتۇ. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئاجايىپ باغنى سەن قانداق تاپقان ياكى ئاتاڭ ساڭا ئاتاپ ياسىتىپ بەرگەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مومايىنىڭ غەرىزىنى بىلمىگەن ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى، ئاقساقال بوۋاي، گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك، باغ، گۈلزامان... توغرىلىق قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي بىلىندۈرمەي ئىسكەندەرنىڭ بارماقلىرىغا قاراپتۇ. لېكىن ئۈزۈكنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسى-يادى قانداق قىلىپ ئۈزۈكنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋېلىشتىلا قاپتۇ. بىر كۈنى موماي ئىسكەندەردىن ئۇستىلىق بىلەن:

— ئوغلۇم، ئۈزۈك ياخشى ئادەمنىڭ پۈشتى بولغاچقا، خىزىر بېشىڭنى سىيلاپتۇ. جەننەتتەك باغنىڭ ئىگىسى قىپتۇ. جەننەت ھۆرلىرىدەك بىر قىزنى ساڭا ئاشىقى بىقارار قىلىپ، ئىككى دۇنيالىق جۈپتۈڭ قىپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى خىزىر بەرگەن خىسلەتلىك ئۈزۈكنىڭ كارامىتى ئىكەن. ئۈزۈكنى پۇختا ساقلا. ھەتتا ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرمە. ئۇنى باشقىلارنىڭ نەزەرى چۈشمەيدىغان يەرگە تىقىپ قوي. كېرەك بولغاندىلا ئېلىپ، ھاجىتىڭ بەجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا يەنە تىقىۋەت. — دەپ نەسىھەت قىلغان بوپتۇ. ئۇ ھەرقانچە تىل ياغلىمىلىق ۋە كاززاپلىق قىلىپمۇ خاسىيەتلىك ئۈزۈكنىڭ نەگە قويۇلغانلىقى توغرىلىق ئىسكەندەردىن زادى سۆز ئالالماپتۇ. چۈنكى خاسىيەتلىك ئۈزۈك توغرىلىق مومايغا پەقەت گەپ قىلماڭ دەپ، گۈلزامان ئىسكەندەرنى ئاگاھلاندۇرغانىكەن. لېكىن مومايىنىڭ سۆزلىرى ئىسكەندەرگە كۆيۈنۈشلۈك تۇيۇلۇپ كېتىپ، خاسىيەتلىك ئۈزۈكنى باشقا يەرگە تىقىپ قويۇشنى ئويلاپ، ئەسلىدىكى ئورنى — ئىچكەركى ئۆيدىكى ساندۇقتىن ئۈزۈكنى ئاپتۇ، مومايىنىڭ يېقىنىدىن بۇيان ئىسكەندەرگە بەكلا يېپىشىپ يۈرگىنىگە دىققەت قىلغان گۈلزامان ئىسكەندەرنىڭ بىرەر بىخەستىلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرگەنىكەن.

— ئۈزۈكنى نەگە ئاپىرىسىز؟ — دەپ مەلىكە ئىسكەندەردىن سوراپتۇ.

— ئۈزۈكنى مېنى بەنت قىلىپ قويغان چوڭ چىنارنىڭ بىر تۆشۈكىگە تىقىپ قويايمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ ئىسكەندەر.

— بوپتۇ شۇنداق قىلىڭ، ئەمما، مېنىڭچە ئۈزۈكنىڭ كىچىك كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆز يېنىڭىزدا ساقلاڭ. ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلايلى، — دەپتۇ مەلىكە. ئىسكەندەر ئويلىسا راست. ئىسكەندەر ئۈزۈكنىڭ كىچىك كۆزىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ھېلىقى چوڭ چىنارنىڭ بىر تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇپتۇ. ئىسكەندەرگە يوشۇرۇن كۆز تىكىپ يۈرگەن «موماي» ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەمدى ئۈزۈكنى ئېلىپ قېچىشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپتۇ. بىر كۈنى ئىسكەندەر بىلەن گۈلزامان بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ مەيشارابنى جىقراق ئىچىپ قويۇپ تەڭلا كەيپ بولۇپ، غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. «موماي» مۇ دەل مۇشۇنداق پەيتنى كۈتۈپ

تۇرغانىكەن. ئۇ يۇگۇرگىنىچە چوڭ چىنارنىڭ
تۈۋىگە بېرىپ كاماردىن ئۆزۈكنى ئاپتۇ-دە،
ئۆز ھالىتىگە قايتىش ئۈچۈن يەرگە دومى-
لاپتۇ، جىن ھالىتىگە قايتالماپتۇ. ئۇ بۇنىڭ
سەۋەبىنى بىلەلمەي تىت-تىت بوپتۇ. ئىس-
كەندەر بىلەن گۈلزامانىنىڭ مەستلىكتىن
يېشىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇلپارنىڭ
بىرەرسىنى مىنىپ قېچىش خىيالىغا كېلىپ،
ئۇ تۇلپارنى تۇتماقچى بولسا، تۇلپار چاپ-
چىپ، چىشلەپ يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. بۇ تۇل-
پارنى تۇتماقچى بولسا، بۇمۇ چىشلەپ،
تېپىپ يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. ئىككى تۇلپار-
نىڭ ئارىسىدا خېلى تېپىلىك يەپ ۋاي جېنى
چىقىپتۇ. ئاخىرى ئىلاجىسىزلىقتىن پىيادە
قېچىپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ
كېلىشىدىن قورقۇپ، يول بىلەن ماڭماي تاغ
ئىچى بىلەن، جىرا-جىلغىلاردا مېڭىپتۇ،
نەچچە تاغ-بەلدىن ئېشىپتۇ. تولا مېڭىپ
ھېرىپتۇ. ھالىدىن كېتىپتۇ. بىرئاز دېمىنى
ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر تاشنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرۇپ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئۆزۈك-
كە قاراپتۇ. ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللىقى تۇتۇپ،
ئۆزۈكنى قايتا-قايتا سىلاپتۇ. ئۆزۈككە
قارىغىنىچە شېرىن خىياللارغا پېتىپتۇ: «قاي-
تىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزۈكتىن ئۆزۈمگە
جەننەتتەك باغ، ھەشەمەتلىك پادىشاھ ئور-
دىسى تەلەپ قىلىمەن. ئىسكەندەرنىڭ بېغى-
نى، جىنلار پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنى شۇ
تۇرقىدىلا تاشقا ئايلاندۇرغۇزۇۋېتىمەن. ئۆ-
زۈم جىنلار ئېقلىمىنىڭ شاھىنشاھى، خان-
شاھ ئايىم بولىمەن...» ئۇ ئەنە شۇنداق
شېرىن خىيالىنىڭ لەززىتىدە مەستخۇش
بولۇپ، ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇيى-
قۇسىدا چۈش كۆرۈپتۇ. ئۆزۈكنىڭ ھېكمەت
خاسىيىتى بىلەن بىر گۈزەل كاتتا شەھەر

بىنا بولغانمىش. ئۆزى خانشاھ ئايىم بولۇپ
ئالتۇن تاجنى كىيىپ ئالتۇن تەختتە ئول-
تۇرغانمىش. ئوڭ سول يېنىدا ۋە ئارقىسىدا
ئوندىن ئوتتۇز لەشكىرى مۇلازىملىرى ئاي-
پالتىسىنى تۇتۇپ مۇھاپىزەتتە تۇرغانمىش...
ئالدىغا جىنلارنىڭ بۇرۇنقى پادىشاھىنى
چەمبەرچەس قىلىپ باغلىغىنىچە ئېلىپ كىر-
گەنمىش. لېكىن بۇرۇنقى پادىشاھ ئۇنىڭغا
ئازراقمۇ ھۆرمەت قىلىپ قويماي، شاھانە
قىياپەتتە غادىيىپ تۇرغانمىش. جۇدۇنى
ئۆرلىگەن شاھ ئايىم جاللات! دەپ غەزەپ
بىلەن ۋارقىرىغانمىش...» موماي ۋارقىرايمەن
دەپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئويغىنىپ كېتىپ-
تۇ. «چۈشۈمدە بولغان ئىش چوقۇم ئوڭۇم-
دىمۇ بولىدۇ» دەپ، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ
ئۆزۈككە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقاندا، بىر
نەرسە يېقىنلا يەردە قورقۇنۇچلۇق ھۇۋلاپ-
تۇ. موماي ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئېچىپ قارى-
غۇدەك بولسا، نۇرغۇنلىغان چېكىتتەك ئوتلار
كۆرۈنۈپتۇ. «بۆرە» دېگەن قورقۇنچلۇق
تۇيغۇ چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىدا پەيدا
بوپتۇ. ئۆزۈكتىن بۆرىلەرنى تاشقا ئايلاندۇ-
رۇۋېتىشنى تىلەپتۇ، تىلىكى بەجا بولماپ-
تۇ. چۈنكى ئۆزۈكنىڭ كىچىك كۆزى بول-
مىسىلا، ئۆزۈكنىڭ رولى بولمايدىكەن، يېڭى
نەرسىمۇ يوقتىن بار بولمايدىكەن، بار نەر-
سىمۇ يوقالمايدىكەن، شۇنداقلا باشقا نەرسى-
گىمۇ ئۆزگەرمەيدىكەن. مومايىنىڭ بۇنىڭدىن
خەۋىرى بولمىغاچ، ئۆزۈكنى قولغا چۈشۈر-
گىنىگە خۇش بولۇپ كېلىۋەرگەن ئىكەن.
كەمپىر ئالدىدىكى بۆرىلەرگە قاراپ قورقۇپ،
ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىشىگە ئاچ بۆرىلەر
ئۇنىڭغا تەڭلا ئېتىلىپ كېلىپ ئېغىز سېپتۇ...
«نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك
«موماي» جىن ئۆزىنىڭ يامان نىيىتى بىلەن

بۆرىلەرگە يەم بوپتۇ. خاسىيەتلىك ئۆزۈك-
مۇ ئۇنى بۆرىگە يەم بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ
قالالماپتۇ.

ئىسكەنـدەر بىلەن مەلىكىگە كەلسەك،
ئۇلار شۇ ياتقىنىچە ئەتىسى چۈشكىچە خۇدى-
نى بىلمەي يېتىپتۇ. بىر چاغدا كەيپىلىك-
تىن يېشىلىپ، موماينى چاقىرسا، ئۇنىڭـدىن
شەپە يوقمىش. ئۆيـدىن چىقـىپ قاراپتۇ،
باغلارنى ئاربلاپتۇ، يوقمىش، گۈلزامانـىنىڭ
كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغانـدەك بوپتۇ ۋە
ئىسكەنـدەرگە «ئۆزۈك بارمۇ-يـوق قاراپ
بېقىڭ» دەپتۇ. ئىسكەنـدەرمۇ كۆڭلى ئۆي-
گەندەك بولۇپ ئىتـتىك بېرىپ چىناردىكى
هېلىقى كامارغا قارىسا، ئۆزۈك يوق تۇرغۇ-
دەك. ئىسكەنـدەر بىلەن گۈلـزامان ئېغىر
غەمگە چۆكۈپتۇ. مەلىكە گۈلـزامان يىغلاپ
تۇرۇپ:

— سىـز شورى قۇرغۇر شۇم مومايـغا
بەكلا ئىشىنىپ، يېپىشىپلا قالـدىڭىـز. مەن
باشتىلا ئۇنىڭدىن بىر شۇمـلـۇقنىڭ پۇراپ
تۇرغىنىنى ئېيتساممۇ گېپىمگە قۇلاق سال-
مىدىڭىز. تۇلپار چېغىدا ئۇنى يامان كۆرۈپ
مىندۇرمىگىنىدىنمۇ هېچنەرسىنى خىيالىڭىز-
غا كەلتۈرمىدىڭىز. ئەكسىچە تۇلپارنى ئازار-
لىدىـڭىز. ئاقـىۋەتتە شۇم مـوماي بىزنىڭ
بىردىنـبىر تايانچـىمىز بولغان خاسىيەتلىك
ئۆزۈكنى ئوغرىلاپ قېچىپـتـۇ. ئەمـدى بىز
قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ. ئىسكەندەر سەۋەن-
لىكىنى بويىنىغا ئېلىپ:

— مەلىكەم، جىمـى گۇناھ مەنـدە، مەن
ئۇنىڭسۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. بولغۇلۇق
بولدى، ئەمـدى قانچە قاقشىساقمۇ ئورنىـغا
كەلمەيدۇ. ئۆزۈكسىزمۇ كۈنىمىز ئۆتەر بېغى-
مىزدا هەممە نەرسىمىز تەلغۇ، — دەپ گۈل-
زامانغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ئۇلار ئـۆزلىرىگە شۇنـداق تەسەلـلى
بېرىشىپ بىرنەچچە كۈن خاتىرجەم ئۆتكەن-
دەك قىلىسىمۇ، لېكىن يەنە قانداقتۇر بىرەر
پېشكەللىكنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقاندەك كۆ-
ڭۈللىرى غەمدىن خالى بولالماپتۇ. ئارىدىن
ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ بېغىـغا بىر توپ
كارۋانـلار كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئون خېچىرغا
ئون كوزا يۈكلەنگەن، هەربىر خېچىـرنىڭ
كەينىدە بىردىن ئادەم بولۇپ، كارۋان بېشى
بىلەن ئونبىر كىشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ چىراي-
لىـرى سـۈرلۈك، كـۆزلىرى ئالاق-جالاق
قورقۇنچلـۇق، هەربىرى بىردـىن خەنجەر،
بىردىن قىلىچ ئېسىۋالغانىكەن. كارۋان باش-
لىقىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ ئىكەن. هەمراهلىرى
ئۇنى گاهىـدا «يـۈسـۈپ پالـۋان» دېسە،
گاهىدا «يۈسۈپ قاۋان» دەپ ئاتايـدىكەن.
يۈسۈپ قاۋان مەلىكـىنى كۆرۈپـلا، ئۇنىڭغا
يامان كۆزى بىلەن تىكىلىپ قاراپتۇ. مەلىكە
ئۇنىڭ كۆزىدىكى قارا نىيەتنى سېزىپ، بەدى-
نى شۈركىنىپ كېتىپتۇ. مەلىكە يۈسۈپ قاۋان-
دىن ئۆزىنى تارتىـپ، ئۇنىڭغا كۆرۈنـمـەي
يۈرۈپتۇ. ئىسكەنـدەر ئۇلارغا ساهىبخانلىق
قىلـىپ ئېسىـل تائام، ئېسىل شارابـلارنى
كەلتۈرۈپ مېهمان قىپتۇ. ئىككىلا ئادەم بار
بۇ ماكانـدا بۇنچىلىك ئېسىل نەرسىلەرنىڭ
بارلىقـىدىن بىر نەرسـىنى ئويـلاپ قالغان
يۈسۈپ قاۋان سىر ئېلىـش غەرىزىدە ئىس-
كەندەردىن:

— ئۈچ تەرىپى چەكسـىز چـۆل، بىر
تەرىپى تاغ بىلەن توسالغان، ئادەمـزاتتىن
ناهايىتى يىراق بۇ ماكاندا بۇنچىلىك ئېسىل
نەرسىلەرنى نەدىن ئالىسىلەر؟ — دەپ سوراپ-
تۇ. ئىچكىرىكى ئۆيدە تۇرۇپ بۇلارنىڭ سۆز
هەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان گۈلزامان يۈ-
سۈپ قاۋاننىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ، ئىسكەندەر

جاۋابقا ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە، ئىچكەركى
ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. يۈسۈپ قاۋان
باشلىق كارۋانلار تەڭلا گۈلزامانغا قاراپتۇ-
دە، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. چۈنكى،
بۇ قېتىم گۈلزامان ئۇلارنىڭ مەستلىكتە
ئەلەسلەشكەن كۆزىگە جەننەت پەرىسىدىنمۇ
گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار تەقى-تۇر-
قى، ئېسىۋالغان قىلىچ خەنجەرلىرى ۋە مەي-
شاراب، نازۇ-نېمەتلەرگە ئاچكۆزلۈك بىلەن
ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرۇشلىرىدىن ئادەتتىكى
كارۋانلارغا ئوخشىمىغۇدەك. گۈلزامان ئۇلار-
دىن سىر ئېلىپ تېگى-تەكتىنى بىلىپ
بېقىش مەقسىتىدە ئۆزى ساھىبخانلىق قىلىپ،
ئۆز قولى بىلەن مەي قۇيۇپتۇ. ئۇلارنى مەي
ئىچىشكە، نازۇ-نېمەتلەرنى يېيىشكە ئارقا-
ئارقىدىن تەكلىپ قىپتۇ. كارۋانلار شارابنىڭ
ياخشىلىقىنى ماختىشىپ ھەدەپ ئىچىۋېرىپتۇ.
ئەمما يۈسۈپ قاۋان ئىچمەي، يەپلا ئولتۇ-
رۇپتۇ. ئىسكەندەر ئۇنى مەيگە تەكلىپ قىل-
غانىكەن، ئۇ بايىقى سوئالىنى يەنە تەكرار-
لاپتۇ. ئىسكەندەر جاۋاب بەرگىچە گۈلزامان
سىر ئېلىش ھەم يۈسۈپ قاۋاننى قورقۇتۇش
ئۈچۈن ئەتەي مۇنداق دەپتۇ:

— بىزدە بىر خاسىيەتلىك قىلىچ بار.
ئۇنىڭدىن نېمىنى تەلەپ قىلساق، شۇ ئان
ئۇ نەرسىلەرنى تەل قىلىپ بېرىدۇ. باغنى
تاغ، تاغنى باغ قىلالايدۇ، ئادەمنى ھايۋان
ۋە دەل-دەرەخكە ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ.
ياۋ بىلەن ئېلىشىپ قالغىنىمىزدا بىر شىل-
تىسەك يەتمىش غۇلاچ ئۇزىرايدۇ. مۇشۇ
باغ، ئالدىڭلاردىكى نازۇ-نېمەت بىلەن
ئېسىل شارابلار شۇ قىلىچنىڭ خاسىيىتىدىن
پەيدا بولغان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كارۋانلار كۆزىنى
چەكچەكتەك قىلىپ بىر-بىرىگە قورقۇنچ
بىلەن قارىشىپتۇ. يۈسۈپ قاۋانمۇ قورقۇپتۇ،
لېكىن قورققانلىقىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن
بىپەرۋا قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ. ئانچە-مۇن-
چە يەپتۇ-يۇ، زادى ئىچمەپتۇ. ئۇنى
قىلىپ، بۇنى قىلىپ كۈن كەچ بولغاندا
زىياپەتتىن تارقىشىپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن
مەلىكە ھۇجرىسىغا كىرىپ، بۇ كېچە ئۇخلىماي
سەگەك تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

يۈسۈپ قاۋان باشلىق بۇ ئونبىر
كىشى ئەسلىدە كارۋان بولماستىن، كارۋان
قىياپىتىگە كىرىۋالغان يول توسار ياۋۇز
قاراقچىلار ئىكەن. ئۇلار بۇ يەرگە غەنىيمەت
ئىزدەپ كېلىپ قالغانىكەن. ئۇلار بۇ گۈ-
زەل، باي، مەئىشەتلىك ماكانىنىڭ خوجايىنىمۇ،
پۇقراسىمۇ ئىككىلا ئادەملىكىنى بىلگەندىن
كېيىن، يۈسۈپ قاۋان ئىسكەندەرنى ئۆل-
تۈرۈۋېتىپ، گۈلزاماننى ئولجا ئورنىدا
ئېلىپ قېلىشنى، باغنى ئۆزلىرىنىڭ ماكانى
قىلىۋېلىشنى ئويلىغانىكەن. گۈلزاماننىڭ
خاسىيەتلىك «قىلىچ» توغرىسىدىكى گېپىنى
ئاڭلاپ، ئۇلارغا قول سېلىشتىن قورقۇپ،
بىر ئامالىلاپ گۈلزاماننى ئېلىپ قېچىشنى
كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. يۈسۈپ قاۋان تۈن
نىسپى بولغاندا سىرلىق ئۇسۇلنى ئىشقا
سېلىپ، بىھوشلاندۇرۇش دورىسى بىلەن
ئىسكەندەرلەر ياتقان ئۆينى دېرىزىسىدىن
ئىسلاپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن گۈلزاماننىڭ
بۇرنىغا غەلىتە، ئەمما خۇش بۇي بىر نەرسە-
نىڭ پۇرىقى گۈپپىدە ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار بۇ
پۇراقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بول-
غىچە بىردىنلا بېشى قېيىشقا، كۆزى قاراڭ-
غۇلىشىشقا باشلاپتۇ. بەدەنلىرى بوشىشىپ،
پۇت-قوللىرى جانسىزلىشىپتۇ. قىسقىسى،
ئۇلار تىرىك مۇردا بولۇپ، ھەيكەلدەك
قېتىپ قاپتۇ... مەلىكە گۈلزامان كۆزىنى

ئاچسا، ئۆزى نامەلۇم بىر غارنىڭ ئىچىدە،
يۇسۇپ قاۋاننىڭ ئالدىدا تۇرغۇدەك. ئۇ
نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئورنىدىن
تۇرۇپ كېتىپ «ئىسكەندەر! ئىسكەندەر!»
دەپ توۋلاپتۇ.

— ئىسكەندەرنىڭىز بېغىدا تىرىك مۇر-
دا بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن سىزنىڭ
ئىسكەندەرىڭىز، بېگىڭىز بولىمەن. ئۇنى
ئۇنتۇپ كېتىڭ، ھېلىقى قىلىچىڭىزنىمۇ
قولغا چۈشۈردۇم. ئۇنىڭ كارامىتىنى ئەمدى
مەن كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ يۇسۇپ قاۋان.
ئۇ «قىلىچ» توغرىسىدىكى گەپكە ئىشىنىپلا
قالغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلىۋال-
غان گۈلزامان ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى
يەنە بىر قورقۇتماقچى بوپتۇ-دە:

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن! ئۇ «قىلىچ»
ھەرگىز سېنىڭ قولۇڭغا چۈشمەيدۇ. ئۇ
سېھىرلەنگەن قىلىچ. سېھىر سۆز ئېيتىلمى-
غىچە ئېلىشقا سۇنۇلغان قولنى قايرىلىپ
كېلىپلا چورتلا كېسىپ تاشلايدۇ. سەن ئۇ
سېھىرلىك سۆزنى بىلمەيسەن. سەن ئىسكەن-
دەر بىلەن ئىككىمىزنى بىھوش قىلىپ قو-
يۇپ، مېنى بۇلاپ كېلىپسەن. ئىسكەندەر
تىرىك، ئۇ ھوشىغا كېلىپلا قىلىچنى ئېلىپ،
مېنى ئىزدەپ چىقىدۇ. سېنى چوقۇم تاپى-
دۇ. ئۇنىڭ تۇلپارىنىڭ ئىز پۇراش خۇسۇ-
سىيىتى بار. سەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە
بېرىۋالساڭمۇ چوقۇم تاپىدۇ. سېنى ئامان
قويمايدۇ! — دەپتۇ.

يۇسۇپ قاۋان مەلىكە گۈلزاماننىڭ بۇ
گېپىگىمۇ ئىشىنىپتۇ، ئۇنى قاتتىق قورقۇنچ
ۋەھىمىسى بېسىپتۇ. «ئىسكەندەر
راستىنلا ئىز پۇرار تۇلپارىغا مىنىپ،
كېلىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟» دەپ
غەمگە چۈشۈپتۇ. بىردىنلا ئۇنىڭ كال-
لىسىغا گۈلزاماندىن پايدىلىنىپ سېھىرلىك
«قىلىچ»نى قولغا چۈشۈرمەمسەن، دېگەن ئوي
كەپتۇ-دە، گۈلزامانغا زورلۇق قىلىش،
ياخشىلىقچىمۇ، يامانلىقچىمۇ خوتۇن قىلىش
نىيىتىدىن ھازىرچە ۋاز كېچىپ، «قىلىچ»قا
دەيدىغان «سېھىرلىك سۆز»نى بىلىۋالماقچى
بوپتۇ. يۇسۇپ قاۋان دەسلەپ گۈلزاماننى
«سېھىرلىك سۆز»نى ئېيتىپ بەرسە، ئۆز جا-
يىغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
ئالداپ بېقىپتۇ. گۈلزاماندىن كۈتكىنىدەك
جاۋاب ئالالماي قورقۇتۇپتۇ. گۈلزامان بۇ
قارا نىيەت قاۋاننى بىر نېمىلەر دەپ كول-
دۇرلاتماقچى بوپتۇ. لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ
گېپىنى راست دەپ ئىشىنىپ قالغان يۇ-
سۇپ قاۋاننىڭ «سېھىرلىك قىلىچ»نى قولغا
چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېغىغا بارى-
دىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسكەندەرگە زىيان-
زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئويلاپ،
«سېھىرلىك سۆزنى مەن بىلىمەن، ئەمما ساڭا
ھەرگىز ئېيتىپ بەرمەيمەن» دەپتۇ.

ئالداش ۋە ئادەتتىكى قورقۇتۇش
بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمەسلىكىگە كۆزى
يەتكەن يۇسۇپ قاۋاننىڭ راستىنلا قاۋانلى-
قى، ياۋۇزلۇقى تۇتۇپتۇ. گۈلزاماننى ئېسىپ
قويۇپ قىل ئارغامچا بىلەن ئۇرۇپتۇ. گۈل-
زامان ئازابقا چىداپ، چىشىنى چىشىغا
بېسىپ، زادىلا زۇۋان سۈرمەپتۇ. ۋەھشىيلى-
كى ھەددىدىن ئاشقان قاۋان گۈلزاماننى
يالىڭاچلاپ، قوتاز تاسمىسىدا ياسالغان قام-
چا بىلەن ئۇرۇپتۇ. ئۇرغاندىمۇ كۆز ئالدى-
نى قاراقچىلىق پەردىسى قاپلاپ، كۆزىگە
ھېچنەرسە كۆرۈنمىگەن دەرىجىدە تەلۋى-
لەرچە ئۇرۇپتۇ. قامچا زەربىسىدىن گۈلزا-
ماننىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى تىتىلىپ، قىزىل،
كۆك بولۇپ قان ئۇيۇپ قاپتۇ. شۇنداق

بولسىمۇ مەلىكە گۈلزامان ئىسكەندەرنى، سۆيگۈ مۇھەببىتىنى سېتىۋېتىشنى، قىزىلگۈللىنى نابۇت قىلىۋېتىشنى ئۆزىگە زادى راۋا كۆرمەپتۇ. تاياق، قامچا بىلەن گۈلزامانىنىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىغان يۈسۈپ قاۋان باشقا يول تۇتماقچى بولۇپ، گۈلزامانىنى كۈندە ئۈچ چاقىرىم يەردىن بىر كۆتۈرۈم تىكەن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، كەينىگە چاكىرىدىن بىرنى سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ چاكىرىغا گۈلزاماندىن بىر ئامال «سېھرىي سۆز» توغرىلىق گەپ ئېلىشنى تاپىلاپتۇ. گۈلزامان تىكەن توشۇپ بەش كۈن بولغاندا قامچا زەربىدىن تىتىلغان تەنلىرىگە تىكەن سانجىلىپ تېخىمۇ ئازابلىنىپتۇ. بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئازابقىمۇ چىداپتۇ، زادىلا ۋايسىماپتۇ. يۈسۈپ قاۋانىنىڭ ئاتارمىنى بىر ئېغىزمۇ گەپ ئالالماپتۇ. ئۇ ئەھۋالنى يۈسۈپ قاۋانغا ئېيتىپتۇ. يۈسۈپ قاۋانىنىڭ يەنە ۋەھشىيلىكى تۇتۇپ، شۇ كېچىسى گۈلزامانىنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. كۈن پاتارغا يېقىن ئۇنىڭ بۇلاڭچىلىقتا كەتكەن ئادەملىرى ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن-تىللا، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە نۇرغۇن ماللارنى بىرنەچچە ئات، قېچىرغا ئارتىپ قايتىپ كەپتۇ. ئولجىنىڭ كۆپلۈكىدىن بەكمۇ خۇشاللىنىپ كەتكەن يۈسۈپ قاۋان ئاۋۋال ئاخشامدىلا ئۆلتۈرۈلگەن كىيىك، جەرەنلەرنى قازانغا پۈتۈن-پۈتۈن سېلىپ، ھاراق-شاراب ئىچىشكە باشلاپتۇ. تۈن يېرىم بولمايلا قاراقچىلار غەرق مەست بولۇپ، ئۆلۈكتەك يېتىشىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن گۈلزامان غاردىن چىقىپتۇ-دە، باغلاقلىق ئاتتىن بىرنى مىنىپ قېچىپتۇ. ئەتىسى



چۈشكە يېقىن يۈسۈپ قاۋان مەستلىكتىن يېشىلىپ قارىسا گۈلزامان يوق. سىرتقا چىقىپ قاراپ ئاتتىن بىرىنىڭ يوقلۇقىدىن گۈلزامانىنىڭ قاچقانلىقىنى بىلىپ، ئىز بېسىپ قوغلاپتۇ. كەچكە يېقىن قاراقچىلار گۈلزامانغا يېتىشىۋېلىپ تۇتۇۋاپتۇ. ئۇنى غارغا ياندۇرۇپ ئەكىلىپ ئاسماققا ئېسىپ قويۇپ قىيناپتۇ. گۈلزامان بىر ئېغىزمۇ «ۋاي» دېمەپتۇ. ئۇنىڭغا بىر كېچە - كۈندۈز يا بىر بۇردا نان ياكى بىر يۇتۇم سۇ بەرمەپتۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن يۈسۈپ قاۋان گۈلزامانىنى ۋەھشىيلەرچە قىينايدىغان بوپتۇ. ئاچ - زارلىق، قىيىن - قىستاق ۋە تاياق زەربىسى ۋە ئۇنىڭغا جۈپتىگارى ئىسكەندەرنىڭ جۇدالىق دەردى قوشۇلۇپ، گۈلزامانىنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. يۈزدە قان دىدارى قالماي سارغىيىپتۇ. ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. قىسقىسى، بۇرۇنقى گۈلزامان رەڭگى - روھى ئۆزگىرىپ كۈلسامانغا ئايلىنىپ قالغاندەك بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ غارنىڭ ئاغزىدا سوزۇك كۆك ئاسمانغا قاراپ ياتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇچۇپ يۈرگەن بىر توپ تاغ كەپتەرلىرىنى كۆرۈپتۇ. توساتتىنلا كەپتەرلەر غۇژمەكلىشىپتۇ. گۈلزامان بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرسا، كەپتەرلەرنىڭ ئەتراپىدا ئەگىشىپ يۈرگەن بىر لاچىننى كۆرۈپتۇ. لاچىن كەپتەرلەرنى پارچىلاشقا ھەم ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئۆرلەپ چىقىۋېلىشقا ئۇرۇنغانسېرى كەپتەرلەر تېخىمۇ زىچ غۇژمەكلىشىپ، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، لاچىنغا زادىلا بوي بەرمەپتۇ. لاچىن ئىلاجىسىز پەسلەپ باشقا تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ ئارىلىقتا ئىككى كەپتەر پەيدا بوپتۇ. باياتىن نەپسىنى قاندۇرالماي تاقىتى تاق بولغان لاچىن توپىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىككى يېتىم كەپتەرگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. كەپتەرلەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپتۇ. لاچىنىنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىكەن. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ۋاقىتتا ئىككى كەپتەرنىڭ بىرىنى قاماللىغىنىچە پەسكە شۇڭغۇپ كېتىپتۇ. توپ كەپتەرنىڭ لاچىنغا بوزەك بولمىغانلىقى، بەلكى لاچىننى قۇيرۇقىنى قىسىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغانلىقى، توپتىن ئايرىلغان يالغۇز كەپتەرنىڭ بولسا لاچىنغا ئوڭايلا يەم بولۇپ كەتكەنلىكى گۈلزامانىنى چوڭقۇر ئويغا ساپتۇ. يۇرتىدىن چىقاردا دادىسىنىڭ:

يۇرتتىن يىراق كېتىپ قانداق ئۆتەرسەن،
يار - يۆلەكسىز نېمە كۈننى كۆرەرسەن.
تىلسىم باغدا تەييارنى يەپ ئۆتسەڭمۇ،
يۆلتۈز ئوخشاش ئىزسىز ئېقىپ ئۆچەرسەن.

دەپ ئېيتقان قوشىقى ئېسىگە كەپتۇ. يۇرت قەدرىنىڭ، ئەھلى قوۋم قەدرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بوپتۇ. «بولار ئىش بولدى، ھەرقانچە پۇشايمان قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئىسكەندەرگە بولغان ئەقىدە، ۋاپادارلىقىمنى ساقلاپ، پاك پېتىم ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى، ئەمما قاراقچىلارغا ھەرگىز باش ئەگمەيمەن.» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئىچىدە تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

باھار كەتتى، ياز كەلدى،
كۆل بويىغا غاز كەلدى.
كېچە كۆرگەن چۈشۈمدە،
غايىبتىن ئاۋاز كەلدى.

يۇرتنى تاشلاپ چىققانىم،
بۇ كۆرگۈلۈك ئاز كەلدى.

قىزىلگۈلۈم، قىزىلگۈل،
كۆز ئالدىمدا سىياقى.
دىماقىمدىن كەتمەيدۇ،
ئۇنىڭ خۇش بۇي پۇراقى.
سۆيگۈمنى ئۈزەلمەدى
قاراقچىنىڭ قىيناقى.

يۇسۇپ قاۋان ھەرقانچە قىلسىمۇ گۈلزاماندىن «قىلچ» توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ سۆز ئالالماپتۇ. ياكى ئىسكەندەردىن كۆڭلىنى ياندۇرالماپتۇ. قاراقچىلىق پەيلىگە ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئويلاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ مال - دۇنياغا تويماس نەپسى گۈلزامانىنى قۇرۇقتىن قۇرۇق ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قويماپتۇ. بەلكى ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىدىن پايدىلىنىپ ئاز - تولا نەپ ئۈندۈرۈۋېلىشقا ئۈندەپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئۇنى سېتىپ پۇل تېپىۋېلىش قارارىغا كەپتۇ. گۈلزامانىنى شۇ ئەتراپتىكى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ھاممامدا يۇيۇندۇرۇپتۇ، چېچىنى قىرىق ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ، زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاپتۇ. تاۋار - تورقىدىن ئۈستىباش كىيدۈرۈپ ياساندۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۇنى تارىمنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئاۋات بىر شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ مىڭ تىللا باھا قويۇپ بازارغا ساپتۇ. نۇرغۇن خېرىدارلارنىڭ گۈلزامانىنى سېتىۋالغۇسى كەلسىمۇ باھاسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن قۇربى يەتمەي ئالالماپتۇ. بۇ شەھەر سۇلايمان شاھ دېگەن پادىشاھنىڭ دىيارى بولۇپ، ئۇنىڭ شىرئەلى ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. يۇسۇپ قاراقچى گۈلزامانىنى بازارغا سالغان كۈنى شاھزادە شىرئەلى شەھەر سەيلىسى قىلىپ خاس يىگىتلىرى بىلەن كوچىغا چىققانىكەن. ئۇ شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ گۈلزامانىنى كۆرۈپ قاپتۇ، گەرچە گۈلزامانىنىڭ رەڭگى - رويى سېرىق، بەكلا ئورۇق بولسىمۇ، تېگى - تېگىدىن ساھىبجامالىقى مانا مەن دەپ تۇرغان چىرايىغا، ئەقىل - پاراسەت



يېغىپ تۇرغان كۆزىگە قاراپلا ئۇنى كېنىزەكلىككە سېتىۋېلىشنى ئويلاپتۇ. ئۆزىگە ياراپ قالغان مالنى باھا تالاشماي سېتىۋالىدىغان شاھزادە مىڭ تىللاغا گۈلزامانى سېتىۋاپتۇ. گۈلزامان كۆڭلىدە ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىنىڭ قولىغا چۈشكەندىمەنمۇ؟ دەپ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپ شىرئەلىگە قاراپتۇ. شىرئەلىنىڭ كۆزى ۋە چىرايىدىن رەھىمدىل، مۇلايىملىقىنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولۇپ، كۆڭلى بىرئاز خاتىرجەم بوپتۇ.

شىرئەلى گۈلزامانى ئەگەشتۈرۈپ ئوردىغا قايتىپ، گۈلزامانى مەخسۇس مۇلازىملارغا تاپشۇرۇپتۇ. ئوبدان كۈتۈلۈشتىن گۈلزامان كۈندىن-كۈنگە ئۆز ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇ تولۇق ئەسلىگە كېلىپ، ئوردىدىكى ھەرقانداق ساھىبجامال كېنىزەكلەردىن چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ. شىرئەلى گۈلزامانىنىڭ ھۆسن-جامالىغا قاراپ، ئۇنى قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە چىقىرىپ، باش كېنىزەكلىك مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي شاھزادە شىرئەلى گۈلزامانغا ئۆيلىنىش مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ خاس كېنىزەكلەردىن بىرسىنى كىرگۈزۈپتۇ. گۈلزامان شاھزادىنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. شىرئەلى ئىككىنچىسىنى كىرگۈزۈپتۇ. گۈلزامانىنىڭ بۇ قېتىممۇ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى سۆزلەشمەكچى بولۇپ گۈلزامانىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.

— مەن سىزنى مىڭ تىللاغا سېتىۋالدىم، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ ھۆرلۈك بەردىم، باش كېنىزەكلىك مەرتىۋىسىنى بەردىم. يەنە ئوردا مەلىكىسى قىلىۋالاي دېسەم نېمىشقا ماقۇل كۆرمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز مىڭ تىللاغا مېنىڭ قارا كۈچۈمنى سېتىۋالدىڭىز، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمنى، مۇھەببىتىمنى سېتىۋالمىدىڭىز. كۆڭۈل پۇلغا سېتىۋالىدىغان مال ئەمەسقۇ. مەن سىزگە قۇل بولۇپ ئىشلەشكە رازى، لېكىن ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلالمايمەن، — دەپ شاھزادىنىڭ تەلىپىنى گۈلزامان چىرايلىق گەپ بىلەن رەت قىپتۇ.

— مەن سىزدىن تىلەي، تەلىپىمنى ماقۇل كۆرسىڭىز، — دەپتۇ شىرئەلى.

— كۆڭۈل تىلىۋالىدىغان نان ئەمەسقۇ. مېنى تەڭلىك قىلماڭ. بۇ ھەقتە ماڭا قايتا ئېغىز ئاچمىسىڭىز، — دەپ گۈلزامان كۆزىگە لىققىدە ياش ئاپتۇ ۋە:

— بىر ئەرنىڭ بىرنەچچە خوتۇن ئېلىشىغا بولىدۇ، ئەمما بىر ئايالنىڭ بىرنەچچە ئەرگە تەگكىنى بارمۇ؟ — دەپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرى بارلىقىنى، ئۆلگىچە ئېرىگە ئەقىدە ساقلايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانچە ئازاب، خورلۇق بولسىمۇ چىدايدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ.

— ئېرىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇ ھازىر نەدە؟ قانداقسىگە قۇل بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ، گۈلزامانىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن شاھزادە شىرئەلى ئۇنىڭدىن.

گۈلزامان شىرئەلىگە ئۆزى ۋە ئىسكەندەر توغرىلىق ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يۈسۈپ قاراقچىنىڭ زۇلۇم-زورلۇقلىرىنى بىرمۇ بىر دەپ، تارتىنىپ تۇرۇشىنىمۇ ئۇنتۇپ بەدەنلىرىدىكى يۈسۈپ قاراقچى قالدۇرغان جاراھەت ئىزلىرىنى كۆرسىتىپتۇ.

ئەسلىدە كۆڭلى يۇمشاق، رەھىمدىل شىرئەلى گۈلزامانىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، بەدەنلىرىدىكى قامچا، تاياق ئىزلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېزىلىپتۇ. تەن جاراھىتى ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك، ئۆز كۆڭلىنى دەپ گۈلزامانىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغاپ قويغانلىقىغا خىجىل بولۇپ، گۈلزامانغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى زادى قويمايدىغانلىقىنى، يۇسۇپ قاراقچىدىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىپ بېرىپ، ئېرى ئىسكەندەرگە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان:

— ئۇ ياۋۇز قاراقچىنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر. ھازىر ئىنتىقام ئېلىشقا ۋاقىت يوق، بىر كۈن بولسىمۇ ئىسكەندەرنى تاپسام دەيمەن، ئۇ ھازىر تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ؟ تىرىك بولسا قايسى كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ ... — دەپتۇ.

شاھزادە شىرئەلى ئۆز لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئىسكەندەرنى ئىزدەش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ يۇرتىغا قاراپ مەلىكە گۈلزامانىنى ئېلىپ، بىرقانچە ھەمراھلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئىسكەندەردىن ئاڭلايلى.

ئىسكەندەر ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا، گۈلزامان يوق تۇرغۇدەك. باغقا چىقىپ قارىسا ئۇ يەردىمۇ يوق، كارۋانلارمۇ يوقمىش. گۈلزامانىنى كارۋانلارنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىپتۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىپتۇ. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، يۈرەك-باغرى ئازابقا تولۇپتۇ. خاسىيەتلىك ئۈزۈكتىنمۇ، گۈلزاماندىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئىچ-ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپتۇ.

ئىككى كۈن ئىچىدىلا باغمۇ ئەسلىدىكى گۈزەللىكىدىن كېتىۋاتقاندەك، گۈللەر پۇراق چاچمايدىغان، مېۋىلەر پىشماي تۇرۇپلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغان ھالەتكە قاپتۇ، بولۇپمۇ قىزىلگۈل سولاشقاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيدە بار، يېگىلى بولىدىغان نەرسىدىن ئوزۇقلۇق غەملەپ، ئازراق پۇل-پۈچەك ئېلىپ، گۈلزامانىنى ئىزدەپ، «يارەببىم» دەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ گۈلزامانىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇدۇل ئۆز يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ئايدەك يول يۈرۈپ، يۇرتىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە دەرۋىشچە كىيىنىپ يالغان ساقال-بۇرۇت بىلەن تۇسىنى ئۆزگەرتىپتۇ. شەھەرگە كىرىپ بىر ھەپتىگىچە تىڭ-تىڭلاپ، گۈلزامانىڭ بۇ تەرەپكە كەلمىگەنلىكىنى بىلىپتۇ، كارۋان ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ قالدىمىكىن، دەپ گۈلزامانىڭ يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئىسكەندەر مىڭبىر جاپالار بىلەن گۈلزامانىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇقۇشقۇدەك بولسا، ئۇ بۇ تەرەپلەرگىمۇ كەلمىگەن، گۈلزامانىنى قانداق تېپىش، نەگە بېرىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ. «سېھرىي بەنتتىن، مەخلۇقاتلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ۋاپادار شەپقەتچىمنى ئىزدەپ تاپمىسام، ياكى مەيلى تاپالاي ياكى تاپالماي، ئىزدىمەيدىغان بولسام، ۋاپانى ئۇنتۇغان بولىمەن. ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈز، تۇزكور بولىمەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن گۈلزامانىنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىش ئىرادە كەمىرىنى باشقىدىن چىڭ باغلاپتۇ. ئۇ شۇ ئىرادە بىلەن شەھەرمۇ شەھەر، مەھەللە، سەھرا-قىشلاقلارنى ئارىلاپتۇ. ياتىدىغان

جايى بولمىسا تاشلاندۇق ئۆي، قەبرىستانـ
لىقلاردا تۈنەپتۇ. قورسىقى ئاچقاندا
تىلەپتۇ. ئۇ كەزمىگەن دەشت - چۆل،
ئاشمىغان تاغ - داۋان قالماپتۇ. چاچلىرى
ئۆسۈپ يەلكىسىگە، ساقاللىرى مەيدىسىگە
چۈشۈپتۇ. كىيىملىرى تىتىلىپ ئەت - يانـ
لىرى ئېچىلىپلا قاپتۇ. پۇتىنىڭ تاپان،
ئالقانلىرى چاك - چاك يېرىلىپتۇ، شۇنداق
بولسىمۇ ۋاپادارى گۈلزاماننى ئىزدەش
ئىرادىسىدىن يانماپتۇ. ئىسكەندەر ئۇيان
مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ، چەت چېكى كۆرۈنمەس
پايانسىز جەزىرە قۇملۇقىغا كىرىپ قاپتۇ، قۇمـ
لۇقتا بىر كۈن مېڭىپتۇ، ئىككى كۈنمۇ مېڭىپتۇ،
قۇملۇقنىڭ چېتى كۆرۈنمەپتۇ. ئۈچ كۈن
بولدى دېگەندە چاڭقاپ، ئاغزىدا نەم
دىدارى قالماپتۇ. كالپۇك تىللىرى قۇرۇپ،
بىر - بىرىگە يېپىشماس دەرىجىسىگە يېـ
تىپتۇ، ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپتۇ، ماڭغۇدەك
مادارى قالماپتۇ. بولالماي يىقىلىپتۇ،
تىرەجەپ ئۆملەپ بېقىپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ
ۋاپادار شەپقەتچىسى گۈلزامان بىلەن قايتا
دىدارلىشىشقا كۆزى يەتمەپتۇ، ھەتتا
ھاياتىدىنمۇ ئۈمىدى ئۈزۈلۈپتۇ. ئۇ يەنە
گۈلزاماننى، ئىككىسىنى بىر - بىرىگە باغـ
لىغان قىزىلگۈلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ.
گۈلزاماننىڭ دادىسىنىڭ:

يۇرتتىن يىراق كېتىپ قانداق ئۆتەرسەن،
يار - يۆلەكسىز نېمە كۈننى كۆرەرسەن.
تىلسىم باغدا تەييارنى يەپ ئۆتسەڭمۇ،
يۇلتۇز ئوخشاش ئىزسىز ئېقىپ ئۆچەرسەن.

دېگەن قوشاق - نەسىھىتىنى ئويلاپتۇ.
تەييار راھەت - پاراغەت تۇرمۇشنى دەپ
ئەل - يۇرتتىن يۈز ئۆرىگەنلىكىگە ئېچـ
ىنىپتۇ، پۇشايمان قىپتۇ. «يۇرتۇمدا شاھ
بولماي ئاددىي پۇقرا بولۇپ ئۆتسەممۇ
بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ياخشىلىق قىلىـ
دىغان يار - يۆلەكلەر چىقاتتى، ئۆلسەم
يۇيۇپ - كېپەنلەپ ئۇزىتاتتى. مانا ئەمدىچۇ؟!
راستىنلا ئىزسىز ئۆچىدىغان بولدۇم، كۆـ
زۈمنى قاغا - قۇزغۇنلار يەيدۇ» دەپ ھەسـ
رەتلىنىپتۇ.

ئەمدى شىرئەلى بىلەن گۈلزامانغا
كەلسەك، ئۇلار ئىسكەندەرنى ئىزدەپ ئالدى
بىلەن تىلسىملىق باغقا كەپتۇ. قارىغۇدەك
بولسا، باغ بۇرۇنقى ھۆسنىدىن كەتكەن،
قىزىلگۈلمۇ سولاشقان، گۈللىرى ئېچىلىپ
تۇرسىمۇ، بۇرۇنقىدەك چاقنىشى يوق، غۇنـ
چىلىرىنىڭ بەرگىلىرى قۇرۇشقا باشلىغان.
باغنىڭ پۈتۈنلەي نابۇت بولۇپ كەتمەي
بار - يوقىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ قېلىشى، خىسـ
لەتلىك ئۈزۈكنىڭ كىچىك كۆزىنىڭ باغدا
قېپقالغانلىقىدىن ئىكەن. ئەگەر ئۇنداق
بولمىغاندا باغ ۋە بۇ يەردىكى بارلىق
نەرسىلەر غايىب بولۇپ كېتىدىكەندۇق.
بۇنى گۈلزامان ئويلاپ يېتىپتۇ. ئۇلار
باغدىن ئىسكەندەرنى تاپالماپتۇ. ئۇنىڭ
گۈلزاماننى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنـ
لىكىنى جەزم قىلىپ، گۈلزامان بىلەن
شىرئەلى ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.
ئۇلار ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ يۇرتمۇـ
يۇرت كېزىپ بىر يىل ئىزدەپتۇ. زادى
ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ. ئېھتىمال،
قايتىپ باغقا بېرىپ قالغان بولۇشى مۇمـ
كىن، دەپ ئويلىشىپ، تىلسىملىق باغقا
قايتماقچى بوپتۇ. ئۇلار ئۆز يولىدا بۇرۇن
كۆرۈپ باقمىغان قۇملۇققا كىرىپ قاپتۇ.
بۇ ۋاقتى چۈش مەزگىلى بولۇپ، ئاسمان
چوغ، يەر قوغ بولغاندەك تومۇز ئىسسىقنىڭ

قىيامىغا چىققان ۋاقتى ئىكەن. ئات - قىپچىرلىرىمۇ ئىسسىقتا چىدىيالماي قاپتۇ. ئۇلار سالقىن چۈشكەندە ماڭماقچى بولۇپ، چېدىر - سايىۋەنلىرىنى تىكىپتۇ. مەلىكە گۈلزامان غەم تۇمانى باسقان كۆزلىرىنى بىپايان جەزىرىنىڭ يىراق جايلىرىغا تىكىپ يارى — جۈپتى ئىسكەندەرنى خىيال قىلىپ ئولتۇرسا، يىراق بىر جايدا قاغا - قۇزغۇن، سارغا ئوخشاش قاناتلىق نەرسىلەر بىر نۇقتىنى ئەگىپ يۈرگۈدەك. شۇئان يۈرىكى بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك ئەنسىز سوقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ قىپچىرىغا مىنىپتۇ - دە، ھېلىقى تەرەپكە مېڭىپتۇ. شىرئەلى بۇ ھالەتتىن بىر پەسكە ھەيران قاپتۇ. كۆزى يىراقتا پەس ئەگىپ يۈرگەن قاغا، سارلارنى كۆرۈپ ئۇمۇ ئېتىنى مىنىپلا گۈلزاماننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇلار خېلى مېڭىپ، بىر قۇم بارخىنىدىن ئۆتۈپلا بىر جەسەتنى كۆرۈپتۇ. ئات - قىپچىرلىرىدىن چۈشۈپ جەسەتكە قاراپتۇ. قاغا، سارلار جەسەتنىڭ كۆزىنى ئويۇپ يەپتۇ. ئەت - گۆشىنى غاجاپ تۈگىتىپ، ئۇستىخانلىرىنىلا قويغاچقا، تونۇشقا ئامالسىز قاپتۇ. لېكىن ئۇستىخاننىڭ قۇرۇپ كەتمىگىنىگە قاراپ، ئۆلگىنىگە بىر - ئىككى كۈن بولغانلىقىنى پەرەز قىپتۇ. گۈلزامان ئەتراپقا قاراپ، جەسەتنىڭ يېنىدا قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان لاتىنىڭ چىقىپ قالغان ئۇچىنى كۆرۈپ، لاتىنى تارتىپ ئېلىپ قاراپلا «ئىسكەندەر!» دەپلا جەسەتكە ئۆزىنى ئېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شىرئەلى لاتىنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، تېخى تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان بىر جۈپ قىزىلگۈل پورىكىنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن چۈچىلىق يىپەك ياغلىق ئىكەن. شىرئەلى ئەھۋالنى چۈشىنىپ زاپاس قىپچىرغا غانجۇغىلىغان قاپاقتىكى سۇدىن گۈلزاماننىڭ يۈزىگە ئۈچ قېتىم چاچقاندىن كېيىن گۈلزامان ھوشىغا كەپتۇ.

— بۇلار ئىش بوپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ شىرئەلى.

گۈلزامان پەس ئاۋازدا ئارانلا:

— باغقا ئېلىپ بارايلى، — دەپتۇ.

شىرئەلى ۋاقىتنى سوزماسلىق، گەپنى ئۇزارتىپ گۈلزاماننىڭ ئاران چىداپ تۇرغان يۈرەك ئازابىغا ئازاب قوشماسلىق ئۈچۈن، ئۈن - تىنسىز ھەرىكەت قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىنى سايىۋەنگە ئاۋايلاپ يۆگەپ قىپچىرغا تېڭىپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىپ باغقا يېتىپ كەلگىچە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشماپتۇ. ئۇلار باغقا كەلگەن كۈنىلا ئىسكەندەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى ئاق يىپەك رەختتە كېپەنلەپ قىزىلگۈل تۈۋىگە دەپنە قىپتۇ. بىر نەچچە كۈن قاتتىق قايغۇ - مۇسىبەت بىلەن ئۆتۈپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— سىز كېتىڭ، مەن باغدا قالىمەن! — دەپتۇ گۈلزامان. شىرئەلى ئارتۇق گەپ قىلمايلا باغدىن كېتىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن بىرنەچچە كېنىزەك ۋە مۇلازىم خادىملارنى بىللە ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ.

— سىز ئۆمرىڭىزنى ئىسكەندەرىڭىزنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكۈزمەكچى، يالغۇز قالسىڭىز بولمايدۇ. بۇ كېنىزەكلەر خىزمىتىڭىزدە بولسۇن، — دەپ بىر كۈنمۇ تۇرماي، كەلگەن كۈنىلا قايتىپ كېتىپتۇ.

گۈلزامان شىرئەلىگە چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ، شىرئەلى كەتكەندىن كېيىن، گۈلزامان كېچە - كۈندۈز ئىسكەندەرنىڭ

قەبرىسىدىن نېرى بولماپتۇ. ئۇنىڭ روھىغا
ئاتاپ كۈندە ياغ يۇرىتىپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ
ئۆلۈم پاجىئەسى، چۆلدە قالغان جەسەت،
قاغا ـ قۇزغۇنلار غاجاپ، ئاقارتىپ قويغان
سۆڭەك... بۇلار گۈلزامانىنىڭ مېڭىسە ـ ئە-
سەبلىرىگە قاتتىق تەسىر قىلغاچقا، كۈنلەر
ئۆتكەنسېرى، ئىسكەندەردىن باشقا ھېچ-
قانداق نەرسە ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالىغا
كىرمەيدىغان بوپتۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنى،
قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىمۇ ئويلىمايدىغان
بوپتۇ. ئادەملەرنى يۈسۈپ قاۋاندەك قا-
راقچى، ياۋۇز، دەپ قارايدىغان، شۇنداق
ياۋۇز، ئادەم سىياقىدىكى مەخلۇقلارنى ئۆز
باغرىدا بېقىپ يۈرگەن بۇ دۇنيادىن تېز-
رەك كېتىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.
ئۇ مۇشۇ نىيەتتە كۈندە خۇدادىن ئۆلۈم
تىلەپ يىغلايدىكەن. يىغا ـ ئىلتىجا بىلەن
ئون يىل ئۆتۈپتۇ. يېشى ئوتتۇزغا بېرىپلا
دەرد ـ ئەلەم، جۇدالىق، قايغۇ ـ مۇسىبەتتە
قېرىپ، بەللىرى مۈكچىيىپتۇ، چاچلىرى
قاردەك ئاقىرىپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز يىغلاۋەر-
گەچكە، كۆز يېشىمۇ قۇرۇپتۇ. بۇ ئون يىل
ئىچىدە باغدىكى دەل ـ دەرەخلەرمۇ بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرى قۇرۇپتۇ، گۈللەر قورايغا
ئوخشاپ قاپتۇ. باغ ئاستا ـ ئاستا چۆلدە-
رەشكە باشلاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ گۈل-
زامان بۇ باغنى بۇرۇنقىدەكلا جەننەت
ئورنىدا كۆرۈپ، كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ
كەپتۇ. گۈلزامان ئوتتۇز ياشقا تولغان كۈنى
ئۇنىڭ ئاھۇ ـ زارلىق ئىلتىجاسى خۇداغا
يېتىپ بەجا بوپتۇ. تۈنجى قار ياغقان
بىر كۈنى ئىسكەندەرنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىلا
بۇ دۇنيادىن جىم ـ جىملا ئەبەدىي خوش-
لىشىپتۇ. كېنىزەك ـ خىزمەتكارلار يىغا-
زار ئىچىدە ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى
تەلىپى بويىچە ئىسكەندەرنىڭ قەبرىسىنىڭ
يېنىغىلا دەپنە قىپتۇ.

گۈلزامان كۆز يۇمغان يىلى ئەتىياز-
دىن باشلاپ بۇرۇن يىلبويى ئېچىلىپ
تۇرىدىغان قىزىلگۈل باھاردىلا ئېچىلىپ،
بىر مەزگىلدىن كېيىن توزۇپ كېتىدىغان
بولۇپ قاپتۇ. بۇرۇن يىلبويى بەرگ.
يوپۇرماقلىرىدا شەبنەم كۈمۈشتەك يالتىراپ
تۇرىدىكەنتۇق. بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق-
لارغا تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇغاندەك
يوپۇرماقلىرى قۇرغاقلىشىپ قاپتۇ. قىزىلگۈل
توغرىسىدىكى بۇ رىۋايەت-چۆچەك ئەۋلادتىن-
ئەۋلادقا پاك ـ مۇھەببەتنىڭ، شەپقەت ـ
ۋاپادارلىقنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، خۇددى
تارىم سۈيىدەك ئۈزۈلمەي ئېقىپ كەلدى.
بوۋام دادامغا ئېيتىپ بەرگەنىكەن، دادام
ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. مەن سىلەرگە ئېي-
تىپ بەردىم.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: **ھېيت ئاخۇن، تۇراخان.**

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مويىدىن سايىت.**



# مەلىكە ھۆسنىبانۇ

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا زىيۋەر شاھ ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا يۇرتلارنىمۇ ئۇرۇش قىلىپ قولغا كىرگۈزۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ھەددى-ھېسابسىز ئىكەن. ئۇ: «ئەمدى ئارمانىمغا يەتتىم، جاھاندا ماڭا يېتەلەيدىغان ھېچقانداق كىشى بولمىسا كېرەك» دەپ بەخت تەلىيىدىن مەغرۇرلىنىپتۇ. ھەممە «مېنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىممۇ شۇنداق بەختلىك ۋە غالىب ئۆتەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ پالچى ۋە مۇنەججىملەرنى يىغىپ قۇرئە سالدۇرۇپتۇ. قۇرئىدا: «پادىشاھى ئالەمنىڭ پۈتۈن ئەۋلادى بەختلىك ئۆتىدىكەن، لېكىن 20 - ئەۋلادى بىر قىز بولۇپ، ئۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇشۇ يۇرتلارغا كېلىپ سەرگەردان بولۇپ، نۇرغۇن قىيىنچىلىق تارتىدىكەن، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ياردەمچى چىقسىلا بەختلىك بولۇپ كېتىدىكەن...» دېگەنلەر چىقىپتۇ.

زىيۋەر شاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوردىدىكى بارلىق دانىشمەنلەرنى، ئۆلىمالارنى، يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى پېچەتلەپ، 20 - ئەۋلاد قىز نەۋرىسىگە ئاتاپ خەت مۆھۈر قىلىپتۇ. شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن دەريانىڭ ئۈستىنى يېپىپ، بىرلا بۇلاقنى ئوچۇق قالدۇرۇپتۇ. بەش - ئون ئۆيلۈك ئادەمنى شۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ جاھاندارچىلىق قىلىشقا بۇ يەردە قالدۇرۇپتۇ. ئاخىرى بۇ گۈزەل يۇرتنى چۆل - جەزىرە، خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى باشقا جايغا يۇرت بىنا قىلىپ، جاھان سوراپ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ باشقا ئەۋلادلىرىمۇ زىيۋەر شاھ كېيىن بىنا قىلغان شۇ يۇرتتا ئۆتۈپتۇ.

پەلەك چاقى ئايلىنىپ زىيۋەر شاھنىڭ 20 - ئەۋلادىغا شاھلىق نۆۋىتى كەپتۇ. بۇ شاھنىڭ ئىسمى نەۋرۇز ئىكەن. نەۋرۇز شاھنىڭ گۈزەللىكتە ئاينى خىجىل قىلغۇدەك بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ئايجامال ئىكەن. ئايجامال بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا نۇرغۇن شاھزادە، بەگزادىلەر، باتۇر يىگىتلەر ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالالماپتۇ. ئاخىرى قىزغا ئەلچى كەلمەيدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى ئايجامال سەيلىگە چىقماقچى بولۇپ دادىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ. نەۋرۇز شاھ شەھەر خەلقىگە: «بۈگۈن قىزىم سەيلىگە چىقىدۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۆزىنى چەتكە ئالسۇن. بولمىسا، ئۆز ئۆۋالى ئۆزىگە» دېگەن مەزمۇندا پەرمان چىقىرىپتۇ. شۇ كۈنلەردە باشقا يۇرتتىن خوجا ئەزىز ئىسىملىك بىر سودىگەر يىگىت بۇ يۇرتقا كېلىپ قالغانىكەن. ئۇ كوچا ئارىلاپ يۈرسە توساتتىن كوچىدا قىيا - چىيا

كۆتۇرۇلۇپ، قاچ ـ قاچ بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇمۇ
دەرهال ئۆزىنى بىر دالدىغا ئاپتۇ. دەل شۇ
ۋاقىتتا مەلىكە ئولتۇرغان مەپە ئۇنىڭ ئالدىغا
يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا بىر شامال چىقىپ
مەپىنىڭ مىلەگزىسى كـۆتۇرۇلۇپ كېتىپتۇ.
قىز خوجا ئەزىزنى كـۆرۈپ قـاپتۇ. ئۇنىڭ
كۆزىدىن چىققان ئوت، دەل خوجا ئەزىز-
نىڭ يـۈرىكىگە تۇتىشىپتۇ. ئايجامالمۇ شۇ
كۈندىن باشلاپ ساماندەك سارغىيىشقا باش-
لاپتۇ. ئىنىكئانىسى قىزنىڭ بۇ هالىنى كۆ-
رۈپ، بىر نەرسىنى پەملىگەندەك قىپتۇ. بىر
نەچچە كـۈن ئـۆتكەندىن كېيىن ئايجامال
قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قـاپتۇ. پۈتۈن شە-
هەردىـكى تېۋىپلارمۇ ئۇنىڭ كېسلىگە داۋا
تاپالماپتۇ. بىر كۈنى ئىنىكئانىسى ئايجامالغا:

ـــ بـالام، سىلىنىڭ كېسەللىرىگە بىر
گۇمانىم بـار، ـــ دەپتۇ.

ـــ قـانداق گۇمانلىرى بـار؟ ـــ دەپ
سوراپتۇ ئايجامال.

ـــ قىزىم، سەيلىگە چىقىپ پالانى يەر-
گە بـارغانـدا مەپىنىڭ ئىشـكى ئېچىلىپ
كېتىپ بىر ئىسسىق شامال كېلىپ پېشانىلى-
رىگە تېگىپتـۇ. ئەمـدى بۇنىڭـغا بىر ئامال
ئىزدەيلى، ـــ دەپتۇ ئىنىكئانا.

ـــ دەل كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز ئانا، ـــ
دەپ خـۇشال بوپتۇ ئايجامال.

ئەمدى گەپنى سودىگەر يىگىت خوجا
ئەزىزدىن ئاڭلايلى، خوجا ئەزىز ئايجامالنى
كۆرگەندىن كېيىن پۇت ـ قـوللىرى بوشاش-
قان، رەڭگى ـ روهى تاتارغان هالدا سارايغا
قايتىپ كەپتۇ. شۇندىن باشلاپ مەيدىسىنى
نەم يەرگە يېقىپ، يىلانـدەك تولغىنىپ بى-
هوش بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئىنىك-
ئا ئايجامالغا ۋە كېنىزەكلەرگە زىبۇ ـ زىنـ-
نەت، كىيىم ـ كېچەك ئالغىلى بـازارغا بې-
رىپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ يـۈرۈپ خـوجا ئەزىـز
چـۈشكەن كارۋان سارىيىغا كېلىپ قـاپتۇ.
قارىغۇدەك بولسا، يـۈزى ئاپتاپتەك نۇرانە،
قـامىتى سەرۋىـدەك كېلىشكەن بىر يىگىت
كېسەل هالەتتە ياتقۇدەك. موماي: «ئايجامال
قىزىم كۆيۈپ قالغان هېلىقى يىگىت شۇبۇ
يىگىت بولۇپ قالمىغاي يەنە» دەپ ئويلاپ:

ـــ بالام، مەن باش ئاغرىقى دورىسى
ئىزدەپ كـېلىۋىدىم، ئۆزلىرىدە بـارمىدۇ؟ ـــ
دەپ سوراپتـۇ.

ـــ موما، ـــ دەپتـۇ خوجا ئەزىز، مەن
بۇ يەرگە مۇساپىرمەن، مەندە دورا نېمىش
قىلسۇن، مانا كۆرۈۋاتقان هالىم يـوق ياتىمەن.

ـــ هەي بالام، مەن پادىشاهنىڭ قىزى
ئايجامالـنىڭ ئىنىكئانىسى بولىمەن. قايسى
كـۈنى سەيلىگە چىققاندا تـۆت كـوچىنىڭ
دوقمۇشىدا مەلىكىنىڭ مەپىسىنىڭ مىلەگزىسى
قايرىلىپ كېتىپ شامال تېگىپ قـالغان ئىـ-
كەن، شۇنىڭغا دورا ئىزدەپ يۈرىمەن، ـــ دەپـ-
تۇ موماي مەنىلىك قىلىپ.

خـوجـا ئەزىـز «هـە، بۇ مـومـاي
مېـنىڭ ئـاشـقـىـنىڭ دورىـسىنى
ئىزدەيدىكەن ـ دە،» دەپ ئويلاپ هـوشىنى
تېپىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە:

ـــ هەي موما، شۇ قـىزنىڭ ۋەسلـىگە
يېتىشىم ئۈچۈن سـىز ماڭا ياردەم قىلىسـ-
ىڭىز... ـــ دەپتۇ. موماي يىگىتنى مەقسىتىـگە
يەتكۈزۈشـكە ۋەدىـلەر بېرىـپ، ئۇنىڭدىن
نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئېلىپ قـىزنىڭ
قېشىغا بېرىپتۇ ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىـنى
باشتىن ـ ئاياغ بايان قىلىـپ بېرىپتۇ. قـىز
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ هوشىغا كەپتۇ. هەمدە
ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەپتـۇ. يىگىتمـۇ بۇ
ئىشـتىن خەۋەردار بولۇپ، خـۇشال بولۇپ
ئوڭشىلىپتۇ.

قىز بىر كۈنى «ئەمدى يىگىت دادام-
غا ئەلچى قويسۇن، چۈنكى دادام كىمنى خالساڭ
شۇنىڭغا بېرىمەن، دېگەن. مەن بۇ يىگىتنى
ئىختىيار قىلدىم» دەپتۇ ئىنىكئانىسىغا.

بىر نەچچە كۈنــدىن كېيىن خــوجا
ئەزىز شەھەردىكى مۆتىۋەرلەردىن بىرقانچە-
سىنى ئوبــدان رازى قىلغانــدىن كېيىــن،
ئۇلارنى نەۋرۇز شاھنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە
ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ يىگىتنىڭ ئەسلى نەسە-
بىنى سۈرۈشتە قىلسا ئۇمۇ بىر ئېسىلزادى-
لەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئۆيدىكىلەر بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ باقاي، دەپ ئەلچىلەرنى قاي-
تۇرۇپتۇ. ئاندىن قىزىنى بۇ ئىشتىن خەۋەر-
لەندۈرگەنىــكەن، ئايــجامال دەرھال ماقۇل-
لۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئايجا-
مالنى خوجا ئەزىزگە نىكاھلاپ، قىرىق كېـ-
چە-كۈندۈز توي قىلىپ ئۇلارنى مۇرادىــغا
يەتكۈزۈپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ-
لاردىن بىر قىز پەرزەنت تۇغۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ
ئىسمىنى ھۆسنبــانۇ قويۇپتــۇ. ھۆسنبانۇ
بارا-بارا چوڭ بوپتۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنى
موللىغا ئوقۇغىلى بېرىپتۇ. ھۆسنبانۇ ناھا-
يىتى تىرىشچان ۋە ئەقىلــلىق بولغاچقا پات
ئارىدا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىــلەپتــۇ. ئۇ
بارا-بارا جان-جانــۋار ۋە قۇشــلارنىڭ
تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجا ئەزىز يۇر-
تىدىــكى ئاتا-ئانىسىنى كــۆرۈپ كېلىــشكە
قېيىن ئاتىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ.

خوجا ئەزىز پادىشاھــنىڭ رۇخســـتى
بىلەن خوتۇنىنى، قىزىــنى ۋە ئىنىكئانىسىنى
بىللە ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

خوجا ئەزىز نەۋرۇز شاھنىڭ شەھرى-
دىن چىقىپ نەچچە زامان يول يۈرگەندىن
كېيىــن ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتــۇ. بۇ
شەھەرنىڭ پادىشاھـــى بۇرۇن نەۋرۇز شاھ
بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغــىر زەربە يەپ،
ئىچىدە ئاداۋەت ساقــلاپ يــۈرگەنــىكەن.
خوجا ئەزىزنىڭ نەۋرۇز شاھقا كۈيئوغۇل بولغان-
لىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ
خــوجا ئەزىــزنىڭ ئاتا-ئانىسىنى چېپىــپ
تاشلىغانىكەن. ئەمما خــوجا ئەزىز بۇ ئەھ-
ۋاللاردىن خەۋەرسىز ئىكەن. پادىشاھ خوجا
ئەزىــزنىڭ ئايالــىنى ئېلــىپ كېلىۋاتقانلى-
قىنى ئاڭلاپ «ئۇلار كەلگەن ھامان چېپىپ
تاشلانسۇن!» دەپ بۇيــرۇق چۈشــۈرۈپتــۇ.
تاڭ سەھەردە خوجا ئەزىز بالا-چاقىسىنى
ئېلىپ شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىن كەپتۇ.
بۇ چاغدا ھۆسنبانۇ ئىنىكئانىسى بىلەن بىللە
ھاجەتكە كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا تۇسات-
تىن پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى يېتىپ كېلىپ،
شاھنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداپتۇ. بۇ ئەھۋالنى
يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان ئىنىكئانا بىلەن
ئايجامال دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزلىرى-
نى دالدىغا ئاپتۇ.

ئايلار ئۆتــۈپتــۇ، يىلــلار ئۆتۈپتۇ.
ھۆسنبانۇ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىكئانىسى كېچە-
كۈندۈز خۇداغا نالە-زار قىلــىپ يىــغلاپ
يۈرۈپ بىر خارابىلىكتىكى كۆكلەمزارلىقــقا
كېلىپ قاپتــۇ. قارىــسا زۇمرەتــتەك سۈپ-
سۈزۈك بىر بۇلاق تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇلاق
بويىــدا ئولتــۇرۇپ ئارام ئاپتــۇ. قىــزنىڭ
پۇت-قوللىرىدىن ماغدۇر كېتىــپ تولىمــۇ
ھالسىزلىنىپ كەتكەنىكەن. بۇلار بۇلاق يېنىدا
قونۇپ قاپــتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇلار
ئىككى قاغىنىڭ بىرى-بىرى بىلەن چوقۇ-
شۇپ، ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتــۇ.
بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن
بىر نەرسە پىلدىرلاپ يەرگە چۈشــۈپتۇ.



ھۆسنىبانۇ بېرىپ قارىسا گىياھنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى ئىكەن. ئۇ «بۇ يوپۇرماقتا بىر خاسىيەت بولمىسا ئىككى جانىۋار بۇنچىۋالا تالاشماس ئىدى» دەپ يوپۇرماقنى ئېلىپ ئېغىزىغا سېپتۇ. قاغىلار بىر - بىرسىگە ئاچچىقلاپ: «بىز ئاران ئېلىپ چىققان نەرسە خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى خاسىيەت شۇلارغا بولىدىغان بولدى» دېيىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بۇ يەرگە ئىككى شاتۇتى ئۇچۇپ كېلىپ چىنارنىڭ شېخىغا قونۇپتۇ ۋە دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمزاتنى كۆرۈپ: «بۇمۇ تىلسىم دەرەخ، بۇ بۇلاقنىڭ ئاستى ناھايىتى چوڭ دەريا، مۇشۇ چىنار تۈۋىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ يەتتە قەدەم ماڭسا يەر ئاستىدا خەزىنە بار...» دېيىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قىز قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بولغاچقا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىدىن كېيىن ئىنىكئانىسىنى ئېلىپ ھېلىقى دەرەخ تۈۋىدىن كۈنچىقىشقا يەتتە قەدەم مېڭىپ بىر قوم دۆۋىسىنى كۆرۈپتۇ. قىز قوم دۆۋىسىگە قولىنى تىققانىكەن بىر گۆرجەك چىقىپتۇ. ئۇ قوم دۆۋىسىنى كولاۋېرىپتۇ. بىر چاغدا چوڭ بىر دەرۋازا كۆرۈنۈپتۇ. دەرۋازىغا مۇشتۇمدەك قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئاچقۇچى قۇلۇپنىڭ يېنىغا ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. ئىشىككە «بۇ قۇلۇپنى ھۆسنىبانۇدىن باشقا ئادەم ئاچالمايدۇ» دېگەن خەت يېزىقلىق ئىكەن. ھۆسنىبانۇ دەرۋازىنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇنىڭ ئىچى ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەر - ياقۇتلار لىق تولدۇرۇلغان بىر خەزىنە ئىكەن. ھۆسنىبانۇ مومايغا:

— سىز بېرىپ بازاردىن ماڭا بىر قۇر ئەرەنچە كىيىم ئېلىپ كېلىڭ، — دەپ بىر يامبۇنى تۇتقۇزۇپ يولغا سېپتۇ.

قىز ئەرەنچە ياسىنىپ، شەھەرگە كىرىپتۇ. شەھەردىن بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى، نەققاشلارنى ۋە نۇرغۇنلىغان مەدىكارلارنى باشلاپ كېلىپ، ئۆز پىلانى بويىچە بۇ خارابىلىكنى باغۇ - بوستانلىق شەھەرگە ئايلاندۇرۇپتۇ. نۇرغۇنلىغان كەمبەغەل - مۇساپىرلار بۇ شەھەرگە كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. بۇ شەھەر كۈندىن - كۈنگە ئاۋاتلىشىپتۇ. ھۆسنىبانۇ بۇ شەھەرگە پادىشاھ بوپتۇ.

نەۋرۇز شاھ قىزى بىلەن كۆيئوغلىنى يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكى ياكى خەۋىرى بولماپتۇ. پادىشاھ ئامراق قىزى ۋە ئوماق نەۋرىسىدىن ئايرىلىپ كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان،

يېگەن غىزاسى سىڭمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.
كۆڭۈللەر ئۆرتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈ-
نى ۋەزىرلىرى پادىشاھنى ھاۋا يېڭىلىتىپ
كۆڭلىنى ئېچىپ كېلىش ئۈچۈن شىكارغا
ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇلار تۇساتتىن ھۆسنىبانۇ
شاھلىق قىلىۋاتقان يېڭى شەھەرگە كېلىپ
قاپتۇ. ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئەسلىدە ۋەيرانە
بىر قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، «بۇ
نېمە كارامەتتۇ» دېيىشىپ ھەيران قالغىنى-
چە شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپتۇ. ئۇلار
ئايلىنىپ - ئايلىنىپ پادىشاھنىڭ سارىيىغا
كېلىپ قاپتۇ. ھۆسنىبانۇ سارايغا كىرىۋات-
قان شاھ بوۋىسى ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرىنى
تەخت - ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا تونۇۋاپتۇ. ئۇ
ۋەزىر باشلىق بىرقانچە مۇلازىملارنى ئۇلار-
نىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، مېھمانخانىغا باشلاپ-
تۇ. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلى-
نىپ ئېسىل نازۇ - نېمەتلەر تارتىلىپتۇ.
تاماقتىن كېيىن ھۆسنىبانۇ مېھمانلارنىڭ
ئالدىغا كىرىپتۇ. نەۋرۇز شاھ ياشنىپ قال-
غانلىقى شۇنداقلا ھۆسنىبانۇ ئەمدىلا 5 -6
ياش چېغىدا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن-
لىكى ئۈچۈن ئۇنى زادىلا تونۇيالماپتۇ.

ھۆسنىبانۇ نەۋرۇز شاھتىن:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىلىنىڭ
ھۆسنىبانۇ ئىسىملىك بىر نەۋرىلىرى بار-
مىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھ كۆزىگە ياش
ئالغان ھالدا:

— ئەي ئوغلۇم، مەن ئۇ يۈرەك
پارەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۆزۈم
خىرە، يۈرىكىم زېدە بولدى. ئەگەر ئۇنىڭ
بىرەر خەۋىرىنى ئاڭلىسام، ئۆلسەممۇ كۆزۈم
يۇمۇلغان بولار ئىدىم. قېنى ئوغلۇم، ئېيتە،
مېنىڭ ئۇ كۆز نۇرۇم، بۇلبۇلۇم بۇ دۇنيا-
دا بارمۇ؟ — دەپتۇ.

ھۆسنىبانۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن سە-
پەرگە چىقىپ، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغىنى-
دىن باشلاپ يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ-
بىر سۆزلەپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ بېشىدىكى سەل-
لىسىنى ئالغانىكەن، قىرىق تال كوكۇلىسى
يىلاندەك يامراپ چۈشۈپتۇ. نەۋرۇز شاھ
ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ ئۆز قىزى ئاي-
جامالغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاشلىقىنى
كۆرۈپ، بۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى ھۆ-
سنىبانۇ ئىكەنلىكىگە راستىنلا ئىشىنىپتۇ.

— ئاھ، جېنىم بالام، — دەپ پادىشاھ
ھۆسنىبانۇنى باغرىغا بېسىپتۇ.

نەۋرۇز شاھ ھۆسنىبانۇنى تەخت ۋارىسى
دەپ جاكارلاپتۇ. ھۆسنىبانۇ ئىككى شەھەرنى
بىرلەشتۈرۈپ بىرقانچە ۋاقىت بوۋىسى بىلەن
بامەسلىھەت يۇرت سوراپتۇ. كېيىن ئۇ
خەلقپەرۋەر، بىلىملىك، باتۇر بىر يىگىتنى
تاللاپ ئۇنىڭغا ياتلىق بوپتۇ. ئۇلار يۇرتنى
ئادىللىق بىلەن سوراپ، خەلقلەرنى بايا-
شات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپتۇ. ئۆزلىرىمۇ
ئىناق، بەختلىك ھالدا ئۆمۈر ئۆتكۈز-
گەنىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **جامال.**

تويلاپ رەتلىگۈچى: **تۇرسۇنمۇھەممەت ساۋۇت.**



# بېلىقچى بوۋاي بىلەن سۇ پەرىسى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېلىقچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بېلىق تۇتقىلى چىقسا دائىم تورىغا بىر جۈپ بېلىق چىقىدىكەن. ئۇ بېلىقلارنىڭ بىرىنى مومىيى بىلەن ئىككىسى پىشۇرۇپ يېسە، يەنە بىرىنى سېتىپ تۇرمۇش راسخوتى قىلىدىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي دەريا بويىغا بېرىپ ئادىتى بويىچە دەرياغا تور تاشلاپتۇ، ئەمما تورغا ھېچ نەرسە چىقماپتۇ. ئۇ كەينى-كەينىدىن ئۈچ قېتىم تور تاشلاپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا تورغا بىر تال ئالتۇن بېلىق ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بوۋاي بېلىقنى قولىغا ئېلىشىغا تۇساتتىن بېلىققا زۇۋان كىرىپ:

— ھەي بوۋاي، ماڭا رەھىم قىلىپ مېنى قويۇۋەتسەڭ، مەن سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنۇتمايتتىم، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋايىنىڭ بېلىققا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى دېڭىزغا قويۇۋېتىپتۇ.

بوۋاي ئەتىسى يەنە دېڭىز بويىغا بېرىپ تور سالغانىكەن، يەنە ھېلىقى ئالتۇن بېلىق تورغا چۈشۈپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇ بوۋايغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. بوۋاي بېلىقنى يەنە قويۇۋېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بوۋايىنىڭ تورىغا يەنە شۇ ئالتۇن بېلىق چىقىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي بېلىققا:

— ھەي بېلىق، ئۈچ كۈندىن بېرى مەن سېنى قويۇۋەتكەچكە مومىيىم بىلەن ئىككىمىز ئاچ قالدۇق. بۈگۈن سېنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، — دەپتۇ.

— مەن مۇشۇ دېڭىزدىكى بېلىقلارنىڭ پادىشاھى بولىمەن، — دەپتۇ ئالتۇن بېلىق، — مېنىڭ كۈندە بىر قېتىم سۇ يۈزىگە چىقىپ سەيلى قىلىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. ئەمما ئۈچ كۈندىن بۇيان ھەر كۈنى سېنىڭ تورۇڭغا چۈشۈپ قېلىۋاتىمەن. ئەگەر سەن مېنى بۈگۈنمۇ قويۇۋەتسەڭ، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەر ئىدىم.

بوۋاي بېلىقنى قويۇۋېتىپتۇ. بېلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا تەكلىپ قىپتۇ. بوۋاي بېلىقنىڭ كەينىدىن دېڭىزغا چۈشۈپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنى تاملىرى مەرمەردىن قوپۇرۇلغان ھەشەمەتلىك بىر ئوردا ئىچىدە كۆرۈپتۇ. پۈتۈن ئەتراپ ئالتۇن-كۈمۈش، گۆھەر، سەدەپلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئالتۇن كۇرسىلارغا ياقۇت كۆزلەر ئورنىتىلغانىمىش. بوۋاي ئوڭىدا تۈگۈل چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ نەرسىلەرگە تويماي قاراپ تاماشا قىپتۇ. بىر چاغلاردا بېلىق پادىشاھ:

— ھەي بوۋاي، بۇ مېنىڭ ئوردام بولىدۇ. بۇ يەردە ھەممە نەرسە بار. نېمىنى خالىساڭ تارتىنماي دېگىن. مەن سېنى رازى قىلاي، — دەپتۇ.



— نېمە بەرسەڭ مەيلى، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا، مەندە بىر ساندۇق بار، ئۇنىڭ ئىچىدە سۇ پەرىسى دەپ ئاتىلىدىغان، بېلىقمۇ، ئادەممۇ بولالايدىغان، ئەقىل - پاراسەت، ھۆسن - جامالدا يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق بىر قىز بار. مەن شۇ ساندۇقنى ساڭا بېرەي. سەن ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش غېمىدىن خالاس بولىسەن. ئەمما سەن يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن چوقۇم ساندۇقتىكى قىزنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش تۇتۇشۇڭ كېرەك، — دەپتۇ بېلىق پادىشاھ.

بېلىق پادىشاھى بوۋايغا يەنە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى سوۋغا قىلىپ ئۇنى يەر يۈزىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. بوۋاي يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا ساندۇق ئىچىدىن ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز چىقىپتۇ. بوۋاي قىزنىڭ گۈزەل ھۆسن جامالىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئۇ: «ئەگەر مەن ياش يىگىت چېغىمدا بۇ قىز ماڭا ئۇچرىغان بولسا، مەن بۇنى ئۆز ئەمرىمگە ئالغان بولاتتىم. مەن ھازىر يىگىت ھالىتىمگە قايتىپ قالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

— ئەي سۇ پەرىسى، — دەپتۇ بوۋاي، — بېلىق پادىشاھى سىزنى ۋە بۇ دۇنيا - دەپىنلەرنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. ئەگەر مەن ياش بولغان بولسام سىزنى ئۆز ئەمرىمگە ئېلىپ، خۇشال - خۇرام، بەختلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن بولاتتىم. بىراق مەن ياشىنىپ، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بىر ياشانغان ئايالىم

بار. بۇنداق ئەھۋالدا سىزنى ئېلىپ
شەھەرگە بارسام، سىزگە باشقىلارنىڭ كۆزى چۈ-
شىدۇ. ئۇلار سىزنى مال - دۇنيالىرىم بىلەن
بۇلاپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟

— ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز مېنىڭ
بىر ياخشى مەسلىھىتىم بار، - دەپتۇ سۇ
پەرىسى.

— قېنى سۆزلەپ بېقىڭ، — دەپتۇ
بوۋاي.

— مەن ياشنى قېرى، قېرىنى ياش
قىلالايمەن. مەن سىزنى ياش يىگىت ئەس-
لىڭىزگە قايتۇراي. ئاندىن بىز ئۆيىڭىزگە
كېتەيلى، يولدا بىرەرسى ئۇچراپ قالسىمۇ
ماڭا يامان كۆزدە قاراشقا جۈرئەت قىلال-
مايدۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن مەن مو-
ماي ئىككىڭىزلەرنىڭ ئۆمۈر بويى خىزمىتى-
ڭىزلەرنى قىلاي، — دەپتۇ سۇ پەرىسى.

— ئۇنداق بولسا، دېگىنىڭىزدەك بول-
سۇن، — دەپتۇ بوۋاي ئالدىراپ.

— لېكىن بىر شەرتىم بار، مەن
بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلمايسىز،
مومىيىڭىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيسىز، -
دەپتۇ سۇ پەرىسى.

بوۋاي ئەگەر ياش ھالىتىگە كەلسىلا
ئۆزىنىڭ مومىيىنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقى
ۋە سۇ پەرىسگە يامان كۆزدە قارىمايدىغان-
لىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ، شۇنىڭ
بىلەن سۇ پەرىسى بوۋايغا:

— كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، - دېگەنىكەن،
بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپتۇ، سۇ پەرىسى بىر
ئۇچۇم سۇنى بوۋايغا چېچىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
بوۋاينىڭ بەدىنى ئاستا - ئاستا قىچىشقاندەك،
پەيلىرى تارتىشقاندەك بولۇپ بەدەنلىرى
قىزىپ، چىڭىپتۇ. بىر چاغدا بوۋاي كۆزى-
نى ئېچىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۆزى-
نىڭ مۈكچەيگەن بەللىرى تۈزلىنىپ يۈز -
كۆزلىرىدىكى قورۇقلار يوقاپ، ساقال - بۇ-
رۇتلىرى قارىيىپ، ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋەت
ئۇرغۇپ تۇرغۇدەك..... ئىشقىلىپ بوۋاي
بىر دەمدىلا خۇددى 25 ياشلاردىكى بىر
نەۋقىران يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇ چاغ-
دا ئۇ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ قىزغا
قاراپتۇ. قىز ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ
نەچچە ھەسسە چىرايلىق ۋە يېقىملىق
كۆرۈنۈپتۇ. يۈرىكىدە قىزغا چوڭقۇر ئىش-
قى - مۇھەببەت پەيدا بوپتۇ. بېلىقچى بو-
ۋاي مومىيى ۋە قىزغا باياتىن بەرگەن ۋە-
دىسى ئېسىگە كېلىپ قىزغا ھېچ نەرسىنى
سەزدۈرمەي، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە
بېرىپتۇ. موماي ئېرىنى پەقەتلا تونۇيالماپ-
تۇ. بېلىقچى بوۋاي ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن
ۋەقەلەرنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بەرگەندىن
كېيىن، خوتۇنى ئېرىگە سەپسېلىپ قارىسا
راستىنلا ئۆز ئېرىنىڭ ياش ۋاقتىغا بەكمۇ
ئوخشاپتۇ. موماي ئېرىنىڭ نۇرغۇن مال-
دۇنيا ۋە بىر خىزمەتچى قىز ئېلىپ كەل-
گەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش-
كە باشلاپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى
قىپتۇ، بېلىقچى بوۋاي ھەشەمەتلىك ئاي-
ۋان - ساراي، گۈزەل باغ ياسىتىپتۇ. پات
ئارىدىلا بۇ يېڭى باينىڭ نام - شۆھرىتى ۋە
سۇ پەرىسىنىڭ داڭقى پۈتۈن شەھەرگە
پۇر كېتىپتۇ.

بىراق بېلىقچى بوۋاينىڭ سۇ پەرى-
سىگە بولغان ئىشتىياقى بارغانسېرى كۈچى-
يىپتۇ. سۇ پەرىسىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش،
بېلىقچى بوۋاينىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى
بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ سۇ
پەرىسگە:

ــ ئىككىمىز توي قىلساق قانداق؟ ــ
دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇ پەرىسىنىڭ
قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ:

ــ هەي بېلىقچى، پادىشاھىمىز ساڭا
مېنى ۋە نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى هەدىيە
قىلىپ، سېنى بىر دەمدىلا كاتتا بايغا ئاي ـ
لاندۇردى. باشقىلارنىڭ بوزەك قىلماسلىقى
ئۈچۈن مەن سېنى ياش يىگىتكە ئايلاندۇر ـ
دۇم ۋە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىپ كەلدىم،
سەن مۇشۇ كۈنلىرىڭگە شۈكرى قىلمامسەن؟
ئەگەر سەن ۋەدەڭــدە تۇرماي، بۇ سۆزنى
ئىككىنچى تەكرارلىساڭ، مەن سېنى ئەسلى
قېرى هالىتىڭگە كەلتۈرۈپ قويۇپ بېــلىق
پادىشاھىنىڭ قېشىغا كېتىمەن، ــ دەپتۇ.

بۇ سۆز بىلەن بېلىقچــى بوۋاي بىر ـ
ئاز پەسكويغا چۈشۈپتۇ. ئەمما سۇ پەرىسى
ئۇنىڭ كۆزىگە كۈندىن ـ كۈنگە چىرايلىق
كـۆرۈنـۈپ، موماي بولــسا بارغانــسېـرى
سەت، تــېـخـىـمـۇ قېــرى كــۆرۈنـۈشكە
باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى موماي ئاغرىــپ
يېتىپ قاپتــۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمــەي ۋاپات
بوپتۇ. بوۋاي كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى چاند ـ
دۇرماي يالغان يىغلاپتۇ. سۇ پەرىسى بو ـ
ۋاينىڭ قەدىنىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا
ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار مومايىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ـ
نى بىر تەرەپ قىپتــۇ، مومايىنىڭ قىرىق ۋە
يىل نەزىرلىرىنى ناهايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈپ
بېرىپتۇ. بۇ كۈنلەردە بوۋاي ئۆزىــنى سۇ
پەرىسىنىڭ ئالدىدا تولــمۇ بىچارە هالەتتە
كۆرسىتىپتۇ. هەممە ئىشلار بېسىققاندىن كېـ ـ
يىن بىر كۈنى بوۋاي سۇ پەرىسىگە تــوي
قىلىش تەلىپىنى قويۇپتۇ.

بۇ قېتىم سۇ پەرىسى بىر هازا ئويـ ـ
لىنىپ كېتىپ ئاخىرى ماقۇل بوپتۇ.

بىر كــۈنى بۇ شەهەرنىڭ پادىشاهــى
ئوۋغا چىقىپتــۇ. ئۇلار بېلىقچى بوۋايــىنىڭ
ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەنــدە، پادىشــاهىنىڭ
قولــىدىــكى قارچــىغىـــسى بوۋايــىنــىڭ
هــويلىسىغا چۈشــۈپ كېتىپتــۇ. پادىشاه
قارچىغىنى ئېلىپ كېلىشكــە ۋەزىــرىــنى
ئەۋەتــىــپتۇ. ۋەزىر بوۋاينىڭ دەرۋازىسىغا
كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۆيدىن
سۇ پەرىسى چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ۋەزىر
قىزنىڭ بوي ـ تۇرقى ۋە چىراي ـ شەكلىگە بىر
قۇر قارىغاندىن كېيىن، قارچىغىنى ئېلىپ،
كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ دەرهال پادىشاهنىڭ قې ـ
شىغا بېرىپ، هېلى كۆرگەن ساهىبجامالنىڭ
تەرىپىنى قىلىپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپـ ـ
تۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاه ۋەزىرىگە:

ــ سەن بېرىپ ئۇ نازىنىنــنى دەرهال
ئېلىپ كەل، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر بېرىپ بېلىقچى بوۋاينىڭ ئىشـ ـ
كىــنى چــەككەنىكەن، بوۋاي چىقىپ ۋەزىر ـ
نى ئىززەت ـ هۆرمەت بىلەن ئۆيگە باشلاپتۇ.
ۋەزىر بوۋاينىڭ هەشەمەتلىك ئايۋان ـ ساراي،
باغلىرىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ.

ــ مەن پادىشاهنىڭ ۋەزىرى بولىمەن.
پادىشاه مېنى بۇ ئۆيدىكى قىزغا ئەلچىلىككە
ئەۋەتتى...، ــ دەپتۇ ۋەزىر.

ــ بۇ ئۆيدىكى قىز مېــنىڭ خوتۇنۇم
بولىدۇ، پادىشاه بۇ نىيىتىدىن يانسۇن، مەن
بايلىق جەهەتتە پادىشاهتىن قېلىشمايــمەن،
پادىشاهقىمۇ هەرگىز هاجىتىم چۈشمەيدۇ، ــ
دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي.

بۇ گەپلەرنى ۋەزىر ئېيتقىماي ـ تېمىت ـ
ماي پادىشاهقا يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مەسلى ـ
هەت بېرىــپ:

ـــ ئەڭ ياخشىسى، ھېلىقى ئادەمنى مېھـ
مانغا چاقىرايلى. يەپ ـ ئىچىپ راسا قىزىغاندا
ئۇنىڭغا مۆكۈشمەك ئويناش توغرىسىدا تەكـ
لىپ بەرسىلە. قايىسىمىز تاپالمىساق شۇنىڭ خوتۇـ
نى ۋە مال ـ مۈلكى تېپىشۋالغان تەرەپنىڭ بولىدۇ،
دەپ شەرت قويسىلا. ئۇ ياخشىلىقـچە ماقۇل
دېسە مەن سىلىنى سېھرى ئىشلىتىپ، ھېچـ
كىم تاپالمايدىغان جايغا يوشۇرۇپ قويىمەن.
ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە مال ـ مۈلكى
شەكسىز سىلىنىڭ بولىدۇ. ئەگەر مۆكۈشـمەك
ئويناشقا ئۇنىمىسا، بىز ئۇنى زورلۇق كۈچى
بىلەن هامان ماقۇل دېـگۈزىمىز، ـــ دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقىمۇ يېقىپتۇ.
ئەتىسى ۋەزىر بېلىقچى بوۋاينى چاقىرغىلى
كەپتۇ. سۇ پەرىسى ئەھۋالنىڭ يامانلاشقانـ
لىقىنى سېزىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېلىقچى
بوۋاي بىلەن بىللە بېرىپتۇ. پادىشاھ قىزنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئۇ قىزـ
غا ئاشىقى شەيدا بولۇپ، ھوشىنى يوقىتىپلا
قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ كۈنى كەچكىچە نازۇـ
نېمەتلەر بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. كەچ
كىرگەندە بېلىقچى بوۋايغا مۆكۈشمەك ئويـ
ناش تەكلىپىنى قويۇپتۇ ۋە ھېلىقى شەرتـ
نى دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇ پەرىسى
دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـــ ئەگەر ئاشۇنداق شەرت بىلەن مۆـ
كۈشمەك ئوينىماقچى بولساڭلار ئالدى بىلەن
پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، ھەم
ئۇلار بۇ ئويۇننى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرـ
سۇن، ـــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كۆپچىلىك ئالدىدا
بېلىقچى بوۋاي بىلەن ھۆججەتلىشىپتـۇ ۋە
پادىشاھ بىرىنـچى بولۇپ مۆكۈپتۇ. سۇ پەـ
رىسى بېلىقچى بوۋايغا:

ـــ پادىشاھنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا بىر
ئالتۇن توقماق يۆلەكلىك تۇرىدۇ. سىز ئۇنى
ئېلىپ پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىڭ، ئۆينىڭ
قاپ ئوتـتۇرىسىدا مەرمەردىن ياسالغان بىر
تۈۋرۈك بار. توقماق بىلەن تۈۋرۈكنى كۈچـ
ڭىزنىڭ بارىچە بىرنى ئۇرسىڭىز پادىشاھ
تۈۋرۈكنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ؟ ـــ دەپتۇ.

شـۇنىڭ بىلەن بېلـىقچى بوۋاي سۇ
پەرىسىنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھنى تېـ
پىۋاپتۇ. ئەمدى مۆكۈش نۆۋىتى بېلىقچى
بوۋايغا كەپتۇ. سۇ پەرىسى بوۋاينى دەرـ
ھال سۇغا ئايلاندۇرۇپ ئىچىۋاپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىردىن مەسلىھەت سوراپـ
تۇ، ۋەزىر ھەر قانـداق قىلىپمۇ بېلىقچى
بوۋاينىڭ نەدىلىكىنى زادى بىلەلمەپتۇ. پاـ
دىشاھمۇ ئوردىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئىزـ
دەپ ھېچنەدىن تاپالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
پادىشاھ يېڭىلىپتۇ. لېكىن ئۇ ۋەدىسىدە
تۇرماي، ئۈچ قېتىمدىن مۆكۈشنى تەلەپ
قىپـتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئۈچلا قېتىمدا
بوۋاي پادىشاھنى تېپىۋاپتۇ، پادىشاھ
بوۋاينى پەقەت تاپالماپتۇ.

ئاخىرى ھۆججەت بويىچە پادىشاھـ
نىڭ قىرىق خوتۇنى، مال ـ مۈلكى ۋە تاـ
جۇ ـ تەختى بېلىقچى بوۋايغا مەنسۇپ بوپـ
تۇ. بېلىقچى بوۋاي سۇ پەرىسىدىن:

ـــ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ـــ دەپ
سوراپتۇ.

ـــ سىز پادىشاھلىق ئورنىدا ئولتۇرۇـ
سىز، مەن سىزگە مەسلىھەت بېرىپ يول
كۆرسىتىمەن. پادىشاھتىن قالغان قىرىق
خوتۇنغا كەلسەك، سىز ئۇلارنىڭ ھەر بىرىـ
نىڭ ئۆيىدە بىر كۈندىن تۇرىسىز. قىرىق
بىرىنچى كۈنى مېنىڭ قېشىمغا كىرىسىز، ـــ
دەپتۇ سۇ پەرىسى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەر كۈنى

كەچـتە يېڭى خـوتۇنلىرىـنىڭ بىرى بىلەن
بىللە بوپتۇ. ئۈچ ئايغىـچە سۇ پەرىـسىگە
قاراپمۇ قويـماپتۇ. بىر كـۈنى سۇ پەرىسى
بوۋايغا:

ــ ئەي كەرەمـلىك پادىشاھـى ئالەم،
سىز مېـنى ئۇنـتۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ ــ
دېـگەنـىكەن، يېـڭى پادىشاھ سۇ پەرىسىگە
غەزەپ بىلەن بىر قاراپـتۇ ـ دە:

ــ مەن كىم، سەن كىم؟ ئەمدى ماڭا
ئاقساقاللىق قىلـۋەرمە! نۆكەر! بۇ خوتۇنـ
نى دەرھال ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، ــ
دەپ ۋارقىراپتۇ. نۆكەرلەر سۇ پەرىـسىنى
ئوردىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ، بېلىقچى بوۋاينىڭ
ئۆزگىرىپ مۇشۇ هالغا كەلگەنلىكىگە ناھاـ
يىتى ئاچچىقى كەلگەن سۇ پەرىسى، ئاخـ
شىمى تۇيدۇرماي ئوردىغا كىرىپ يېڭى پاـ
دىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن ياتقان يېرىگە
بېرىپتۇ ۋە ئەپسۇن ئوقۇپ، پادىشاھنى ئەسـ
لىدىكى قېرى بېلىقچى هالىتىگە كەلتۈرۈپ
قويۇپ، بېلىق پادىشاھىـنىڭ يېنىغا كېتىپـ
تۇ. پادىشاھ ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا ساـ
قال ـ بۇرۇتـلىرى قـاردەك ئاقارغان، بېلى
مۈكچەيگەن، ئەسلىدىكى قېرى بوۋاي هالـ
ىتىگە كېلىپ قالغان. يېڭى خوتۇنـلىرى بۇ
نـاتونۇش قېرىنى كـۆرۈپ قورقۇپ، قىياـ
چىيا قىلـىشىپتۇ. شۇ چاغدا نۆكەرلەر كىـ
رىپ، بېلـىقچى بوۋايـىنىڭ «مەن پادىشاھ»
دېگىنىگە قۇلاقمۇ سالماي هالىدىن كەتكىچە
ئۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى ئوردىدىن هەيـدەپ چىـ
قىرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېلىقچى بوۋاي ئۆزىـ
نىڭ مال ـ دۇنيا ۋە سۇ پەرىسىگە شۈكرى
قىلماي، ئاقىۋەت مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالـ
غانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇغوپۇر ئابدىكېرىم

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا




## سەلەي چاققان① لەتىپىلىرىدىن

### قۇش بېقىش

يېڭىسلاردا بىر دەردمەن كىشى سەلەي چاققانغا ئۆزىنىڭ هال-ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ئەسلىدە باينىڭ قۇش باققۇچىسى ئىكەن: باي «قۇشۇمنى ئاچ قويدۇڭ...» دېگەن باھانە-سەۋەب بىلەن ئۇنى ئۆيىدىن هەيدەپ چىقىرىپ ئىش هەققىگە هېچ نەرسە بەرمىگەنىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي باينىڭ بازارغا قۇشچى ئىزدەپ چىققانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. سەلەي چاققان دەرهال باينىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— هەي، نېمە ئادەمسەن؟ قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپتۇ باي.

— ئوپالدىن كەلدىم، قەيەرگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

باي ئۇنىڭدىن:

— سەن قۇش باقالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باقىمەن. دادام رەھمەتى ئوۋچى ئىدى. قۇشنى مەنلا باقاتتىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

باي مۇنداق ياۋاش قۇشچىنى ئۇچراتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. شۇ پەيتتە بايغا ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدىن توي باغىقى كەپتۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا سەلەي چاققانغا:

— قۇشقا ئوبدان قارا، ياخشىراق باققىن، مايمىقىغا قاراپ ئوزۇقنى يەڭگۈشلەپ تۇر، — دەپ جېكىلەپتۇ.

سەلەي چاققان باينى راسا بابلىماقچى بولۇپ، بىر ئاپقۇر قېتىق ئېلىپ كىرىپتۇ-دە، قۇشقا بېرىپتۇ. قۇش ئىچمەپتۇ. ئۇ قۇشنىڭ ئاغزىنى يېرىپ ئىچۈرگەنىكەن، قۇش ئۆلۈپتۇ.

قۇشقا ھېرىسمەن باي كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشەر-چۈشمەيلا قۇشنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. قارىسا بىر قۇش ئۆلۈك ياتقۇدەك. باي تېرىكىپ سەلەي چاققاننى ئۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن سەلەي چاققان تەمكىنلىك بىلەن:

— باي ئاكا، كايىمىسىلا، ئۆزلىرى «قۇشنىڭ مايمىقىغا قاراپ ئوزۇق بەر» دېگەن ئىدىلە. مايمىقى ئاق ئىكەن. «قۇش ئاق نەرسە يەيدىكەن» دەپ پەملەپ قېتىق بېرىۋىدىم، بىرسى ئۆلۈپ قالدى. ئۆزلىرى

① «سەلەي ئەسلىدە چاقان (كۆك كۆز) ئىدى. شۇڭا «چاققان» ئەمەس، «چاقان» دەپ لەقەم ئالغان» دېگەن مەلۇماتلارمۇ بار.

دەپ باقسىلا، قۇش نېمە يەيتتى؟ بۇندىن كېيىن ئوبدان باقاي، — دەپتۇ.

* *

قۇش دەردىدە ئىچى ئېچىشقان باي بىر كۈنى سەلەي چاققاننى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا مېڭىپتۇ.

— «ئات مىن، ئاتقا خۇرجۇن سال! قۇشنى كۆتۈر، مەن ئالدىڭدا مېڭىپ كۆزىتىمەن، ئەگەر بىرەر نەرسە ئۇچرىسا ۋارقىرايمەن، قۇشنى سال!» — دەپ جېكىلەپتۇ باي سەلەي چاققانغا.

— خوپ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

جاڭگالغا بارغاندا باي ئۇزاپ كېتىپتۇ، ئۇ بىر جايغا بېرىپ قارىسا، ئالدىغا بىر توشقان ئۇچراپتۇ. باي سەلەي چاققانغا قاراپ:

— سال! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان سەلەي چاققان قۇشنى پۈكلەپ خۇرجۇنغا ساپتۇ. قۇشنىڭ كۆرۈنمىگەنلىكىنى كۆرگەن باي يەنە:

— چاپسان سالمامسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان خۇرجۇندىكى ئاللىقاچان تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن قۇشنى كۆرسىتىپ، — قۇشنى نېۋاخ سېلىپ بولغىلى.

## ھەممىڭلار دۆت

سەلەي چاققان يەكەنگە بارغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇچىسىغا مەللە تون كىيىپ يامۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ يامۇل ئىچىگە سەپسالغانلىقىغا كۆزى چۈشكەن چېرىك:

— ھەي مەللە دۆت، بۇياققا ئۆت! — دەپ ۋارقىراپتۇ. غەزەپلەنگەن سەلەي چاققان چېرىككە تىكىلىپ:

— سەن تېخى ئۆزۈڭچە مەنلا دۆت دەۋاتامسەن؟! يالغۇز سەنلا ئەمەس مۇشۇ دەرۋازا ئىچىدىكى ھەممىڭ دۆت! — دەپتۇ.

## قەسەم ئىچتىم

سەلەي چاققان بەگنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، بەگ بىلەن بىرگە بىر چوڭ مەرىكىگە بېرىپتۇ. بەگ تۆردىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى سەلەي چاققانغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئالدىراپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. توي تۈگىگىچە سەلەي چاققاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى ھېچ كىشى چىقماپتۇ. قورساقلىرى ئېچىپ تاقىتى-تاق بولغان سەلەي چاققاننىڭ تازا غەزىپى كەپتۇ. كەچ كىرگەندە بەگ تويدىن قايتىپتۇ. سەلەي چاققاننىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن بەگ:

— سەلەي، بۈگۈنكى تويدا ساڭا بىر نەرسە تەگدىمۇ-يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەگدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — جانابىلىرىدىن ئاشقان سۆڭەكنى ئېلىپ چىقىپ ئازگالغا تۆككەندە چاچراپ كېلىپ يوتامغا تەگدى.

— ھەي تەرسا، — دەپتۇ بەگ، — بىرەر نەرسە يېدىڭمۇ-قانداق، دەۋاتىمەن!

— يېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

— ئانداق بولسا نېمە يېدىڭ؟

— بېگىمنىڭ ئىشتىھاسى چوڭ، قورسىقى يوغان ئىدى. تويغانمىدۇ، تويمىغانمىدۇ؟ — دەپ غەم يېدىم.

— مېنىڭ سوراۋاتقىنىم، — دەپ تېرە-
كىپتۇ بەگ، — سېنىڭ بىر نەرسە ئىچكەن
ياكى ئىچمىگەنلىكىڭ!

— ئىچتىم بېگىم، — دەپتۇ سەلەي
چاققان، — «بۇنىڭدىن كېيىن بېگىم بىلەن
توي - مەرىكىگە ئەسلا بىللە بارمايمەن»
دەپ قەسەم ئىچتىم.

## گەپداننىڭ گىلىمى

بىر گەپدان كىشى سەلەي چاققان
بىلەن گەپتە بەسلەشمەكچى بولۇپ ئىز-
دەپ بېرىپتۇ. ئىشىكنى چەككەنىكەن
سەلەي چاققاننىڭ ئۆيىدىن ئون ياشلار
ئەتراپىدىكى ئوغۇل بالا چىقىپتۇ.

— داداڭ ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سو-
راپتۇ ئۇ كىشى بالىدىن.

— يوق، — دەپتۇ بالا، — نېمە ئى-
شىڭىز بار ئىدى؟

— مەندە قىرىق هارۋىغا يۈكلەپ،
ئاران تەستە يۆتكەپ كەلگەن بىر پارچە
گىلەم بار ئىدى. شۇنى سېتىپ پۇل قىلىپ
بېرەرمىكىن دېگەن ئوي بىلەن داداڭنى
ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

— ناهايىتى ياخشى گەپ ئىكەن، —
دەپتۇ بالا، — ئۆيدىكى گىلىمىمىزنىڭ بىر
ئۇچىدىن كىچىككىنە جايغا ئوت چاچراپ
كۆيۈپ قالغانىدى. دادام شۇنىڭغا ياماق
بولغۇدەك گىلەم ئىزدەپ، بايىلا بازارغا
چىقىپ كەتتى. بىردەم توختاپ تۇرغان
بولسا، سىزنىڭ گىلىمىڭىزنى سېتىۋېلىپ
ياماقلىق قىلاركەنمىز.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گەپدان: «ئۇنىڭ
كىچىككىنە بالىسى شۇنچىلا سۆزمەن بول-
غان يەردە، ئۆزى قانداقتۇ» دەپ ئويلاپ
سەلەي چاققانغا يولۇقماستىنلا كېتىپقاپتۇ.

## شويلا يېگەندە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەلەي چاققان
بەگ بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قاپ-
تۇ. ئاچكۆز بەگ قىزىق شويلىنى بايىقمايلا
يەپ كېيىكىردەكلىرى كۆيۈپ قاپتۇ - دە،
توختىماستىن يۆتىلىپ، داستىخانغا هەدەپ
شۆلگەيلىرىنى چاچرىتىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭغا
ئاچچىقى كەلگەن سەلەي چاققان دەرهال
ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چەينەك چاينى ئې-
لىپ بەگ ئولتۇرغان كۆرپىگە تۆكۈۋېتىپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، سەلەي، — دەپ
كايىپتۇ بەگ.

— بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، —
قىزىق شويلا كېكىردەكلىرىنى كۆيدۈرۈۋەت-
تى. ئۆچەيلىرىدىن چىققان ئوت كۆرپىنى-
مۇ كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن، دەپ سۇ تۆكۈۋەت-
تىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ئېگىز تەرىپىنى كەستىم

سەلەي چاققان ئىشىك ئالدىدا كەكە
بىلەن قوزۇق ئۇشلاپ ئولتۇرسا، بىر ئىشان
كېلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، ياغاچچىلىقنىمۇ بى-
لىدىكەنسىز، مۇنۇ هاسام بىر غېرىچ ئېگىز
ئىكەن، زىيادىسىنى كېسىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان هاسىنى ئۆيىگە ئې-
لىپ كىرىپ كېتىپ، ئۈستى تەرىپىدىكى
ئەگمە تۇتقۇچتىن بىر غېرىچ كېسىپ تاش-
لاپتۇ - دە، ئېلىپ چىقىپ ئىشاننىڭ قولىغا
تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئىشان هەيران بولۇپ:

— سەلەي ئاخۇن، تۇتقۇچىنى كېسىپ
تاشلاپ بىر تاياق قىلىپ قويۇپسىزغۇ، —
دەپ رەنجىپتۇ.

— ئېگىز دېدىڭىز، شۇڭا ئېگىز تەرە-
پىنى كەستىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

### چىۋىنمۇ كەلمەيتتى

يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى مېھماندارچىلىقتا سەلەي چاققانىنى چىۋىن قورۇشقا مەسئۇل قىلىپ قويۇپتۇ. قانچە ئۈركۈتسىمۇ، چىۋىن داستىخاندىن نېرى بارغىلى ئۇنىماپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن سەلەي چاققان داستىخاننى يۇلۇپلا ئېلىپ ئوتقا تاشلاپتۇ.

— ھەي، بۇ نېمە قىلىق؟! — دەپتۇ سورۇندىكىلەر.

سەلەي چاققان ئۇلارغا:

— مۇشۇ داستىخان بولمىسا، چىۋىنمۇ بولمايتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### بىرەر بولمىسا بولامدۇ...

بىر كۈنى بەگ يۇرت چوڭلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. چاقىرتىلغانلار ئىچىدە سەلەي چاققانمۇ بار ئىكەن.

مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن جەم بولۇشۇپتۇ. سەلەي چاققان سەل كېچىكىپرەك كىرىپتۇ - دە، مېھمانلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ئولتۇرۇپتۇ. بەگ ئۇنى بىر ئوسال قىلىش نىيىتىدە:

— ھە سەلەي، كېچىكىپ قالدىڭغۇ، ئاشۇ بىر باغ بېدىدەك ساقىلىڭنى كۆتۈرۈپ بولالماي ھايال بولدۇڭمۇ نېمە؟ — دەپتۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، ئېشەك بار يەرگە بېدە ئالغاچ كېلىش كېرەك - تە.

### ئاناڭنىمۇ دوراپسەن

شەنگەننىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى كوچىدىن ئۆتكەن چوڭ - كىچىك كىشىلەرگە تاش، چالما ئېتىۋاتقانىكەن. سەلەي چاققان ئۇنىڭغا:

— ھەي، سەن شەنگەننىڭ بالىسىغۇ، نېمانچە ئەدەبسىزلىك قىلىسەن! — دەپتۇ.

— سېنىڭ نېمە كارىڭ، — دەپتۇ بالا كۆزىنى قىسىپ، — يولۇڭغا ماڭ.

— ھوي، سېنى داداڭدىن ئادەم ئۇرۇشنىلا ئۆگەنگەندىمىكىن دېسەم، ئاناڭدىن كۆز قىسىشنىمۇ ئۆگىنىۋاپسەن - دە، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

### يالىڭاچ بارىمىز

سەلەي چاققان بىر كۈنى جامەگە نامازغا بېرىپتۇ. ئىمام جامائەتكە:

— تەرەت، كىيىم - كېچەك، ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن تازا بولۇش لازىم. ناماز ئۆتىگەندە نىجاسەت چاچراپ كەتكەن كىيىمنى كىيسەڭلار قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئوتى ئاشۇ نىجاسەت يۇققان جايدىن تۇتىشىدۇ، — دەپتۇ.

— ئاخۇنۇم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىز ئۇ دۇنياغا بارغاندا بۇ ئالەمدە كىيگەن نىجاسەت يۇقى كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، يالىڭاچ بارىمىزغۇ؟!

### دەڭنى چاقىمەن

سەلەي چاققان ئاغىنىسىدىن سوراپ ئالغان ئاتنى مىنىپ بازارغا بېرىپتۇ. ئۇ ئېتىنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ سودا - سېتىق قىلغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. ئىشىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسە، دەڭدە تۇرغۇن ئاتلار باغلاقلىق تۇرغۇدەك، ھەممىنىڭ دېگۈدەك ئىگەر، كۆرپىلىرى بار. سەلەي چاققان قايسى ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئات ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قاپتۇ.

ئۇ دەررۇ دەڭنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ:

— ھەي خالايىق، مەن ھازىر دەڭنى چاقىمەن. ئات - ئۇلاغلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار، ئەگەر خەتەرگە ئۇچرىسا مەن ئىگە ئەمەس! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھەر تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ئات - ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. دەڭدە بىرلا ئات قاپتۇ. سەلەي چاققان: «ھە، مەن مىنىپ كەلگەن ئات مۇشۇ ئىكەن» دەپ ئۇ ئاتنى مىنىپ قايتىپتۇ.

## ئامبالنىڭ خوتۇنى

سەلەي چاققان يامۇلنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، خىزمەتكارلىرى بىلەن باغ ئىشىكىدە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئامبالنىڭ خوتۇنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا گەپ تاشلاپتۇ:

— ئەجەب تېز مېڭىپلا، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك؟

سەلەي چاقانمۇ بوش كەلمەي:

— ئۆزلىرىمۇ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ قاپىتلاغۇ، سولىشىپ قالغان خوخىدەك، — دەپتۇ.

— ۋىيەي، قاراڭلار بۇنىڭغا، بۇرۇتىنى دىڭگايتىۋاپتۇ جىگدىلىكتىكى شوخىدەك، — دەپتۇ ئامبالنىڭ خوتۇنى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— نېمە؟ ئۇنداق ئالدىراپ ھىجايمىسىلا، خېنىم، ئۈكلىۋەتكەن چوقىدەك، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ھوي، بويۇڭ نېمانچىلا ئۇزۇن كاردىن چىققان سوقىدەك.

— بويۇمنى دېسىلە چىناردەك، بوينۇمنى دېسىلە جوۋازنىڭ ئوقىدەك.

— ھەي سەلەي، سەن تولا چوڭچىلىق قىلما، ئەپتىڭگە قارىسا، شۇنچىلا سەت نېمىسەن، شاپاق يېگەن بوقىدەك.

— ھەي خېنىم، كىمنى كۆرسىلە چاپلىشىۋالمىسىلا كۈرۈك توخۇنىڭ پوقىدەك.

سەلەي چاققاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان خوتۇن ئىزا تارتقىنىچە باغقا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپتۇ.

## كىچىك بالىنى دوراش

بەگ، قازى، ئاخۇنلار بەدۆلەتنىڭ ئوردىسىغا يىغىلىپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار سەلەي چاققاننىڭ بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا قانداق قىزىقچىلىق قىلىپ بەرسەم بولىدىكىن؟

مېھمانلار كىچىك بالىنىڭ كۈلكىلىك قىلىقلىرىدىن بىرەرسىنى دوراپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

سەلەي چاققان مېھمانلارنىڭ زىياپەتكە كىيىپ كەلگەن يېڭى تون - سەرپاي ۋە ئاپئاق سەللىلىرىنى ئارىيەتكە ئاپتۇ - دە، ئۆز كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئارىيەتكە ئالغان تونلارنى ئۈستى - ئۈستىلەپ كىيىپتۇ، سەللىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېشىغا يۆگەپتۇ. ئاندىن ئۇ پېشايۋان ئالدىدىكى يۇندا ئازگىلىغا پالاققىدە سەكرەپتۇ - دە، پىلتىڭلاپ ئۆزۈشكە باشلاپتۇ. قان، قارا لايغا مىلەنگەن سەللە تونلىرىنى كۆرگەن قازى، بەگ ۋە ئاخۇنلار بۇنىڭغا چىدىماستىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.

تويلاپ رەتلىگۈچى: تۇرام ئىسلام.

# رىۋايەتلەر

## هازىر جاۋاب مىرئەلى

### (تۈركمەن خەلقىنىڭ ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى)

مۇھەررىردىن: تۈركمەن خەلقى ئەلىشىر نەۋائىنى «مىرئەلى»، ئۇنىڭ دوستى ھۈسەيىن بايقارانى «سۇلتان سۆيۈن» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارمۇ خۇددى ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرگە ئوخشاش نەۋائىنى ئۆز كلاسسىكلىرى قاتارىدا سۆيىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. ناخشىچىلار ئۇنىڭ غەزەللىرىنى نەپىس ئاھاڭلىرى ئارقىلىق كۈيلەيدۇ. تۈركمەنلەرنىڭ نەۋائى ئىجادىيىتىگە، ئۇنىڭ بۈيۈك ئوبرازىغا بولغان سەمىمىي ھۆرمىتى ئەسىرلەر داۋامىدا يارىتىلىپ، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كەتكەن رىۋايەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

قەدىمىي ئەنئەنىلەرگە باي تۈركمەن فولكلورىنىڭ ئۇسلۇبى ئاساسىدا يارىتىلغان بۇ رىۋايەتلەردە مىرئەلىنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكى، ھازىر جاۋابلىق ۋە چېچەنلىكتە تەڭداشسىزلىقى، مېھنەتكەش خەلق بىلەن دىلداشلىقى، غايەت كەمتەرلىكى ۋە پاراسەتلىك سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە ئاشۇ رىۋايەتلەردىن بىر قىسمىنى كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا تەقدىم قىلدۇق.

### پېيى يۇلۇنغان توخۇ

قەبرىستان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سۇلتان سۆيۈن ئۆزىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن شەھەر سەيلىسىگە چىقىپتۇ. ئۇلار كوچىدا قاتتىق شىۋىرغانغا پەرۋا قىلماي ئۆتۈك ياماپ ئولتۇرغان ھۈنەرۋەننى كۆرۈپتۇ. دۆلەت ئەربابلىرى موزدۇزنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا باش ۋەزىر مىرئەلى سۇلتان سۆيۈنگە قاراپ:

— شاھىم، ئىجازەت بەرسىلە، مۇشۇ ئۇستامغا ئۆتۈكۈمنى ياماتتۇۋالسام... — دەپتۇ.

— شۇنىمۇ سوراپ يۈرەمسىز، بىمالال ياماتتۇۋېرىڭ. بىز بىردەم كۈتۈپ تۇرىمىز. بىرەر يەرگە بېرىشقا ئالدىراۋاتقىنىمىز يوق، — دەپ مىرئەلىگە رۇخسەت بېرىپتۇ پادىشاھ.

مىرئەلى موزدۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپتۇ. سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن مەقسىتىنى بايان قىلىپ، ئۆتۈكىنى ياماتتىش نىيىتىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ھال - ئەھۋال سورىشىشتىن باشلانغان

سۆھبەت مۇڭدىششقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. مىرئەلى سوئال سوراپتۇ، موزدۇز جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

مىرئەلى:

— شۇنچە قاتتىق سوغۇقتا ئىشلەپ ئولتۇرۇپسىز غۇ، ئۇچىڭىز تۆتكە يەتمەيۋاتامدۇ ئۇستام؟

موزدۇز:

— ھەي... نېمىسىنى سورايسىز، قانچىلىك تىرىشساممۇ ئۇچىم تۆتكە يەتمەيۋاتىدۇ - دە.

مىرئەلى:

— ئىست، ۋاقتىدا تېرىمىغان ئىكەنسىز - دە؟

موزدۇز:

— تېرىشىنغۇ تېرىغان، لېكىن باشقىلار ئورۇپ ئالدى.

مىرئەلى:

— دوستلىرىڭىز بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز ياخشىمۇ؟

موزدۇز:

— دوستلىرىم ئاللىقاچان دۈشمەنگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مىرئەلى:

— ئۈزىنقىڭىز① قانداقراق؟

موزدۇز:

— ئۈزىنقىمنىڭ يېقىن بولۇپ قالغىنىغا ئۇزاق بولدى.

مىرئەلى:

— ئىككىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق، ئۇستام؟

موزدۇز:

— ئىككىمىزنىڭ ئۈچ بولغىنىغا كۆپ يىللار بولۇپ قالدى.

مىرئەلى:

— بىر توخۇ ئەۋەتسەم پېپىسىنى يۇلالامسىز؟

موزدۇز:

— بۇنچىلىك ئىشنى ئەلۋەتتە قىلالايمەن.

مىرئەلى:

— ئەمىسە مالنى ئەرزان سېتىۋەتمەڭ، ھە!

موزدۇز:

— خاتىرجەم بولۇڭ بېگىم، ئەرزان سېتىۋەتمەيمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاخىرلىشىپتۇ. ئۇنىڭغىچە موزدۇزمۇ مىرئەلىنىڭ ئۆتۈكىنى ياماپ بولغانىكەن. مىرئەلى موزدۇز بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن غەلىتە سۆھبەتنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ تۇرغان ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپتۇ. ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سۇلتان سۆيۈن يولدا كېتىۋېتىپ مىرئەلىنىڭ چىرايىغا ھەييارلارچە كۆلۈمسىرەپ قاراپتۇ - دە، بايىقى سىرلىق سۆھبەتنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

مىرئەلى ئالدىدا كېتىۋاتقان ۋەزىرلەردىن بىرىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ: «ئاشۇ ۋەزىرىڭىز بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنەلمەيدىكەن، شۇنى بىلىش ئۈچۈن موزدۇز بىلەن ئاشۇنداق سىرلىق گەپلەشتىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سۇلتان سۆيۈنمۇ زېرەك ئادەم بولغانلىقتىن دەرھال گەپنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپتۇ. چۈنكى بۇ ۋەزىر بەكمۇ قارا نىيەت ئادەم بولۇپ، مىرئەلىنىڭ ئەل - يۇرت ئارىسىدىكى ئابرويىنىڭ كۈندىن - كۈنگە

① ئۈزىنقىڭىز — ئۇزاق. (مۇساپىنى كۆرسىتىدۇ)

ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي، ئۇنى پادىشاھقا چېقىشتۇرۇپلا تۇرىدىكەن. سۇلتان سۆيۈن ئاشۇ ۋەزىرگە قاراپ:

— مىرئەلى بىلەن بايىقى موزدۇز نېمە توغرىسىدا گەپلەشتى؟ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن نېمىنى چۈشەندىڭىز، قېنى، ئېيتىپ بېقىڭا، ئاڭلايلى، — دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ كۈتۈلمىگەن سوئالنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كېتىپتۇ. تىلى گەپكە كەلمەي، دۇدۇقلاپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئاشۇ سۆھبەتنىڭ مەنىسىنى يەشسەڭ، قۇتۇلىسەن. ناۋادا يېشەلمىسەڭ، پېشانەڭدىن كۆر. ئۇ چاغدا سارايغا قەدەم باسما. ئۈچ كۈن ئىچىدە بىلىپ كەلمىسەڭ مېلىڭنى تالان-تاراج قىلىپ بېشىڭنى ئالمەن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ۋەزىر ھېيلىگەرلىكتە تۈلكىگىمۇ دەرس بېرەلەيدىغان ئادەم ئىكەن. بۇ قېتىممۇ مۇغەمبەرلىك قىلماقچى بولۇپ، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك مىرئەلىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ-دە، ئۇنىڭ موزدۇز بىلەن قىلىشقان گېپىنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئارزۇسىدا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مىرئەلى ئۇنىڭغا:

— ئەڭ ياخشىسى، سىز ئاشۇ ئۇستىنى ئىزدەپ تېپىڭ. ئۇنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز مەندىنمۇ ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىر نائىلاج موزدۇزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. موزدۇز ھېچ نېمىنى بىلمىگەن ئادەمدەك خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. موزدۇزمۇ ئۇنىڭغا سالام قىلىپ:

— ھە، كېلىڭ ئۇكام. بۇ ياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ. ئۆتۈككىڭىزنى ياماتقىلى كېلىپسىزدە، — دەپ تەكەللۇپ قىلىپ قويۇپتۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ئادەمنىڭ مىرئەلى ئەۋەتمەكچى بولغان «سېمىز توخۇ» ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلگەنىكەن.

ۋەزىر مۇساپىرنىڭ مۈشۈكىدەك بوينىنى قىسىپ، بىچارە قىياپەتتە:

— ياق، ئۆتۈكۈم ساپساق، تاغا. مەن بۇ يەرگە سىزنىڭ مىرئەلى بىلەن قىلغان سۆھبىتىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلگىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

— ياقەي، بىز ئۇنچىۋالا چۈشەنگىلى بولمايدىغان گەپلەرنى قىلىشمىغان ئىدۇققۇ! ئەگەر بىرەر ئېغىز گەپ-سۆزگە چۈشەنمەي قالغان بولسىڭىز بىمالال سوراۋېرىڭ.

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتاي، تاغا، سىلەرنىڭ سۆھبىتىڭلاردىن بىرەر ئېغىز گەپكىمۇ ئەقلىم يەتمىدى. مىرئەلىنىڭ سوئاللىرىنىمۇ، سىزنىڭ جاۋابىڭىزنىمۇ چۈشەنمىدىم. پادىشاھ بولسا «ئاشۇ سۆھبەتنىڭ مەنىسىنى بىلىپ كەلمىسەڭ بېشىڭنى ئېلىپ، مېلىڭنى تالان-تاراج قىلىمەن» دەپ زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ. ئەمدى پۈتۈن ئۈمىدىم سىزدە قالدى. ھالىمغا يېتىپ، جېنىمنى قۇتقۇزۇڭ، تاغا، — دەپ يېلىنىپتۇ ۋەزىر.

موزدۇز قىيىن ئەھۋالدا قالغان بىر كالتە پەم ۋەزىرنىڭ ھازىر ھەرقانداق شەرتكە كۆنىدىغانلىقىنى پەملەپ:

— ئۇنداق بولسا گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، ئۇكام. دانالار ھېكمەتلىك گەپ ئالتۇندىن قىممەت، دېگەن. ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يەتمىسىڭىز ھېچكىم سىزگە ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلمەيدۇ، — دەپتۇ سۆزلىرىنىڭ ھېكمەتلىك

ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ.

— ۋاي ئاتا، كېرەكلىك مالنىڭ نەرخىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. تېزرەك ئېيتسىڭىزچۇ، قۇتۇلاي بۇ بالادىن، قانچە پۇل دېسىڭىز بېرەي، — دەپتۇ ۋەزىر.

موزدۇز ھەربىر سوئال - جاۋابقا يۈز تىللادىن باھا قويۇپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورققان ۋەزىر بۇنىڭغا نائىلاج رازى بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن موزدۇز مىرئەلى بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشكە باشلاپتۇ.

— مىرئەلى مېنىڭ قاتتىق سوغۇقتىمۇ ئىشلەپ ئولتۇرغىنىمغا ئېچىنىپ، بۇنداق قىلىشقا سىزنى نېمە مەجبۇر قىلدى، باھار، ياز، كۈزدىن ئىبارەت ئۈچ پەسىلدە ئىشلىگىنىڭىز تۆتىنچى پەسىل — قىشلىقىڭىز ئۈچۈن يەتمىدىمۇ، دەپ سورىدى. مەن قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ يەتكۈزەلمەيۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنىڭ بار - يوقلۇقىنى، ئەگەر بار بولسا، ماڭا ياردەم قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى بولدى. مەن پەرزەنتلىرىمنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇلارنى باشقىلار ئورۇپ ئالغانلىقىنى، يەنى، ھەممىسى ئۆز ئائىلىسىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم. كېيىن مىرئەلى چىشلىرىمغا قىزىقتى. مەن ئۇنىڭغا چىشلىرىم ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن، بىرەر نەرسىنى چايناسام ئاغرىتىپ جېنىمنى قاقشىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈردۈم. مىرئەلى كۆزلىرىمنىڭ يىراقنى يېقىننى كۆرۈش كۆرمەسلىكىنى بىلمەكچى بولغانىدى، مەن كۆزلىرىمنىڭ نۇرى ئۆچكەنلىكىنى ئېيتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن مىرئەلى پۇت - قولۇمنىڭ ماغدۇرى بار - يوقلۇقىنى سورىدى. مەن قولۇمغا ھاسا ئالماستىن يىراق - يېقىنغا بارالمايدىغان بولۇپ قالغىنىمغا ئۇزاق بولغانلىقىنى ئېيتتىم. ئەھۋالىمنىڭ ناچارلىقىنى بىلگەن مىرئەلى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، بىر توخۇ ئەۋەتسەم پېيىنى يۇلالامسەن، دەپ سورىدى. مەن، بۇنچىلىك ئىشنى قىلالايمەن، دېدىم. مانا، مىرئەلىنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتىم. توخۇنىڭ بىرەر تال پېيىنىمۇ قالدۇرماي يۇلدۇم.

خىجىللىقتىن ۋەزىرنىڭ چىرايى پاختىدەك ئاقىرىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە موزدۇزغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

— ھە، بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدىكەن. ئەمدى ئاخىرقى سوئال - جاۋابنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ، تاغا.

— شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىمۇ، نادان! ھالىڭ شۇنچىلىك تۇرۇقلۇق يەنە تېخى مىرئەلىدەك ئادەمنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يۈرگىنىڭنى قارا! بۇنىڭ چۈشەنمىگۈدەك نېمىسى بار! مىرئەلىنىڭ مېلىكىنى ئەرزان ساتما، دېگىنى، بۇ سوئال - جاۋابلارنىڭ مەنىسىنى بىلمەكچى بولۇپ كەلگەن كىشىدىن ناھايىتى جىق پۇل ئال، دېگەنلىك بولىدۇ. مانا، زادىلا كەم قالدۇرماي ھەربىرىگە يۈز تىللادىن ئالدىم. ئەرزان بولۇپ كەتمىگەندۇ! ئاڭلىدىڭمۇ! بىزنىڭ مىرئەلى بىلەن قىلغان سۆھبىتىمىزنىڭ مەنىسى شۇ. بۇ ئۆزىدىن باشقىلارنى ئەر ھېسابلىمايدىغان سەندەك بايۋەتچىلەر ئۈچۈن ساۋاق. قوپ، ئەمدى يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ موزدۇز.

پېيى يۇڭدالغان توخۇدەك بولۇپ قالغان نادان ۋەزىر شۈمشەيگىنىچە سارايغا قاراپ مېڭىپتۇ.

## دارامەتنىڭ خەجلىنىشى

مىرئەلى بىلەن سۇلتان سۈيۈن يېرىم كېچىدە زىياپەتتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. بۇ چاغدا پۈتۈن شەھەر قاراڭغۇلۇققا چۆككەن بولۇپ، پەقەت بىرلا ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن يورۇق كۆرۈنۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار: «شۇ چاغقىچە ئۇخلىماي چىراغ يېقىپ ئولتۇرغان كىمدۇ، بۇ يەردە بىر سىر باردەك تۇرىدۇ» دېيىشىپ، شۇ ئۆي تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇلار بېرىپ قارىسا، بىر مويسىپىت كىشى مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ نېمىدۇر بىر نەرسە ياساۋاتقانىكەن. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن سۇلتان سۈيۈن مىرئەلىگە قاراپ:

— بۇ ئادەمنىڭ كەسپى نېمىكىن، نېمىشقا كېچىسىمۇ تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغاندۇ؟ كۈندۈزى ئىشلىسىمۇ تىرىكچىلىكىنى قامداپ كەتكىلى بولىدۇغۇ! سىز بۇ بوۋايدىن دارامەتنى نېمىگە خەجلەيدىغانلىقىنى سوراپ بېقىڭ،— دەپتۇ.

مىرئەلى «جان دىلىم بىلەن ئورۇندايمەن» دەپتۇ-دە، بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ. بوۋاي بىمەھەل ئىشىك قاققان مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇلار سالاملىشىپ، ئەھۋال سورىشىپتۇ. چاي ئىچىشىپ، تاغدىن-باغدىن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مىرئەلى گەپ ئارىسىدا:

— ئاغا، سورىغاننىڭ ئەيىبى يوق، دەپتىكەن. ئۇزۇن كېچىلەردە كىرپىك قاقماي ئىشلەيدىكەنسىز. كۈندۈزى ئىشلەپ تاپقىنىڭىز قازان قاينىتىشقا يەتمەمدۇ؟ كىرىمىڭىز قانداقراق، ئۇنى نېمىگە خەجلەيسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— بېگىم، مەن بىر بىچارە ھۈنەرۋەنمەن. كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلەپ ئاران تۆت ئابباسى① پۇل تاپىمەن. بىر ئابباسىنى قەرزگە تۆلەيمەن. بىرسىنى سۇغا تاشلىۋېتىمەن. يەنە بىرىنى قەرزگە بېرىمەن. قالغىنىنى خوتۇنۇم بىلەن يەپ-ئىچىمەن،— دەپتۇ بوۋاي.

سۇلتان سۈيۈن ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا بۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن. بوۋاينىڭ گەپلىرىدىن ھەيران بولۇپ: «توۋا، بۇ قانداق ئىشتۇ، ئادەم دېگەن پېشانە تەرىنى تۆكۈپ ئىشلەپ تاپقان پۇلىنىمۇ سۇغا تاشلىۋېتەمدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ ئۆزىچە.

شۇ پەيتتە مىرئەلى سۆھبەتدىشى بىلەن خەيرلىشىپ، تاشقىرىغا چىقىپتۇ. ئۇ كوچىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان سۇلتان سۈيۈنگە قاراپ:

— شاھىم، ئەمدى كېتەيلى، بۇ بوۋاي دارامىتىنى قانداق خەجلەيدىغانلىقىنى راسا ئېيتىپ چۈشەندۈردى،— دەپتۇ.

سۇلتان سۈيۈن مىرئەلى بىلەن يانمۇيان كېتىۋېتىپ:

— مەن ھەممە گەپلەرنى ئاڭلىدىم، مىرئەلى،— دەپتۇ، — بەكمۇ غەلىتە بوۋايكەن ئۇ. كېچە-كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلەيدىكەنۇ، جاپا تارتىپ تاپقان پۇلىنى سۇغا ئاققۇزۇۋېتىدىكەن. راستىنى ئېيتسام، بوۋاينىڭ گەپلىرى مېنى ئويغا سېلىپ قويدى. بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— شاھىم، ئۇ كىشىنىڭ ياشانغان ئاتا-ئانىسى بار ئىكەن. ئۇ «قەرزىمنى تۆلەيمەن» دېيىش ئارقىلىق، قېرىپ، بېلىدىن كۈچ-قۇۋۋەت كەتكەن ئاتا-ئانىسىنى بېقىۋاتقانلىقىدىن

① ئابباسى — پۇل بىرلىكى.

بېشارەت بەردى. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇلارمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى يېگۈزۈپ - ئىچكۈزۈپ بېقىپ چوڭ قىلغان. ئەمدى ئۇنىڭمۇ بېشىدا ئائىلە غېمى بار. بىر ئوغۇل، بىر قىز چوڭ قىلىپتۇ. سىز سۇغا تاشلانغان پۇللار، دېگەن سۆزدىن ئەجەبلەندىڭىزغۇ، بۇ ئاشۇ قىز ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان خىراجەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى «قىز بالا — خەقنىڭ بالىسى» دېگەن گەپ بار. قىز بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغاندىن كېيىن ياتلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ، بالا - چاقىسىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋاي قىزى ئۈچۈن سەرپ قىلغان پۇللىرىنى سۇغا تاشلىغان بىلەن باراۋەر، دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ «قەرزگە بەردىم» دېگىنى يالغۇز ئوغلىغا سەرپ قىلغان پۇللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاتا - بوۋىلارنىڭ قايتىدىغان دۇنيا، دېگەن سۆزى بار. بوۋاي ئۆزىنىڭ قېرىپ، پۇت - قولىدىن ماغدۇرى كەتكەندە، ئۆز ئاتا - ئانىسىغا قىلغان ياخشىلىقى ئوغلىدىن قايتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئاخىرقى پۇلنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىشى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك، — دەپ سۆزىنى تاماملاپتۇ مىرئەلى.

## تاشتىن تەلپەك تىككىلى بولامدۇ؟

بىر كۈنى سۇلتان سۈيۈن مىرئەلىنى گەپتە لەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەقلىغا سىغمايدىغان بىر ئىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

— سىزگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن. شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە تاشتىن تەلپەك تىكىپ كېلىسىز.

— ھەزرىتىم، ئەگەر يىپىنى ئۆزىڭىز تېپىپ بەرسىڭىز ئۈچ كۈندە ئەمەس ئۈچ سائەتتىلا تىكىپ بېرىمەن، — دەپتۇ مىرئەلى.

— قانداق يىپ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان سۈيۈن يېڭىلىشنى خالىماي.

— تالنىڭ كۈلىدىن ئېشىلگەن يىپتە، شاھىم.

— بەك داناكەنسىزغۇ! تالنىڭ كۈلىدىن قانداقمۇ يىپ ئەشكىلى بولىدۇ؟

— ئۇنداق بولسا تاشتىن تەلپەك تىككىلى بولامدۇ، شاھىم؟ — دەپتۇ مىرئەلى.

مىرئەلىنىڭ ھازىر جاۋابلىقىدىن خىجىل بولغان سۇلتان سۈيۈن لام - جىم دېيەلمەپتۇ.

«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت چوڭ.






باغدا ئۈنتۈلۈپ قاپتۇ
خامان سورۇغان ئارى.①
كەمباغ توقۇلۇپ قاپتۇ،
يارغا ئاتىغان شايى.

قاشلىرىڭ ئەجەب قارا،
كۆزلىرىڭگە كۆيدۈم مەن.
بوينۇڭغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيدۈم مەن.

ئېشىك ئالدى قوش تېرەك،
قوشۇلغىچە ئوينايلى،
يارىم بىلەن ئىككىمىز
ئېچىلغۇچە ئوينايلى.

هاۋانىڭ بۇزۇقلۇقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يانىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

گۈل ئېچىلسا نىم بولۇر؟
نەغەز ئېچىلسا نىم بولۇر؟
بىر قېتىم قىلغان گۇناھدىن
يارىم ئۆتسە نىم بولۇر؟

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
يۈرەكنى تازا دەمسەن؟

گەپ قىلسام قارىمايسەن،
ئۆزۈڭنى مازا دەمسەن؟

ئالمىنىڭ شېخى تولا،
ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن.
يارنىڭ ۋەدىسى تولا،
گېپىدە تۇرمايدىكەن.

قىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈننى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
بىرلىشىپ كەتكەن كۆڭۈلنى،
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ.

ئۆگزەڭگە قوناق يايدىم،
ئويناپ، كۈلۈپ چاچمىغىن.
قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە،
مەندىن مۇنداق قاچمىغىن.

دەرۋازىڭىز بولغان بىلەن
ئۆيىڭىزنىڭ تېمى پەس.
ۋەدىڭىز بولغان بىلەن
كۆڭلىڭىز بىزدە ئەمەس.

يامغۇرمۇ تولا ياغسا،
مۇز داۋانمۇ پەسلەيدۇ.
يار ئۆزەڭگە ئاگاھ بول،
دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

① ئارى — ئارا (بىر خىل سايمان نامى).

مىنىپ كەلگەن ئېتىڭىز
بېدە يەمدۇ، سامانمۇ؟
ئەل ئۇيىنسا گەپ يوق ئىكەن،
بىز ئويىنساق يامانمۇ؟

ئۆستەك بويلاپ مېڭىپسىز،
ماڭغان سىزنىڭ ئىزىڭىز.
مەن ئۆزۈمچە كۆيمەيتتىم،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

ئارقىدىكى كاۋىنى،
ئېلىپ قويدۇم باراڭغا.
ئەگەشمەيمەن، پەندىيات،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.

ئىككى يورغا بىر يولدا،
ئىككى چۇلۋۇر بىر قولدا.
قىزىلگۈلنى تۇتىمەن
كۆڭلۈم خالىغان يارغا.

سۆزۈك ئاققان تاغ سۈيى،
تەنگە داۋا ئەمەسمۇ؟
بىرگە ياشاپ، بىرگە ئۆلسەك،
بىزگە راۋا ئەمەسمۇ؟

ئىللىق شامال، چىمەنلىك،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
نېمىدېگەن يېقىملىق
كۆزىڭىزنىڭ قارىسى.

سۆيىڭىز ئاز ئېقىپتۇ،
ئېرىقىڭىز بەك تارمۇ؟
نەزەر سېلىڭ ئالەمگە
مەندىن ياخشى يار بارمۇ؟

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ
سۇغا چۈشتى شولىسى.
بىزنى كۆيدۈرگەن قىزنىڭ
نەدە ئىكەن ھويلىسى.

يېڭىساردىن ئات ئېلىپ،
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز.
مەن سىزگە تولا كۆيدۈم،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

مەن چۈشمەيمەن ئۆتەڭگە،
خەت يازمايمەن خوتەنگە.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
جىگدە سالدى بۆكەمگە.

دەريادا سالقىن شامال
ئېغاڭلىتار يەلكەننى.
ئۇنتۇپ قالمىغىن يارىم،
مەن قۇچاقلاپ سۆيگەننى،

كانۋاي كۆڭلىكىم بولسا،
بايرام كۈنلىرى كىيسەم.
يارىم قېشىمدا بولسا،
دۈشمەن ئالدىدا سۆيسەم.

ئۆيىڭىز يىراق يارىم،
ئاتلىق بارغۇدەك بولدۇم.
ئۇتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيەككە ئۆلگۈدەك بولدۇم.

بېغىمدىكى ئېتىزنىڭ
چۆرىسىدە بېدە بار.
يۈرىكىمنى يېرىپ باق،
ساڭا كۆيگەن زېدە بار.

يار بىلەن شاراب ئىچتىم،
پىيالىدە، جوزىدا.
خۇمار كۆزلۈك شۇ يارنىڭ،
كىم باردۇر خىيالىدا.

ئاققىنە كەپتەر بولۇپ،
پېشايۋىنىڭدا سايرىسام.
كېچە ئايدىڭدا يېتىپ،
ماڭغان يولۇڭغا قارىسام.

ئېتىزلىقتا ئاتلىرىم
بېدە چايناپ يۈرگۈدەك.
قارا كۆزلۈك مېنىڭ يارىم،
باغدا ئويناپ يۈرگۈدەك.

ئۆگزەمگە تولا چىقىپ،
ئۇستىنى كامار قىلماق.
يېڭىياچە يار تۇتتۇم،
مېنىڭدىن تەمە قىلماق.

قەشقەر يولى قورايلىق،
ئەنجان يولى بىر ئايلىق.
نەدە ئويناپ يۈرگەندۇ،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق؟

يولدىكى شۇ چار يىلاننىڭ
بويىنغا زەنجىر سالاي.
مېھرىبان يار كۆڭلىنى
ئەمدى مەن قانداق ئالاي؟

ئاق جۇۋان، ئاپئاق جۇۋان،
چىلگە پۇرايدۇ قوينىڭىز.
ئەتە - ئاخشام بارمىسام،
قانداق چىداپدۇ كۆڭلىڭىز؟

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى دەريا،
ئېقىپ بارسام كۆرەرسەنمۇ؟
ئوتتۇڭدا مەن ئۆلۈپ كەتسەم،
نامازىمغا كېلەرسەنمۇ؟

ئۆستەڭنىڭ ئىچى تاختا،
ئېتىزدا ئېچىلۇر پاختا.
سەن يارىمنى ئويلىسام،
يىغلايمەن سەھەر ۋاقتا.

ئالمىنى يۇيۇپ يەيمەن،
بېھىنى سويۇپ يەيمەن.
سەندەك بىۋاپا ياردىن،
ئايرىلىپ كېتەي دەيمەن.

ئاسماندا قارا بۇلۇت،
ياغامدىكىن قار بولۇپ.
ئەجەبمۇ سېغىندىم، يار،
بىر كۆرۈشكە زار بولۇپ.

چېچىڭ قارا قۇندۇزمۇ؟
كۆزۈڭ چولپان يۇلتۇزمۇ؟
سەن يارنى سېغىنغاندا،
كەچ بارايمۇ كۈندۈزمۇ؟

بېشىمدىكى دوپپامنى
قانداق يېپتا يۆمەيمەن؟
قارا كۆزلۈك سەن يارنى
قاچانغىچە كۆرمەيمەن؟

قوغۇن، تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار - قاتار چۆنكى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
قارا كۆزنىڭ كۆيىكى.

بېغىڭدىكى شاپتۇلنىڭ
شاخلىرى بەك پەس ئىكەن.
چىقمايسەن تالا - تۈزگە،
سېنى كۆرمەك تەس ئىكەن.

ئۇۋا سالدى قارلىغاچ
بىزنىڭ ئۆيگە، بەش يەرگە.
مەشۇقۇمدىن سورىماي
بارالمايمەن ھېچ يەرگە.

ئاتنى باغلاپ سېدىگە،
قويۇپ بەردىم بېدىگە.
ئۆزۈم كىچىك تۇرۇپلا،
قالدىم يارنىڭ دەردىگە.

گۈل بولمىسا بۇلبۇللار
گۈل شېخىدا سايرامدۇ؟
كۆڭلى بولمىسا يارنىڭ
باغقا كىرىپ مارامدۇ؟

قاغا قونۇپ تېرەككە،
نامازشامدا «قاق» دەيدۇ.
يارىمنى سۆيۈك دېسەم،
ناز قىلدۇ، «ياق» دەيدۇ.

يۈرۈك يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز قاقشاتماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

كېچەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلساق،
خەلقى ئالەم نېمە دەر؟

يارنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى،
قىزىل دۇردۇن - تاۋازدۇر.
شۇ يارىمدىن ئايرىلسام،
ئۆلمەك ماڭا راۋادۇر.

پەرداز قىلىپ چىقىپسەن،
چوڭ بازارغا ماڭدىڭمۇ؟
ماڭا قاراپ قويمايسەن،
ئەقدەڭدىن ياندىڭمۇ؟

قاغا پېيى ياستۇققا
پەي بولارمۇ بولماسمۇ؟

كىچىكىمدە تۇتقان يار
ئەي بولارمۇ، بولماسمۇ؟

تالدى بىلىكىم تالدى،
خېنىمنىڭ چاقىنى چۆرۈپ.
كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ ئالدى،
بېشىمدىن تۇمار ئۆرۈپ.

باغدىكى بۇلبۇل بولۇپ،
قونايمۇ بىلەكىڭگە.
ئوتۇك بەك يامان ئىكەن،
ئۆلەيمۇ كۆيەكىڭگە؟

تاللىقنىڭ يوقمۇ، خېنىم،
تالنى بىدىشكە ئالغىلى؟
ئامرىقىڭ يوقمۇ، خېنىم،
ئىندەپ قولغا ئالغىلى؟

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئالا ئاتنىڭ تۇمارى.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يارىمنىڭ خۇمارى.

ئوڭ قولۇمغا ئۈزۈك سالدىم،
بېغى ئالتۇن، تىللا كۆز.
مېنى بەكمۇ كۆيدۈردى
قەلەم قاشلىق، خۇما كۆز.

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ
يار بىلەن كۆرۈشكۈدەك.
قاپاق تېرەك دالدىسىدا،
قۇچاقلاپ سۆيۈشكۈدەك.

توپلاپ رەتلىگۈچى: جاپپار ئەھەت.

# چاغاتايچە لۇغەت

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

«ر»

تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت

*　　　*

**رابىتە** [رابطە] (ئە) ئالاقە، مۇناسىۋەت؛ باغلىنىش؛ تەرتىپ، قائىدە:

ئىشىم بولدى كۈندىن قەۋى زابىتە،
تۇتار بولدى چوڭلار ماڭا رابىتە.

— ئا. نىزارى، ن. زىبيائى.

بۇ دىۋان ئىنشا ئاللاھكىم، بۇ رابىتە بىرلەكىم مەزكۇر بولۇپ مۇرەتتەب بولغاي ۋە بۇ رابىتە بىرلەكىم، مەستۇر بولۇپ ئېھيا تاپقاي.

— قېدىرخان يەركەندى.

**رابىئە** [رابع] (ئە) تۆتىنچى (دەرىجە سان):

سالىسىنى ھەيا گۈلشەنىغە بوستان بىل،
رابىئىنى ۋەلايەت بەدەنىغە جان بىل.

— نەۋائى.

**راتىبە** [راتبە] (پ) 1› كۈندىلىك نورما، كۈندىلىك تەمىنات؛ مائاش، ئىش ھەققى؛ نەپەقە؛ 2› مەرتىۋە، ئابروي:

زەيدغە راتىبەكى بولدى دەقىق،
نان ئىككى قۇرس ئېدى سۇۋ بىر ئىبرىق.

— نەۋائى.

**راجى** [راجى] (ئە) ئۈمىد؛ ئۈمىد قىلغۇچى، تەلەپ قىلغۇچى:

جەمالىڭ شەمئى ياقساڭ بەزمى ئۇششاق ئىچرە، ئەي دىلبەرە
خەيالىڭغە كەلۇرمۇ بىر دېمەك گۇمنام راجىم بار.

— گۇمنام.

**راجىئە** [راجع] (ئە) ئارتۇق، ئۈستۈن؛ مۇۋاپىق، لايىق:

ۋائىزى ئۇلكىم ئايتۇرۇ قىلماس،
ئېرۇر ئول ۋائىزنىڭ مۇڭا راجىپە.
— نەۋائى.

راجىپە ئەتمەك — ئەۋزەل بىلمەك، مۇۋاپىق دەپ قارىماق.

جىپە [راجع] (ئە) 1› قايتىش؛ قايتقۇچى:
ئەسلىگە راجىپە بولۇر ھەر شەيئ مۇسەللەمدۇر بۇ سۆز
ئەسلى ھەر شەيئىنىڭ قارادۇر كۆيدۇرۇپ كۆر ئاشكار.
— تەجەللى.

2› باغلىق، تېگىشلىك:
ھاۋ، دېسە شاھغە نۇقس راجىپە ئىدى،
يوق، دېمەك خۇد خىلافى ۋاقىپە ئىدى.
— نەۋائى.

راجىپە بولماق — 1› تېگىشلىك بولماق، باغلانماق، باغلىق بولماق؛ 2› قايتماق، يانماق؛

راجىپە قىلماق — قايتۇرماق، نېرى قىلماق؛ يوقاتماق:
فەلەكدىن مېھرى ئەنۋار بولدى تالىپە،
قاراڭغۇلۇقنى كۆزدىن قىلدى راجىپە.
— لۇتفى.

راز [راز] (پ) 1› سىر، ئەسرار:
جانا، فىراقىڭ خەلق ئارا كۆڭلۈمنى رەسۋا قىلغۇسى،
جاندا ياشۇرغان رازنى ياشىم ھەۋۋەيدا قىلغۇسى.
— لۇتفى.

2› يوشۇرۇن، مەخپىي، كۆرۈنمەيدىغان:
كۆڭۈل ئېرۇر بۇلبۇلى بوستانى راز،
قۇدس ھەرىمىدە بولۇپ راز جىلۋەساز.
— نەۋائى.

راز ئايتماق — سىر ئېيتماق، سىرنى ئاشكارا قىلماق:
خۇداغە كۆڭلىدە راز ئايتار ئېردى،
مۇنى ھەم كۆڭلىدە ئاز ئايتار ئېردى.
— ناقىس.

راز ئەھلى — سىرداشلار، سىر ساقلىغۇچىلار؛

راز ئەيلەمەك — ئېيتماق، بايان قىلماق؛ «راز ئايتماق» قا قاراڭ:
كۆڭۈل مۇددەئاسىنى راز ئەيلەبان،
كى قۇللۇغدا ئەرزۇ نىياز ئەيلەبان.
— ئا. نىزارى.

راز دېمەك — «راز ئايتماق» قا قاراڭ؛

راز دىل — «راز دىلى» غا قاراڭ:

ئەي، ئەسرى غەيردىن راز دىلىڭنى ئاسراغىل،
غەمنى غەمخارىڭغە ئايغىل، ئايماغىل غەممازغە.
— ئەسرى.

**راز دىلى** — يۇرەك سۆزى، مەخپىيەتلىك، سىر:
پادىشاھىغە ۋەزىرى بەردى پەندى سۇدمەند،
راز دىلى ئايتۇرغە ئۆزدىن ئۆزگە مەھرەم يوقتۇرۇر.
— مەشھۇرى.

**رازى پىنھان** — يوشۇرۇن سۆز، مەخپىيەتلىك؛ ئۇمىد، ئارزۇ، ئارمان:
ئەي سەبا، بارساڭ ئاڭا دۇشمەندەك ئەيلەپ ئېھتىيات،
رازى پىنھانىمنى ئايتۇر چاغدا ھەريانغە قارا.
— مەھزۇن.

**رازى پىنھانىي** — يوشۇرۇن سىر، «رازى پىنھانى» غا قاراڭ؛
**رازى دىل** — «راز دىلى» غا قاراڭ:
تاپمادىم ئۈستەپ قەلەندەر، دەھر ئارا باشدىن ئاياغ،
دېگەلى رازى دىلىم بىر ساھىبى ئەسرارنى.
— قەلەندەر.

**رازى رەمۇز** — سىر، مەخپىيەتلىك؛ يۇرەك سۆزى:
بىرى بىرگە دېدى رازى رەمۇزىن،
بىلىشتى ھەر ئىككى ھەم دەردى سۆزىن.
— خىرقەتى.

**رازى نۇھۇفت** — سىر، مەخپىيەتلىك؛
**رازى نىھان** — «رازى پىنھان» غا قاراڭ:
«ھە» ھەياتىم بارىچە، سەن شاھ، قۇلدۇرمەن ساڭا،
ھەرنە بۇ كۆڭلۈمدىكى رازى نىھانىم سەنمۇ سەن؟
— موللا سالىھ.

**دۇرى راز** — سىر دۇردانىلىرى، سىر ئۈنچىلىرى؛ يۇرەك سۆزلىرى:
دېدى ئەۋۋەل نەدىمى نۇكتە پەرداز،
تۆكۈپ گەنجىنەئى دىلدىن دۇرى راز.
— ناقىس.

**مەھرەمى راز** — سىرداش؛
**ھامىلى راز** — 1) سىر توشۇغۇچى؛ 2) سىر ساقلىغۇچى؛
**ئىفشائى راز** — سىر ئاچلاش.

**رازەلىق** [رازه ليق] تاش يونۇغۇچى:
مەۋلانا سالىھىي ... ئەۋۋەل رازەلىق سەنئەتىغە مەنسۇب ئېدى.
— نەۋائى.

**راز پەرداز** [رازپرداز] (پ) مەخپىي، سىرلىق.

**رازجو** [رازجو] (پ) سىر، مەخپىيەتلىك ئىزدىگۈچى:

كەيفىيەت سوردىكى نە هال ئىبردى بۇ،
شەيخ ئايتدى: كى ئەي رەفىقى رازجو.

— نەۋائى.

**رازدار** [رازدار] (پ) 1〉 سىرداش، مۇڭداش:

شاد ئىبرۇرمەن جانۇ كۆڭلۈم بىرلە بەرسەڭ مۇژدەئى،
رازدارىم، مېھرىبانىم، غەمگۇسارىمدىن ماڭا.

— مەهزۇن.

2〉 خەۋەردار؛ 3〉 ئىشەنچلىك.

**رازۇلۇغ** [راضولوغ] رازىلىق، «رازى» غا قاراڭ:

بەرمەگىلى نەھەد تۇرۇر كەلسە قەزاغە رازۇلۇغ،
قانغالى ئارزۇسىغە كۆرمەدىلەر رەۋا چىچەك.

— موللا سالىھ.

**رازى** [راضى] (ئە) باش ئەگكەن، قوبۇل قىلغان، ئىتائەت قىلغان:

ئەندەلىبغە خاردىن مەجنۇنغە ئەتفال تاشىدىن،
رازىدۇر يۈز جەۋرى يەتسە خار ئىلە خاراسىغە.

— موللا سالىھ.

رازى بولماق — كۆنمەك، قانائەت قىلماق، باش ئەگمەك، ئىتائەت قىلماق:

ئەرزى دىلىمنى ئىشتىبان رەھم ئەيلەسە مەن زارغە،
گۇل سۆيگەلى بولسە بەھەم رازى بولۇرمەن خارغە.

— موللا سالىھ.

**رازىق** [رازق] (ئە) رىزىق بەرگۈچى، رىزىقلاندۇرغۇچى، تويدۇرغۇچى (تەڭرىنىڭ سۈپىتى):

جەمىئى جەھاننىڭ ئىبرۇر خالىقى،
ھەمە زى نەفەسنىڭ ئىبرۇر رازىقى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رازىيانە** [رازيانه] (پ) ئارپابەدىيان.

**راست** [راست] (پ) 1〉 چىن، ھەقىقەت؛ توغرا؛ ئوڭ:

... فەرەڭ ئەلچىسى ۋەزىرنىڭ سۆزى راست چىقىپ ۋە ئانى ئىفشا قىلىپ، شاھ ۋەزىرنى زىنداندىن خەلاس قىلىپ ۋە شاھ قەفەسدەكى ئىككى كىشىنىڭ ھالىنى تەجەسسۇس قىلغاندا، خاجە نائىلاجلىقىدىن باشىغە كەلگەن سەرگۈزەشتىن بەيان قىلغانى.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 ﴾ ئۇدۇل، تۈپتۈز:

كېلۇر بىر كارۋان ئول يول بىلە راست،
يولۇقۇشتى شەھەنشاھ بىرلە بىخاست.
— لۇتفى.

3 ﴾ لايىق، مۇناسىپ؛ ئوخشاش، ماس؛ خۇددى:

ئەگەر راست بولساڭ ئاڭا مۇئتەقىد،
كى زىندانغە بارغىل بولۇپ مۇستەئىد.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4 ﴾ تازا، پاكىزە:

خىزىردىن ئىبلىس ئېرۇر ئەئما كەبى،
راست زۇمۇررەد بىلە ئەفئا كەبى.
— نەۋائى.

5 ﴾ مۇزىكا كۈيلىرىدىن بىرى؛

راست ئەيلەمەك — راسلىماق، تەييارلىماق:

بۇ شەھ ئەمر قىلدى تەبەھكارنى،
ئاسىڭ راست ئەيلەپ ئىگىز دارنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**راست قىلماق** — 1 ﴾ سازلىماق (چالغۇ ئەسۋابلىرىنى):

سەن مەي ئىچىبۇ راست قىلىپ ساز ئىلە ئاھەڭ،
مەن قان يۇتۇبۇ تارتىبان ئەفغان ئىلە نالە.
— نەۋائى.

2 ﴾ تەييارلىماق، راسلىماق، «راست ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

غەلەت، كەمنى يارانلار سىز قىلىڭ راست،
ئېرۇر دەرخاست بىزدىن قويماڭىز كاست.
— خىرقەتى.

**راست كەلتۈرمەك** — توغرىلىماق، توغرا كەلتۈرمەك؛

**راست كەلمەك** — ماس كەلمەك، توغرا كەلمەك؛ راست چىقماق؛

**راستىي-رەستىي** — «توغرا بولساڭ، قۇتۇلىسەن» مەنىسىدىكى ئىبارە.

راست بەسەر [راست بصر] (پ + ئە) توغرا كۆڭۈل:

تۈز كۆرگۈچى پاك نەزەر، ھۈنەر كۆرگۈچى راست بەسەر.
— نەۋائى.

راست رەۋ [راست رو] (پ) توغرا يۈرگۈچى، توغرا، ھالال.

راست رەۋلىق [راسث رولیق] توغرىلىق، ھالاللىق.

راستكار [راست كار] قۇتۇلۇش؛ ئاقلىنىش، پاكلىنىش:

ئاڭا راستىي-رەستىي كەلگەي بەكار،
قاچان راست بولماي بولۇر راستكار.
— نەۋائى.

راستگار بولماق ــ قۇتۇلماق.

راستگام [راست كام] توغرا يۈرگۈچى، توغرا قەدەم تاشلىغۇچى.

راستگو [راستكو] (پ) توغرا سۆزلۈك، توغرىسىنى، هەق گەپنى قىلغۇچى:

راستگو كىرسە بولماغاي ئاڭا جۇش،
سۈيى بەرگەي هەۋاسى چەشمەئى نۇش.
ــ نەۋائى.

راستگوي [راستكوى] (پ) «راستگو» غا قاراڭ:

تاپىلماي ئالەم ئىچرە بىر مۇۋافىق يار، مەگەر تاپتىم،
ئۆزى سافۇ سۆزى ساف راستگويلىغدە ئەيان كاغەز.
ــ خۇشهال غەرىبى.

راست مانەند [راست مانند] (پ) راستقا ئوخشاش.

راسۇ [راسو] (پ) سۆسەرلەر ئائىلىسىدىن بولغان يىرتقۇچ كىچىك هايۋان.

راسىخ [راسح] (ئە) [كۆپلۈكى: راسىخىن] 1 › مۇستەهكەم، تەۋرەنمەس، بەرقارار، دائىمي، مەهكەم تۇرىدىغان؛ 2 › بىلىدىغان، ياخشى بىلگۈچى؛

راسىخ بولماق ــ بەرقارار بولماق، مۇستەهكەم بولماق؛
راسىخ تۇتماق ــ مۇستەهكەم قىلماق، بەرقارار تۇتماق.

راغ [راغ] (پ) 1 › ئوتلاق، يايلاق؛ دالا:

نە مەشرىق، نە مەغرىب، نە شەهرۇ نە راغ،
كى بىر سائەت ئولماي بۇ ئىشتىن فەراغ.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

قىلىپ راغنى باغ ــ ئىلە بوستان،
كى جارى قىلىپ ئاندا ئابى رەۋان.
ــ ئا. نىزارى.

2 › باغ، باغچە؛ باغ ــ بوستان:

يەتتى سۇلتانغە بۇ سۆز باشدىن ئاياغ،
تىيرە بولدى كۆزلەرىگە باغۇ راغ.
ــ زەلىلى.

راغىب [راغب] (ئە) خالىغۇچى، تەلەپ قىلغۇچى؛ مايىل؛ خاهىش:

ئەگەر راغىب ئىپسەم دىل باغىغە ۋەسلى قەدەم قىلماق،
بەكىت كۆڭلۈڭە ئىتلار مېهرىنى راغىب قۇياشىمدۇر.
ــ گۇمنام.

راغىب بولماق ــ خالىماق، مايىل بولماق:

بۇلبۇل سەبادىن گۈلنىڭ ۋەسفىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى گۈلگە تالىب بولۇپ، بارۇرغە راغىب بولۇپ، سەبادىن بىرنەچچە سۇئال سوراغانى.

ــ خىرقەتى.

راغىب ئولماق ــ تەلەپ قىلماق، «راغىب بولماق» قا قاراڭ.

رافەت I [رأفت] (ئە) ئەسلى «رەئفەت» بولۇپ، ۋەزن ئېتىبارى بىلەن «رافەت» بويىچە ھەم ترانسكرىپسىيە قىلىنىدۇ؛ «رەئفەت» كە قاراڭ:

بولدى سەركەشلىكدىن ئانىڭ ئافەتى،
ئەجزۇ تۇفراغلىق بۇ بىرىنىڭ رافەتى.
— نەۋائى.

رافەت II [رافت] (پ) يېقىنلىق؛ «رەئفەت» كە قاراڭ.

رافېئ [رأفح] (ئە) يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، يۈكسەلدۈرگۈچى.

راقىم [راقم] (ئە) خەت يازغۇچى، كاتىپ:

...دىۋان تەكمىلىغە مايىل بولغاي ۋە يەنە داغى لەتافەت شىئار نازىملار زەرىفى ۋە زەرافەت دىسار راقىملار لەتايىفى ھەريان ئىستىمائ تۇشەركىم، كۆپرەك مەتبۇئ ۋە مەقبۇل ۋە مەئنى دەرياسىدا مۇنچە غەۋۋاس ئاراسىدا بەيابانغا خۇي قىلغان دىۋانە لىسانىدىن داغى بىگانە بولدى.

— قېدىرخان يەركەندى.

راقى [راقى] (ئە) دۇئاخان؛ سېھىرگەر، سېھىر قىلغۇچى:

يانە راقىيۇ ساھىرى ھۇنەرى،
دەفئ ئېتەردۇك زىيانى دېۋۇ پەرى.
— نەۋائى.

راك [راک] ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن بىرى:

ھەجرىدە مەن ئوقۇپ غەزەل راك ئىلە مۇختەلىف نەئىن،
بەلكى نەۋادا قىچقىرىپ خەلق ئارا بىنەۋا بولاي.
— موللا سالىھ.

راك، ئوشاق ۋە ئوشاقنىڭ مەرغۇلەلارىنى ئىجاد ۋە كەشف قىلىپ ئالەمگە يايغان، شاگىردلارىغە تەئلىم قىلغان ئېردى.
— مۆجىزى.

راكىب [راكب] (ئە) ئاتلىق، ئات (ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارنى) مىنىپ يۈرگۈچى:

مىنىسە ئەبرەش ئول قۇياش، كۆيمەي نېتەيكىم، بابىرا،
مېنى كۆيدۈرمەككە يەلدۇر مەركەب، ئوتدۇر راكىبى.
— بابىر.

**راكىب بولماق** — «راكىب ئولماق» قا قاراڭ:

چۇ شەھ باد پەيماغە راكىب بولۇپ،
تەقى ماھ بارماقغە راغىب بولۇپ.
— ئا. نىزارى.

**راكىب ئولماق** — بىرەر ئۇلاغقا مىنمەك؛ ئاتلانماق.

راكېئ [راکع] (ئە) رۇكۇ قىلغۇچى، بېشىنى ئەگكۈچى، ئىككى پۈكۈلگۈچى:

ئەي نەۋائى، ئىستەسەڭ بەرگىۋ نەۋا بۇ باغ ئارا،
گۇلدەك ئول راكىۋ، كىچە بۇلبۇل كەبى بىدار سۇبھ.
— نەۋائى.

راكىۋ ئولماق — ئېچىلمەك، پۆكۆلمەك.

رام [رام] (پ) پەرمانبەردار، بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش:
كۆڭۈل ئىشقىڭ بىلە بولدى بەسى رام،
نى يەرگە يەتكۇسى ئاخىر سەرەنجام.
— سەيىد ئەھمەد.

رام ئەيلەمەك — 1› جەلىپ قىلماق، ئۆزىگە تارتماق:
دانەنى ئادەمگە سەن دام ئەيلەدىڭ،
نەفسنى ئول دانەغە رام ئەيلەدىڭ.
— خەراباتى.

2› ئىتائەت قىلماق، ئىتائەتكار بولماق؛

رام بولماق — مايىل بولماق، بويسۇنماق:
تەسەللىي خاتىر دېدىم ياخشى سۆز،
بولۇپ ئەندەكى رام بۇ قىز ئاچتى كۆز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رام قىلماق — «رام ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

رام ئولماق — «رام بولماق» قا قاراڭ:
نېتكۆڭ، ئەي جان، گەرچە ئىستەر بۇتى ئارامىڭ سېنىڭ،
رام ئولغان كۆپدىن ئوق ئارامى جانىم بولسە بەس.
— ئەرشى.

رامىش [رامش] (پ) 1› پاراغەت؛ رەھمەت قىلىش؛ 2› ناخشا، مۇزىكا:
كى ئول ئۇن بىلە ئەيلەگىل رامىشى،
كى يەتكەي ماڭا بىردەم ئارامىشى.
— نەۋائى.

رامىش ئەيلەمەك — كۈيلىمەك، مۇزىكا چالماق.

رامىشگەر [رامشكر] (پ) ناخشىچى؛ مۇزىكانت:
زۇھرە داغى فەخر ئېتىپ بولمىش ئىدى رامىشگەرى،
خىزمەتىدە خەم قىلىپ قەددىنى چەرخى چەنبەرى،
......
— ئەرشى.

رامىشى [رامشى] (پ) كۈيلىگۈچى، (مۇزىكا) چالغۇچى.

رامىھ [رامح] (ئە) 1› (ھەرىكەتتىكى) ئاتلىق ئەسكەر؛ 2› نەيىزە تۇتقان، نەيزىلىك؛ 3› يۇلتۇز نامى؛

سىماقى رامىھ — ئەسەد بۇرجى (ئون ئىككى بۇرجنىڭ بىرى) دىكى بىر يۇلتۇزنىڭ نامى؛ «بۇرج» قا قاراڭ:
ئوتاغەلەرىدىن نەسرى تايىرغە زەم، نەيزەلەرىدىن سىماقى رامىھ يۈزى دەرھەم.

— نەۋائى.

ران [ران] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «يۈرگۈزگۈچى، ماڭغۇزغۇچى، كەتكۈز-گۈچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

**زەئفران** — كۈچسىزلىكنى، ماغدۇرسىزلىقنى كەتكۈزگۈچى؛ كۈچكە، ماغدۇرغا كىرگۈزگۈچى.

راھ I [راح] (ئە) 1› شادلىق؛ 2› مەجھۇل م: مەي، شاراب:

ئۈچۈرگەچ غۇسسە راھىن مېھر ئاياغى،
شەفەق يۈزىگە چىقمىش كۆڭلى قانى.
— ئەرشى.

**راھى رەيھانىي** — كۆكۈش ۋە خۇش بۇي مەي؛

**راھى گۈلفام** — گۈل رەڭ، ئەتىرگۈل رەڭلىك مەي، قىزىل مەي، قىزىل رەڭلىك شاراب:

تۇمەن جىلۋە بىرلە ئالىپ جامنى،
كى پۇر ئەيلەبان راھى گۈلفامنى.
— ئا. نىزارى.

**راھى نەھرۇن - نىجات** — نىجاتلىق دەرياسىنىڭ شارابى، ئاسايىشلىق مېيى.

كى بولسۇن ماڭا راھى نەھرۇن - نىجات،
تاپاي زەۋقىدىن جاۋىدانى ھەيات.
— ئا. نىزارى.

**راھى ۋەسل** — ۋىسال شارابى، ئۇچرىشىش مېيى:

ئايا ساقىيا، تۇت ماڭا راھى ۋەسل،
بولاي زەۋقى - شەۋقىدە مىسباھى ۋەسل.
— ئا. نىزارى.

راھ II [راه] (پ) يول؛ مەسلەك؛ ئېتىقاد:

يەئنى تەرىقەت يولى تۇرفە راھى مۇستەقىم،
ئاندا قەدەم راست قويىكىم خەتەر بولماسا.
— زەلىلى.

**راھى ئەدەم** — يوقلۇق يولى:

ئەي گۆرىستان ئەھلى بىر - بىر تۇتۇگىمىز راھى ئەدەم،
كىم مەلۇل ئولماڭ بۇ كۈن تاڭلا قىيامەت ئەنقەرىب.
— زەلىلى.

**راھى راست** — توغرا يول:

يا رەببا، ھەركىم مۇنافىق بولماغاي،
راھى راست بەرگىلكى، فاسىق بولماغاي.
— خەراباتى.

ئەزمى راھ ــ يولغا چىقىش:
زەمىن تۇفراغى ھەم بەغايەت سىياھ،
ئانىڭدىن تۇشۇپ ئەيلەدىم ئەزم راھ.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

تۇشە راھى ــ سەپەر ئوزۇقى، يول ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى:
ياشلىقىمدا گەۋھەرى تائەتنى بەرباد ئەيلەدىم،
تۇشە راھى ئاخىرەت بىلكۇل ئەدا بولدى، دەرىغ.
ــ شەۋقى.

تۇشەئى راھ ــ «تۇشە راھى» غا قاراڭ:
كېتەر يولۇڭغە نە لازىم كۆزۈڭنى ئاچ غافىل،
نەدۇركى تۇشەئى راھىڭ ئاخىرنى قىلغىل ياد.
ــ شەۋقى.

خاكى راھ ــ يولنىڭ توپا ـ تۇپرىقى؛ يولنىڭ چاڭ توزىنى:
خارلىق ھەددىن ئاشۇرماڭ، چۈنكى ئىززەت يولدادۇر،
ئاتىڭىز نەئلىندە بىزنى خاكى راھ ئەيلەپ ئۆتتۈڭ.
ــ لۇتفى.

شاھ راھ ــ پادىشاھلىق يول، خان يولى؛ كاتتا يول:
شاھ راھ شەرئىنى تا ئۆلگۈچە تەرك ئەتمەگىل،
قەۋلى پەيغەمبەر دۇرۇر ئۇممەتكە دەستۇرۇل ـ ئەمەل.
ــ زەللى.

**راھەت** [راحت] (ئە) تىنچلىق، ھۇزۇر، لەززەت، دەم ئېلىش:
يا كۆكۆلنىڭ راھەتى يوق يا بەدەننىڭ قۇۋۋەتى،
ئول گۇلى ئەسفەر كەبى چېھرەم قالىپدۇر سارغەرىپ.
ــ موللا سالىھ.

راھەت سىرىشت ــ راھەت ئارىلاش:
رەۋزەئى فىردەۋس ئېرۇر ھەرقانچە كىم راھەت سىرىشت،
يوقتۇرۇر مەشھۇرىدە جۇز ئارزۇيى ۋەسلى بار.
ــ مەشھۇرى.

راھەتۇ ئىشرەت ــ راھەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت:
مىڭ دېدىم ئەرزىمنى، بىرى بولمادى باۋەر ساڭا،
كۆرمەدى ھەرگىز جەھاندە راھەتۇ ئىشرەت يۈزىن.
ــ قەلەندەر.

راھەتى دەۋران ــ دەۋرنىڭ راھەت، پاراغىتى:
تا كۆڭۈل بەردىم ساڭا، ئەي مەھۋەشى ھۇرى زەمان،
راھەتى دەۋران يۈزىنى بىر زەمانى كۆرمەدىم.
ــ قەلەندەر.

**راھەتەين** [راحتین] (ئە) ئىككى راھەت؛

ئەل - يەئسۇ ئەھدەر - راھەتەين ـ ئۈمىدسىزلىك ئىككى راھەتنىڭ بىرى:

ساقىيا، كۆپ ۋەئدە قىلدىڭ، راھ ئىلە راھەت يېتۈر،
يوقسە قىل مەئيۇسكىم، ئەل - يەئسۇ ئەھدەر - راھەتەين.
— نەۋائى.

راھبەر [راهبر] (پ) باشقۇرغۇچى؛ يول كۆرسەتكۈچى، يولباشچى، يېتەكچى:

دېدىم: يەتسە ناگاھ بۇلاردىن زەرەر،
مەنى ناتەۋانغە بولۇڭ راھبەر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

راھرەۋ [راهرو] (پ) يولۇچى، ساياھەتچى:

كۇفرۇ ئىمان راھرەۋغە كىش ئەمەس،
ئەسل يولدا بەند راھى بىش ئەمەس.
— نەۋائى.

راھزەن [راهزن] (پ) ئوغرى؛ يول توسار، قاراقچى:

مەستانە نەۋا بىرلە قوياي كەئبە سارى يۈز،
كىم يولدە مېنى مۇغبەچەئى راھزەن ئىستەر.
— تەجەللى.

كى بىر ئوق بىلە ئەلنى قىلدى خەلاس،
ھەمە راھزەنلەردىن ئالدى قىساس.
— ئا. نىزارى.

راھشۇناس [راهشناس] (پ) يول تونۇغۇچى، يول بىلگۈچى.

بولدۇڭ چۇ بەلادە راھشۇناسىم،
باردۇر ساڭا مۇنچە ئىلتىماسىم.
— نەۋائى.

راھنەما [راه‌نما] (پ) «رەھنەما» غا قاراڭ.

راھنەمۇن [راه‌نمون] (پ) «رەھنەما» غا قاراڭ.

راھنەۋەرد [راه‌نورد] (پ) «رەھنەۋەرد» كە قاراڭ.

راھۋار [راهوار] 1 › يولۇچى، يول يۈرگۈچى:

ئايدى يەتىم: ئەي، ئەرەبى راھۋار،
ئۆزگە شۇتۇرنىڭكى ئاياغلەرى بار.
— زەلىلى.

2 › يول يۈرمەك، ئاتلانماق، ماڭماق:

كى ئاندىن بولۇپمىز يەنە راھۋار،
قىلىپ ئىختىيارۇ ۋىدائۇ دىيار.
— ئا. نىزارى.

راھىب [راهب] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇھبان] خرىستىئان دىنىدىكى تەقۋادارلار،

زاھىد، موناخ؛ تەركى دۇنيا قىلغانلار:

يارامас قۇلغە ئالۇر ساھىبى،
كىتەر ئۆز يىرىگە ئەمەس راھىبى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**راھىبى جاۋىد ئەتمەك** — يولباشچىلىق قىلماق:

كۆڭلۈڭنى زەمان بەھرەسىدىن نەۋمىد ئەت،
نەفسىڭگە بۇ ئىشنى راھىبى جاۋىد ئەت.
— نەۋائى.

**راھىلە** [راحله] (ئە) ئات ـ ئۇلاغ، يۈك ھايۋانلىرى:

كىم قىلسە سەفەر يۈك بىلە، خەۋفۇ خەتەرى بار،
نى مال، ئوزۇقۇ راھىلە، بىخەۋفۇ خەتەرمەن.
— گۇمنام.

**راھىم** [راحم] (ئە) باشپاناھىم، مىھرىبانىم، شەپقەتچىم (تەڭرىنىڭ سۈپىتى):

قەلەندەرغە بىرىپسەن ئىلمۇ فەزلى دەۋلەت، ئەي راھىم،
ئەتا قىلغىل يەنە ئاخىر دەمىدە نۇرى ئىمان ھەم.
— قەلەندەر.

**راۋەند** [راوند] (پ) بىر تۈرلۈك دورا ئۆسۈملۈكى:

بىلە دورى، راۋەند، نىلپەر، كۈن دورى،
سۆرۈنجان، خۇللەنجان، كىبابە، سەلىخ.
— موللا بىلال.

**راۋىي** [راوى] (ئە) رىۋايەت قىلغۇچى، قىسسە ئېيتقۇچى. نەقىل كەلتۈرگۈچى؛ خەۋەر، مەلۇمات بەرگۈچى:

قۇلاق تۇتغىل رىۋايەت قىلسا راۋىي،
ئىشىتكىل بۇ غەزەلنى دەر ھەۋائىي.
— سەيىد ئەھمەد.

**راۋىيى نۇكتەدان** — ھېكمەت سۆزلىگۈچى، رىۋايەتچى:

رىۋايەت قىلۇر راۋىيى نۇكتەدان،
كى ئۆتكەن زەماندىن نەچە داستان.
— ئا. نىزارى.

**راۋىيان** [راويان] (ئە) [بىرلىكى: «راۋىي»] 1) «راۋىي» غا قاراڭ؛ 2) رىۋايەت، قىسسە:

كەل، ئەي ۋەئىزگوي، ئەيلەگىل راۋىيان،
قىلىپ ئاقسۇدىن ئەمدى بىر داستان.
— موللا شاكىر.

**رائىز** [رائض] (ئە) تەربىيىلىگۈچى، ئۆگەتكۈچى؛ مەشق قىلدۇرغۇچى؛ «رايىز» غا قاراڭ:

كۆڭۈلكىم، ئەسرۇ تەۋسەن ئېردى زۇھد ئايىنىدە، كۆڭۈل،

كى ئىشقىنىڭ رائىزىدىن نىپ زەبۇنلەردەك يۇۋاشىپدۇر.
— نەۋائى.

**رائىي** [راعى] (ئە) باشچى، سەركەردە، ھۆكۈمران:
رائىي ئۇل دېھقانىكى نان بەرگەي رىيا،
بولغاي ئۇل مەھشەر كۈندە روسىيا.
— خەراباتى.

**رائىيە** [رائيه] (ئە) ئاخىرى «ر» ھەرپلىك سۆز:
**رائىيە قەسىدەسى** — قاپىيىسى ياكى رادىپى «ر» بىلەن تۈگىگەن قەسىدە؛
**قەسىدەئى رائىيە** — «رائىيە قەسىدىسى» گە قاراڭ.

**راي I** [راى] (ئە) 1 › پىكىر، ئوي، قاراش؛ ئەقىل، پەم، پاراسەت:
ئانىڭ رايى بىرلە تۈزەلدى جەھان،
كى ئاباد بولدى بۇزۇلغان مەكان.
— ئا. نىزارى.
2 › ئىرادە، خاھىش؛ ئىختىيار:
كېرەك ئۆلتۈر، كېرەك ئەرسە قۇلۇڭمەن،
مۇبارەك بۇيرۇغۇڭدۇر قۇتلۇ رايىم.
— سەيفى سەرايى.
3 › قارام، تەۋە:
فەلەك شەمئى رايى مۇنىرى ئانىڭ،
مەلائىك چىراغى زەمىرى ئانىڭ.
— نەۋائى.
4 › يول:
سەھەر ۋەقتى بىر راي تاپتى سەۋاب،
ئالىپ غەيب دوشىزەسىدىن نىقاب.
— نەۋائى.
**رايى ئالەم ئاراي** — ئالەمنى بېزىگۈچى (بېزەتكۈچى) پىكىر؛
**رايى ئەلىل** — خاتادىن خالى بولمىغان چۈشەنچە، قاراش؛
**رايى ئەئزەم** — ئۇلۇغ پىكىر؛ كاتتا ئىختىيار، چوڭ ھوقۇق:
خاجەنى رايى ئەئزەم پادىشاھ دارغا ئاسقالى بۇيرۇغان ھالەتدە پادىشاھغە كېسەل ئارىز بولۇپ، مەھبۇسلارنى قويا بەرگىلى بۇيرۇغانى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
**رايى پاك** — توغرا پىكىر؛
**رايى خىرەد** — ئەقىل، ئىدراك ئىلاجى:
دىماغ ئىچرە خەبىت ئولدى بىھەددۇ ئەد،
فۇتۇر ئولدى ئايىنى رايى خىرەد.
— نەۋائى.

رايى دىلپەزىر ــ كۆڭۈلگە ياقىدىغان سۆز، پىكىر؛
رايى رەفيۋ ــ يۈكسەك، ئۇلۇغۋار پىكىر؛
رايى سايىب ــ توغرا پىكىر، توغرا، ھەققانىي پىكىر؛
رايى سەۋاب ــ توغرا ئوي، توغرا قاراش، پىكىر.
رايىغە كىرمەك ــ بىراۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلماق، سۆزىگە كىرمەك؛
رايى گەردۇن ــ قىسمەت، تەقدىر:

رادي گەردۇنغە دەست تاپقۇسىدۇر،
كۆكنى ئالىدە پەست تاپقۇسىدۇر.
ــ نەۋائى.

راي مەزبۇت ــ خاتىرىسى ياخشى؛ ئەستە مەھكەم ساقلىنىدىغان ئوي-پىكىر:

يىگىتچىكە فىكىر بىرلە رايى مەزبۇت،
خوتۇنى ھۇسن بىرلە خەتتى مەنقۇت.
ــ ناقىس.

خۇد راي ــ بىر سۆزلۈك، ئۆز پىكرىنى راست قىلىدىغان؛ ئۆز بىشىمچى؛
ھۇمايۇن راي ــ قۇتلۇق پىكىر، ياخشى ئوي.

راي II [راى] ھىندى پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

رايەت [رايت] (ئە) [كۆپلۈكى: رايات] بايراق:
رايەتى گەردۇنساي ــ ئاسمانغا، كۆككە تۇتاشقان بايراق.

رايزەن [راى زن] (ئە + پ) 1› پىكىر قىلغۇچى؛ بىلدۈرگۈچى؛ سۆزىنى ئۆتكۈزگۈچى؛ سۆزى ئۆتكۈر:

تۈزۈپ ھىكمەت ئەھلى بىلە ئەنجۇمەن،
بولۇر ئىردى بۇ ئەمردە رايزەن.
ــ نەۋائى.

2› دانا، ئەقىللىق؛ مەسلىھەتگوي.
رايزەن بولماق ــ پىكىرلەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك، پىكىر ئالماشتۇرماق.

رايگان [رايكان] (پ) پۇلسىز؛ تىپىۋالغان، بىكارغا كەلگەن نەرسە:

بىرۇرسەن ئاندا قۇشنى رايگانە،
تاپالماي بەرمەشىگە ھىچ بەھانە.
ــ ناقىس.

رايىج [رايج] (ئە) ئىستىمالدىكى، قوللىنىلىۋاتقان؛ ئۆتىدىغان (پۇل، ئاقچا):

ئۆز سۆلۈكىغە نەتايىج ئىستەدى،
قىلماق ئۆز نەقدىنى رايىج ئىستەدى.
ــ نەۋائى.

رايىجە [رايجه] (ئە) «رايىج» غا قاراڭ.
رايىز [رايض] (ئە) ئات چاپتۇرغۇچى، ئات ئۆگەتكۈچى، چەۋەنداز؛ «زائىز» غا قاراڭ.
رايىھە [رايحه] (ئە) ھىد، ئىس، بۇي.

رەئايا [رعايا] (ئە) [بىرلىكى: رەئىييەت] «رەئىييەت» كە قاراڭ:
تۇرغۇزۇبان شەھر ئىچىدە تۆرت ئاي،
خىزمەت ئېيتىپ بەگۇ رەئاياۋۇ باي.
— زەلىلى.

رەب [رب] «رەبب» گە قاراڭ:
تەلەبدىن قالما شەۋقى ئىزدە رەبدىن،
دەرى رەھمەت ئاچىلغاي ئىرتىھال شەيخ.
— شەۋقى.
قەزاراكى بىر كۈن ئىدى نىمشەب،
قىلىپ بەندەلىك مەن بەدەرگاھى رەب.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەبا [ربا] (پ) قوشما سۆز تەركىبىدە «تارتقۇچى، ئالغۇچى، كۆتۈرگۈچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:
دېدى پىر: بۇ بەچچە ماگا ئەقرەبا،
كۆرۈپ خۇب بۇت ئەتمىش دىلنى رەبا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
پەردە رەبا ئولماق — پەردىنى كۆتۈرمەك.

رەباب [رباب] (پ) راۋاب (چالغۇ ئەسۋابى):
قىلمادى جەمشىدۇ ئىسكەندەرگە بۇ دۇنيا ۋەفا،
چالغىل، ئەي مۇترىب، رەبابۇ قانۇنۇ سەتارىنى.
— قەلەندەر.

رەبات [رباط] (ئە) [كۆپلۈكى: رەباتات] مۇساپىرخانا، كارۋان سارىيى، يولۇچىلار قونالغۇ قىلىدىغان ئۆتەڭ:
تازە تاپىپ تەندە دىلۇجان، ھەيات،
يول يۈرۈدۈك تا تەرەفى قۇم رەبات.
— زەلىلى.
رەباتى ئالىي — ئالىي قونالغۇ جاي، ئالىي كارۋان ساراي؛
ئەسكى رەبات — كۆچمە م: دۇنيا.

رەباي [رباى] (پ) «رەبا» غا قاراڭ:
ھۇشرە باي — ھۇشىنى زايلاندۇرغۇچى.

رەبايەندە [رباينده] (پ) ئۆزىگە تارتىدىغان، جەزىبىلىك:
ئىككىنچى قىسىم ئولدۇركى، جەمئى ھالاتى ۋەناخۇش خەيالاتى ئۆزىگە پىسەندىدە ۋە رەبايەندە، مۇستەھسەن ۋە خۇشايەندە كۆرۈنگەي.
— نەۋائى.

**رەبب** [رب] (ئە) تەڭرى، خۇدا، پەرۋەردىگار، ئاللا:

ئەجەب ئىبرەمەس كەرەمىدىن ئەتائى شەۋقىغە،
خۇدايى رەببىيۇ ھەسبى قازىيۇل ـ ھاجات.
— شەۋقى

رەببى رەھىم ـ ناھايىتى شەپقەتلىك تەڭرى، پەرۋەردىگار:

ئاسراغاي بارچە يامانلىقدىن سىنى رەببى رەھىم،
تەر چىكىپ ئۇتدەك يانىپسەن مەي ئىچىپ ھەستانە سەن.
— قەلەندەر.

رەببى غەفۇر ـ (گۇناھلارنى) كەچۇرگۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى ئاللا.

**رەببانىي** [ربانی] خۇداغا مەنسۇپ:

ئۇلۇمى فەيزى رەببانىي ئەتا قىلمىش خۇدا سانىسىز،
ۋۇجۇدۇڭ ئىبردىلەركىم ئىلمى ھىكمەت بابىدىن يەنبۇئە
— شەۋقى.

**رەببەنا** [ربنا] (ئە) ئەي، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز؛ تەڭرى:

نەچچە كۈن ياتتىم پۇتۇم ئاغرىق بولۇپ، يالغۇز خەفاە
رەببەنا، دۇشمەنگە كۈلكۈ قىلماغىل، دوستغە تەفاە
— موللا سالىھ.

تىلەرمەن كىچە ـ كۈندۈز زار بىرلە،
تىلىمغە جارى ئەيلەپ «رەببەنا» نى.
— خىرقەتى.

**رەببۇل ـ جەلىل** [رب الجليل] (ئە) ئۇلۇغ تەڭرى:

«زەلەمنا» دىيبان يىغلادى نەچچە يىل،
كەرەم ئەيلەدى باز رەببۇل ـ جەلىل.
— غەرىبى.

**رەببۇن** [ربون] تەڭرى، ئاللاھ:

زىيارەتكە سەبەبدۇر نىئمەتى كۇبراغە شۇكر ئەتمەك،
بەسەندەست «ئۇممەتۇن مۇزنىبەتۇن رەببۇن» فۇر مەزكۇر.
— شەۋقى.

**رەببىكە** [ربك] (ئە) ئىگەڭ، پەرۋەردىگارىڭ، تەڭرىڭ:

بۇيى گۇلنىڭ ئانھەزرەتى رەببىكە ئەلادۇر،
بۇ گۇلنى قىلاي تۇھفە ئۇ زىيبا سەنەمىگە.
— موللا سالىھ.

**رەببىل ـ فەلەق** [رب الفلق] (ئە) سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى، تاڭ سەھەرنىڭ ياراتقۇچىسى:

يۇز كىسرىھ دەۋراندىن ئۇلغاچ ئەيلەمىش كوڭلۇم قەلەق،
شايەد ئەتكەي دەفئ بۇ مۇشكىللەرىم رەببىل ـ فەلەق.
— ئەرشى.

رەببىل - ئىززەت [رب العزه] (ئە) قۇدرەت ئىگىسى؛ شەرەپ ئىگىسى:

باشىدىن ئەۋرۇلۇپ قىلسام ئىكەنمەن جانىمە قۇربان،
كېلىپدۇر رەببىل - ئىززەتدىنكى «كۇللۇمەن ئەلەيھافان».
— موللا سالىھ.

رەببىئۇل - ئەئلا [رب الاعلى] (ئە) ھەممىدىن يۇقىرى خۇدا، مەرتىۋىلىك ئاللا، خۇدا:

تەلبە مەشرەب يىغلايۇر يا رەببەنا،
«رەببىئۇل - ئەئلا» دېسەم بولغايمۇكىن.
— مەشرەب.

رەبت [ربط] (ئە) 1 › باغلىنىش، تۇتىشىش؛ 2 › ئالاقە، ئالاقىدارلىق:

تۈز كۆرگۈچى پاك نەزەر، ھۈنەر كۆرگۈچى راست
بەسەر، ئۇلكىم، دىماغىدا خەبت — سۆزىدە يوق رەبت.
— نەۋائى.

3 › قائىدە، ئىنتىزام:

مۈلك ئىشى زەبتۇ رەبتسىز بولدى،
سەلتەنەت ئەمرى زەبتسىز بولدى.
— نەۋائى.

رەبت ئەيلەمەك — باغلانماق؛ ئالاقە قىلماق؛
رەبت بەرمەك — ئالاقىلاشتۇرماق، ئۇچراشتۇرماق.

رەبۇد [ربود] (پ) ئېلىنغان، تارتىلغان:

مۇسلىھ تىلەغىل رەبۇد دۇشمەنلىغىغە،
لېك ئەتمە تەلەب ھەسۇد دۇشمەنلىغىغە.
— نەۋائى.

رەبۇدە [ربوده] (پ) «رەبۇد» قا قاراڭ:

رەبۇدە ئەيلەمەك — تارتماق، ئۆزىگە قاراتماق.

رەبئ [ربع] زېمىن، جاي:

رەبئۇ ئەتلال — ئاۋات، پاراۋان تۇرار جاي.

رەبىئ [ربيع] (ئە) باھار، كۆكلەم:

فەسلى رەبىئ — باھار مەۋسۇمى:

گويىيا يەر ئۆزرە گۈللار كۆرسەتۇر فەسلى رەبىئ،
سەفھەدە ئەرشى ئاچىلدۇرمىش گۈلى ئەشئارەلەر.
— ئەرشى.

رەبىئۇل - ئاخىر [ربيع الاخر] (ئە) تۆتىنچى ئاي (ھىجرىيە يىل ھېسابىدا).

رەبىئۇل - ئەۋۋەل [ربيع الاول] (ئە) ئۈچىنچى ئاي (ھىجرىيە يىل ھېسابىدا).

مۇھەررەم يەۋمى ئاشۇرا بىلەن ساھىبقىران كەلمىش،
سەفەر غەمدىن رەبىئۇل - ئەۋۋەل ئاخىر شادمان كەلمىش.
— مەشەۋقى.

**رەتب** [رطب] (ئە) يېڭى؛ ھۆل، نەم؛ يۇمشاق، مۇلايىم؛ ئېگىلىشچان.

**رەتل** [رطل] (ئە) 1 › رەتل (ئېغىرلىك بىرلىكى بولۇپ 449.3 گرامغا تەڭ)؛ 2 › قەدەھ، پىيالە:

چۇ بىر رەتل نوش ئەيلەبان مەست ئولۇپ،
كى ساقىي ئاياغىدا ـ ئوق پەست ئولۇپ.
— نەۋائى.

**رەتلى گەران** — 1 › قىممەت باھا بىر قاداق (نەرسە)؛ 2 › ۋەزنى تەخمىنەن بىر قەدەھ كېلىدىغان مەي، بىر پىيالە مەي.

**رەجا** [رجا] (ئە) ئۇمىد، تىلەك:

**رەجا ئەتمەك** — ئۇمىد قىلماق، تىلىمەك؛

**رەجايى جاۋىدان** — دائىمىي تىلەك، دائىمىي ئۇمىد.

**رەجە** [رجە] ئۆلچەم، مۆلچەر، پىلان، بەلگىلىك تەرتىپ، قائىدە، رېجە:

تا رەجە چەكمەس يېرىگە باغبان،
باغ ھەمانۇ زېبدە جاڭگال ھەمان.
— نەۋائى.

**رەجە تارى** — رېجە يىپى، تەرتىپ تانىسى.

**رەجەب** [رجب] (ئە) يەتتىنچى ئاي (ھىجرىيە يىل ھېسابىدا).

رەجەب تەئزىم مەئنى بىرلە شەھرۇللاھ ئەسەمدۇرلەر،
كىشى جەڭگۇ جەدەلنى ئىشتمەگەندىن ئەلئەمان كەلمىش.
— شەۋقى.

مۇنى بىلگىل بۇ مەئنى بىرلەن شەئبان شۇئبىدىن مۇشتەق،
ئانى شەھرۇر ـ رەسۇل دەرلەر رەجەبكە تەۋ ئامان كەلمىش.
— شەۋقى.

**رەجەز** [رجز] (ئە) ئەرۇز بەھرىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:

**رەجەزى مۇسەددەسى مەتۋىيى مەھبۇن** — ئەرۇز ۋەزنىدىكى رەجەز بەھرى تۈركۈمىنىڭ بىر ۋەزنى.

**رەجئەت** [رجعت] (ئە) قايتىش، ئارقىغا قايتىش، چېكىنىش.

بۇ تەئەججۇبلىق سەفەردىن چۇن تەئەققۇل قىلدى ئۇد،
سەير ئارا قىلغان كەبى زاھىر ئەتارۇد رەجئەتىن.
— نەۋائى.

**رەجىم** [رجيم] (ئە) لەنەت قىلىنغان، قوغلاندى:

نەفى ئىسبات ئوقىدىن لەشكەرى شەيتانى رەجىم،
قاچقۇسى مۇلكى خىتاي، ھىندى، ئورۇس شەھرى لاداق.
— شەۋقى.

**رەجۇلىيەت** [رجوليت] (ئە) ئەرلىك، مەرتلىك؛ باتۇرلۇق:

رەجۇلىيەت چۇ سەلب بولدى تەمام،
خاجە دەرگاھى سارى ئۇردۇم گام.
— نەۋائى.

**رەخ** [رخ] (پ) سىزىق، چاك، يېرىق:
رەخ - رەخ – يول - يول، چاك - چاك.

**رەخت** [رخت] (پ) 1 › نەرسىلەر، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر، جابدۇقلار؛ كىيىم - كېچەكلەر:
ئېلىپ بارغىل ۋۇجۇدۇڭ رەختىنى بازارى مەھشەرگە،
كەساد ئولماسدا رەختىڭ ئانچۇنانكىم، ئېئتىبار ئەيلەپ.
— شەۋقى.

2 › بېزەكلىك تۆشەك (يوتقان - كۆرپە)، گىلەم:
قويۇپدۇر بۇ ئەيۋان ئارا تۇرفە تەخت،
سالىپ ئاستىغە ھەم نەچە نەۋئى رەخت.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3 › مال، بايلىق؛ رەخت:
جۇملە رەختى ئاخىرەت قىلدىڭ بۇ شەيتان ئەلچىسى،
دەفتەرى ئىشقىڭنى سەرف ئەتكەن خەيالاتىڭ قانى؟
— مەشرەب.

**رەخت باغلىماق** – يۈك باغلىماق، سەپەر جابدۇقلىرىنى يىغىشتۇرماق، يولغا ھازىرلانماق؛ كېتىشكە تەييارلانماق:
باغلاغىل رەختى سەفەر بارماق ئۈچۈن ئامادە بول،
قالماغاي ئۇشبۇ جەھان ئىچىندە ئاخىر ھېچ شەي.
— قەلەندەر.

**رەختى سەفەر باغلىماق** – سەپەر يۈكىنى تاڭماق، مېڭىشقا تەييارلانماق.

**رەخش** [رخش] (پ) 1 › يۈگۈرۈك ئات، ئالا ئات، تۇلپار:
ئىتىدەك ئىرىشىپ رەخش ئىزىن سۇرمە قىلىپ،
باش ئىشىكىگە قويغان يارى غارىم كېلەدۇر.
— گۇمنام.

2 › نۇر، يورۇقلۇق؛ چاقماق:
ئاياغىڭ رەخشىنى فەرخۇندە ئۆزرە كۆزلەرىم سۈرتۈپ،
ھەياتى تازە تاپمىش نۇشىدىن سامى گۇلاب ئەيلەپ.
— ئەرشى.

**رەخش خىرامى** – ئاتنىڭ يورغىلاپ يۈرۈشى؛
**رەخش سۈرمەك** – ئات سالماق، ھۇجۇم قىلماق؛
**رەخشى تېزتەك** – چاپقۇر ئات، يۈگۈرۈك ئات؛

رەخشى گەۋھەر — پارلاق، نۇرلۇق گۆھەر.

**رەخشان** [رخشان] (پ) جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، يالتىراق، پارلاق:

كىم كۆرۈپدۇر دەھر ئارا سەندەك پەرىزادى زەمان،
زۇلفى سۇنبۇل، خالى مۇشكىن، ئارەزى رەخشان يىگىت.
— قەلەندەر.

رەخشان بولماق — پارلىماق، يالتىرىماق، نۇر چاچماق؛
رەخشان شىھاب — جۇلالىق چېقىن:

قارا تۈن كەلدى كۆلبەم سارى ئۇل گۇلرۇخ شتاب ئەيلەپ،
ئىبرۇركىم قەترە - قەترە خۇيلارىن رەخشان شىھاب ئەيلەپ.
— مەشھۇرى.

رەخشان قۇياش — پارلاق قۇياش؛
رەخشان ياساماق — يورۇتماق؛ كۆركەم قىلماق، پارقىراتماق؛
خۇرشىد رەخشان — نۇرلۇق قۇياش، پارلاق قۇياش:

تەلئەتىڭ چۈن ۋەززۇھادۇر ساچلارىڭ مانەندى شەب،
ھەم شەرافەت ئەۋجىدە خۇرشىد رەخشان سەنمۇسەن.
— موللا سالىھ.

شەمئى رەخشان — نۇرلۇق چىراق، نۇرلۇق شام:

ئەرشى ئاغنار ئۆلمەلىك قۇشدەك نېچۈككىم يارسىز،
بولماسۇن پەرۋانە، يا رەب، شەمئى رەخشاندىن جۇدا.
— ئەرشى.

لەئلى رەخشان — يالتىراق گۆھەر، نۇرلۇق ياقۇت:

سېلى ئەشكىم لالەگۇندۇر لەئلى رەخشانىن كۆرۈپ،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۇلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

مېھرى رەخشان — كۆڭلى نۇرلۇق:

كاكۇلۇڭ جان ئۇقدەسىدۇر ھەم ئىسى مۇشكى خوتەن،
مېھرى رەخشان يا تەجەللى يا مەھى تابانمۇ سەن؟
— ئەرشى.

**رەخشەندە** [رخشنده] (پ) «رەخشان» غا قاراڭ:

قۇياش ئىرمەس فەلەكدە يارنىڭ رۇخسارەسى دەرلەر،
كۆزى رەخشەندەسىكىم، شۇئلەدىن سەييارەسى دەرلەر.
— زەلىلى.

رەخشەندە بەرق — يالتىراق، پارلاق چاقماق؛
رەخشەندە كۆزگۈ — مەشرۇقەنىڭ پارلاق جامالى؛
رەخشەندە مېھر — پارلاق قۇياش، يورۇق ئاپتاب؛

**مەھى رەخشەندەسى** ــ ئاي جىلۋىسى، ئاي نۇرى:

فەرش ئولغان خىشتلاركىم كويىدا قىلمان بەدەل،
ئەيلەسە گەر ئەرز ئۆزىن كۆكنىڭ مەھى رەخشەندەسى
ــ ئەرشى.

**رەخنە** [رخنە] (پ) 1 › دەز، يېرىق، تۆشۈك، چاك:

ۋەسل قەسرىدۇر بەلەند، ئانداغ فەلەكنىڭ رەخنەسى،
يارنى قايدىن كۆرەر ئاشىق ئىنايەت بولماسا.
ــ مەشھۇرى.

2 › زەرەر، جاراھەت:

كۆز ئۇچى بىرلە باقتى تەگدى تىرە مىژگانى،
سىينەم ئۆزرە پەيكانى رەخنە قىلدى ۋەيران قىز.
ــ نەۋبەتى.

**رەخنە تۆشمەك** ــ زەرەرلەنمەك؛

**رەخنە سالماق** ــ 1 › بوشاشتۇرماق، سۇسلاشتۇرماق؛ 2 › تەشمەك، دەز كەتكۈزمەك.

**رەخنە ـ رەخنە** [رخنە رخنە] دەز، يېرىق، چاك ـ چاك:

ئىشق ئېلىنىڭ تۆئىمەسى غەم تىغىدىن قانىمۇ ئېكىن،
رەخنە ـ رەخنە ھەر تەرەف چۇن لالە خەندانىمۇ ئېكىن.
ــ گۇمنام.

**رەد** [رد] قايتۇرۇش، ئىنكار قىلىش؛ قوبۇل قىلماسلىق:

بۇ ئالەم زىيبىدىن بولغىل مۇجەررەد،
فەنا ئەھلى قىلىپدۇرلار ئانى رەد.
ــ ئەرشى.

«يېرىم ئىقلىم» دەپتۇر بىخىرەددۇر،
ئەگەر «بىر» دېسە ھەم يۈز قاتلا رەددۇر.
ــ ناقىس.

**رەد ئەتمەك** ــ «رەد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

**رەد ئەيلەمەك** ــ قايتۇرماق؛ ئىنكار قىلماق؛

**رەد قىلماق** ــ «رەد ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل ھەم قۇۋۋەتى رۇھى رەۋانىمدۇر چىلىم.
ــ ئەرشى.

**رەدد** [رد] (ئە) «رەد» كە قاراڭ:

قەبۇلدۇر نە يەئنى بەسكى سور دەپ،
ئانىڭ رەددىدە تەجرىد ئەھلى بىھەد.
ــ ئەرشى.

رەددۇ بەدەل ــ رەت قىلىش؛ تالاش ـ تارتىش:
ھەسەددىن بۇلار ئىچرە بولدى جەدەل،
بۇلار سۆزلەرى بولدى رەددۇ بەدەل.
ــ غەرىبى.

رەددۇ قەبۇل ــ رەد قىلىش ۋە قوبۇل كۆرۈش:
ئالىمنى زالىم ئەيلەدى، فاسىقنى پەرسا،
رەددۇ قەبۇل بىرلە ئەجەب كارخانەدۇر.
ــ زەلىلى.

رەددى باب ــ ئىشىكتىن قايتۇرۇش، ئىشىكتىن كىرگۈزمەسلىك:
سېنى مەئشۇقلاردىن سۆيمەكىم تاڭلاپ گۇناھ ئېركەن،
نېدۇر ئوششاقلار سىلكىدىن ئايرىپ رەددى باب ئەتتىڭ.
ــ گۇمنام.

رەددى بەلا ــ بالانى قايتۇرۇش:
زىنھار، ئەي مۇسافىر، شام ئولدى بىر دۇئا قىل،
رەددى بەلا دېدىلەر ھەر سۇھبەتى خۇدايى.
ــ زەلىلى.

**رەدىف** [رديف] (ئە) 1 > ئاتقا مىنگەشكۈچى، ئەگەشىپ، سۇكەدىشىپ بارغۇچى؛ 2 > شېئىر تۈزۈلۈشىدە مىسرا ۋە بېيىتلاردا قاپىيەدىن كېيىن تەكـ رارلىنىدىغان سۆز، رادىپ:
بۇ قائىدە ۋە رەدىف سۇلتان ساھىبقىرانىنىڭ ئىختىرائىدۇر.
ــ نەۋائى.

**رەز** [رز] (پ) تەك، ئۈزۈم:
لەبلەرىڭدۇر شەھدۇ شەككەر يادۇرۇر كانى نەبات،
ياكى جانىڭ شىرەسىدىن رەز چىقارىبدۇر قانات.
ــ قەلەندەر.

رەز چەمەنى ــ تەكزار، ئۈزۈمزار؛
رەز سۈيى ــ مەي، مۇسەللەس؛
رەز فەرزەندى ــ مەي، شاراب؛
رەز قىزى ــ ئۈزۈم، تەك قىزى؛ مەي، مۇسەللەس:
مەشھۇرى يۈرۈر خۇمار تارتىپ،
رەز قىزىغە ئىنتىزار تارتىپ.
ــ مەشھۇرى.

فەرزەندى رەز ــ «رەز فەرزەندى» گە قاراڭ.

**رەزالەت** [رذالت] (ئە) پەسلىك، پەسكەشلىك، تۆۋەنلىك، پەس تەبىئەتلىك، رەزىللىك:

بىلۇركى، روزى ئاڭا ھەق بېرۇر، ئۆزدەكىنىڭ،
بولۇر چۇ بەندەسى، بائىس ئېرۇر رەزالەت ئاڭا.
— نەۋائى.

**رەززاق** [رزاق] (ئە) رىزىق بەرگۇچى، رىزىقلاندۇرغۇچى:
كەرەمىڭ كەڭرۇ ئەھلى ئالەمگە،
لۇتف ئېھسان بىلەن ئەجەب رەززاق.
— شەۋقى.
بەندە ئاجىزغە يېتىشسە نامە ئەئمال ئوڭ تەرەف،
چەپ تەرەفدىن ساقلاغان سۇلتانى رەززاقىمغە ئەرز.
— شەۋقى.

**رەزم** [رزم] (پ) ئۇرۇش، جەڭ؛ غەۋغا:
چۇ بەندەر ئىچىدە تۇگەپ كارى رەزم،
ۋەتەن سارى يانماق ئىشىن قىلدى ئەزم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
ماڭا قەتل ئىشىنى قىلىپدۇركى جەزم،
تاپىپ خالى يەرنى ئىكەۋ تۇزسە رەزم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
رەزم ئەيلەمەك — جەڭ قىلماق، ئۇرۇشماق؛
رەزم تۇزمەك — ئۇرۇشماق، ئۇرۇش قىلماق، جەڭ قىلماق؛
رەزم سالماق — ئۇرۇش ئاچماق؛
رەزم مەيدانى — جەڭ مەيدانى؛
رەزمۇ كىن — ئۇرۇش ۋە جاڭجال (ئاداۋەت)؛
رەزم ئىچىندە تەلەف ئولماق — جەڭدە نابۇت بولماق، قۇربان بولماق؛
يوقاتماق.

**رەزمساز** [رزمساز] (پ) 1 › جەڭچى؛ 2 › جەڭگىۋار:
تۇمەن مىڭ قانىنىڭ ئولسام رەزمسازى،
سېنىڭ قانىڭغە بولغايمۇ مۇۋازى.
— نەۋائى.

**رەزمگاھ** [رزم گاه] (پ) ئۇرۇش جايى، جەڭ مەيدانى:
بۇ يەڭلىغ سىپاھ باشلابان ئىككى شاھ،
كى بىر كۈنچىلىك قالدى يول رەزمگاھ.
— نەۋائى.

**رەزمگەھ** [رزم گه] (پ) «رەزمگاھ» قا قاراڭ.

**رەزىل** [رذيل] (ئە) پەس، تۆۋەن؛ قەبىھ، ناكەس:
رەزىلى دەنىي — پەس، پەسكەش، بىۋاپا دۇنيا؛

رەزىلى دۇنيى — «رەزىلى دەنيى» گە قاراڭ.

**رەزىلۋەش** [رذيل وش] (پ) پەسكەش، يىرگىنچلىك.

**رەزىن** [رزين] (ئە) مەھكەم، قەتئىي؛ مۇھىم:

رايى رەزىن — قەتئىي پىكىر.

**رەس** [رسى] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «قىلغۇچى، يەتكۈچى، يېتىشكۈچى؛ كۆرگۈچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

چارە رەس — بىرەر ئىشنىڭ چارىسىنى تۇيىلاپ يەتكۈچى، ئىسلاجىنى قىلغۇچى؛

فەرياد رەس — (بىراۋنىڭ) داد - پەريادىنى ئاڭلىغۇچى، رەھىم قىلغۇچى؛ قۇلاق سالغۇچى:

نەچچە شامى غەمدە ئۇلسام، بولمايىن فەرياد رەس،
شاد ئۇلۇپ ئىلكىن قاقار بىللاھ ئۇل مەھرۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

**رەسا** [رسا] يېتىش، يېتىۋېلىش (يېتىشۋېلىش):

گەرچە تەرىقەتتە ئەمەسمەن رەسا،
تۇشە قىلاي سەبرۇ تەۋەككۇل ئەسا.
— زەلىلى.

نەھەددى كىمسەنىڭ باردۇر بىلىشدە ساڭا تەڭ ئۇلغاي،
فلاتون ئافەرىن ئەيلەر سىنىڭ ئەقلى رەسايىڭغە.
— قەلەندەر.

رەسا ئۇلماق — يەتمەك، يېتىشمەك.

**رەساس** [رصاص] (ئە) ‹1 قوغۇشۇن؛ ‹2 ئوق:

گەر شىكەستىم بولسا پەست ئەغياردىن تەئن ئەتمەگىز،
كىم، شىكەستىغە سەبەب ئالماسنىڭ باردۇر رەساس.
— بابىر.

**رەسان** [رسان] (پ) سۆز بىرىكمىلىرىدە «يەتكۈزگۈچى، كەلتۈرگۈچى، ئېلىپ كەلگۈچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

مۇجدە رەسان — خۇشخەۋەر كەلتۈرگۈچى، ئېلىپ كەلگۈچى؛

نەفئ رەسان — پايدا يەتكۈزگۈچى.

**رەسائىل** [رسائل] (ئە) «رەسايىل» غا قاراڭ:

ھەر يەردەكى ئۇل دەبان مەسائىل،
ئاندىن فۇقەھا يازىپ رەسائىل.
— نەۋائى.

**رەسايىل** [رسايل] (ئە) [بىرلىكى: رىسالە] رىسالىلەر، كىتابچىلار؛ مەكتۇبلار.

**رەسەد I** [رسد] (پ) ئۈلۈش، ھەسسە:

ۋه ئاساريدىن رەسەددۇركىم، بابىلدە ياساپىتۇركىم، هالا
تەللى ئەقەرقۇن دەرلەر.
— نەۋائى.

**رەسەد II** [رصد] (ئە) كۆزىتىش جەدۋىلى تۈزۈش؛ ئاسترونومىك جەدۋەل:
**رەسەد باغلاماق** — ئاسترونومىك جەدۋەل تۈزمەك، سەييارىلەرنى هېسابقا ئالماق؛
**رەسەد قىلماق** — كۆزەتمەك.

**رەسەد بەند** [رصد بند] (ئە + پ) ئاسترونوم؛ مۇنەججىم:
سۇ هەيلا هىكمەت ئايىنى رەسەد بەند،
كى ئول بولغۇسى مەندىن سوگىنى فەرزەند.
— نەۋائى.

**رەسەن** [رسن] (پ) 1› ئارقان، ئارغامچا؛ تاسما، يىپ:
بەرابەر ئەيلەدىڭ قاشىڭ بىلە زۇلفۇڭنى، ئەي دىلبەر،
قانى مەنسۇرى ۋەقتى كۆرگەلى دارى رەسەن پەيدا.
— زەلىلى.
2› ئۆرۈم، چاچ ئۆرۈمى؛ كۆچمە م: يار:
دۇد سالدىم كىرفىك ئىلە كەلمەكىن ئىستەر رەسەن،
جەمئ ئولۇپ كەلمىش پەرى هەر ساردىن خۇشبۇ كۆرۈپ.
— ئەرشى.
**رەسەن ئالماق** — تاسما، يىپ ئالماق.

**رەست** [رست] (پ) قۇتۇلۇش، نىجات، نىجات تېپىش.

**رەستە** [رسته] (پ) 1› قۇتۇلغان، نىجات تاپقان؛ خالاس قىلىنغان؛ 2› سەپ قاتار:
شەيخۇل ـ ئىسلام دەپتۇركى، يەر ـ كۆك ئەهلىدە هەركىمدىن رەستە بولغايسەن، سۇد قىلغايسەن.
— نەۋائى.
**رەستە بولماق** — قۇتۇلماق؛ خالاس بولماق.

**رەستگار** [رست كار] (پ) قۇتۇلغۇچى، خالاس تاپقۇچى؛ خالاسلىق؛ قۇتۇلماقە خالاس تاپماق
**رەستگار بولماق** — قۇتۇلماق، خالاس تاپماق

**رەسم** [رسم] (ئە) قائىدە، قانۇن؛ يوليورۇق:
نىگە بەس قىلدىڭ جەفا رەسمىن ۋەفا ئايىن ئولۇپ،
مەن قاچان دېدىم: قوي ئەمدى مۇنچە ئازار ئولسە بەس.
— ئەرشى.
بۇ ئالەم رەسمى بىرلە ئول چېكەر باش،

تەئەززۇرسىز بولۇر ئىش بولغۇسى پاش.
— ناقىس.

رەسمۇ ئايىن — قائىدە - يۇسۇن:
جەهاندا قويدى ياخشى رەسمۇ ئايىن،
تۈزەتتى دۇنيىنى سەر تا بەپايىن.
— لۇتفى.

رەسمى ئادەت — ئەدەب - قائىدە، قائىدە - يوسۇن:
ئۈمىد ئۇلدۇركى ساھىبخانەدىن ئەئزار كۆرگەيمىز،
چەرا تەئزىمى مىھمان رەسمى ئادەت خۇيى شان هادىس.
— شەۋقى.

رەسمى ئىسلام — ئىسلام دىنى قائىدە - يوسۇنى، ئىسلام دىنى ئەدەب-قائىدىسى:
كىلىپ بەردى سەلامى رەسمى ئىسلام،
سەلامىغە جەۋابىن ئەيلەدۇك خام.
— ناقىس.

رەسۇل [رسول] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇسۇل] ئەلچى، پەيغەمبەر:
بەھەققى ئالى نەبى هۇرمەتى سەھابە كىبار،
رەسۇلغە ئوخشە يەنە ساھىبۇل - ئەلەم بولماس.
— شەۋقى.

رەسۇلى ئەرەب — ئەرەبلەردىن چىققان ئەلچى؛
رەسۇلى ئەمىن — ئىشەنچلىك، راستچىل ئەلچى (پەيغەمبەر سۈپىتى)؛
رەسۇلى خىرەد پىشە — ئەقىل - ئىدرەكلىك، دانا ئەلچى؛
رەسۇلى مۇستەفا — تاللانغان ئەلچى، پەيغەمبەر:
يوق ئىدۇك بار ئەيلەدىڭ لۇتفۇڭنى ئىزهار ئەيلەدىڭ،
ئەۋۋەلا خەلق ئەيلەدىڭ نۇرى رەسۇلى مۇستەفا.
— شەۋقى.

ئەسهابى رەسۇل — پەيغەمبەرنىڭ ساهابىلىرى:
بەندە ئاجىزغە شەفىئ شايەدكى ئەسهابى رەسۇل،
تابىئىنلەر سەرۋەرى ئول شاھ نۇئمانىغە ئەرز.
— شەۋقى.

رەسۇلانە [رسولانه] (ئە + پ) پەيغەمبەرانە، ئەلچىلەرگە خاس؛ ئەلچىلىككە يارىشا:
رەسۇلانە نۇزۇل — ئەلچىلەرگە ئوخشاش بىرىش.

رەسۇلۇللاھ [رسول الله] (ئە) ئاللانىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەر؛ مۇهەممەد پەيغەمبەر:
رەسۇلۇللاھ بىلەن زىينەت بىرىپ ئول ئەنبىيالارغە،
تەمامى ئەهلى جەننەتلەرگە سەرۋەر باغىبان كەلمىش.
— شەۋقى.

رەسۋا [رسوا] (پ) رەسۋا، شەرمەندە؛ رەسۋالىق، شەرمەندىلىك:
ھېچ كىشى مەندەك سېنىڭ ئىشقىڭدا شەيدا بولمادى،
چىقتى مەجنۇن، لېك مەندەك ئەلگە رەسۋا بولمادى.
— قەلەندەر.

رەسۋايى ئالەم — پۈتۈن ئالەمنىڭ رەسۋاسى، شەرمەندىسى:
گەرچە ئاشىق لازىمى ئالەمدە رەسۋالىقدۇرۇر،
ئىشق ئارا بابىر كەبى رەسۋايى ئالەم بولماسۇن.
— بابىر.

رەسۋايى جەھان — جاھاننىڭ رەسۋاسى، جاھاننىڭ شەرمەندىسى:
ئىشق ئارا قاچتىم خالايىقتىن داغى مەجنۇن بولۇپ،
كىم مەلامەت بىرلە رەسۋايى جەھان قىلغان فەلەك.
— ئا. نىزارى.

رەسۋايى دەھر — زامان، دەۋرنىڭ رەسۋاسى، شەرمەندىسى:
بىر سېنىڭدەك كۆرمەدىم، كۆردۈم ئەگەرچە نەچچە شەھر،
ئاقىبەت مەندەك بولۇر شەك يوقتۇكىم رەسۋايى دەھر.
— قەلەندەر.

رەسۋايى دەۋران — دەۋرلەرنىڭ رەسۋاسى، شەرمەندىسى:
ھەر زەمان يۈز ناز ئىلە، ئەي شوخ، جەۋلان ئەيلەمە،
ئىشق ئىلىنى دەھر ئارا رەسۋايى دەۋران ئەيلەمە.
— قەلەندەر.

رەسۋايى ئىشق — سۆيگۈ رەسۋاسى، مۇھەببەت شەرمەندىسى:
ماڭا ئوخشە يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر شەيدايى ئىشق،
بولماغان مەندەك كىشى دۇنيادا بىر رەسۋايى ئىشق.
— قەلەندەر.

رەسىدە [رسيده] (پ) يېتىشكەن، ئېرىشكەن، يېتىلگەن:
نارەسىدە — ۋايىغا يەتمىگەن، بويىغا (بالاغەتكە) يەتمىگەن، نارسىدە؛
نەۋرەسىدە — يېڭىدىن يېتىلگەن، ئۆسمۈر.

رەشاد [رشاد] (ئە) توغرا يول تېپىش، شۇ يولدىن مېڭىش.

رەشاشە [رشاشه] (ئە) 1) شەبنەم؛ 2) يامغۇر تامچىسى.

رەشەھات [ رشحات] (ئە) [بىرلىكى: رەشھە] تامچىلار:
...... ئۇل چەشمە رەشەھاتىدەك ئەشكى رۇدىن.
— نەۋائى.

رەشك [رشك] (پ) ھەسەت، قىزغىنىش:
سەبا بۇلبۇلغە نەسھەت قىلىپ ئاۋۇتقانى،

رەشك ئوتنى ساۋۇتقانى.

— خىرقەتى.

لەبلەرى رەشكى لەئل ئولۇپ، لاله داغى ئىبرۇر خىجىل،
سۆزلەردىن چۇ دۇر تامار، كۆپدۇر ئانىڭ نەزاكەتى.

— ئەرشى.

**رەشك تەرىقى** — ھەسەت يوللىرى؛
**رەشكى جەننەت** — جەننەتنىڭ رەشكى:

كويىدۇرمۇ رەشكى جەننەت يا مەلائىككە مۇتەۋف،
يا كۆڭۈللەر خىلۋەتى يا مەسجىدى ئەقسامۇدۇر.

— ئەرشى.

**رەكشى قەمەر** — ئاينىڭ قىزغىنىشى،

**رەشھ** [رشح] (ئە) سىزىش، تېمىش.

**رەشھە** [رشحه] (ئە) [كۆپلۈكى: رەشەھات] تامچە، سىزىپ چىقىقان سۇ تامچىلىرى:

ئۆزى دەريايى رەھمەتتۇر خىرامى مەۋجى رەھمەتتۇر،
ئىكى ئالەم لەبىدە رەشھە لۇتفى ئەتاسىدۇر.

— مەشھۇرى.

**رەشىد** [رشيد] (ئە) 1 › مەرت، باتۇر؛ كامالىغا يەتكەن، ۋايىغا يەتكەن:

يەنە فەرھاد بولمىش نەۋجۇۋان ھەم،
خىرەدمەندۇ رەشىدۇ پەھلەۋان ھەم.

— نەۋائى.

2 › توغرا يول تاپقان؛ 3 › خاس ئىسىم.

**رەغبەت** [رغبت] (ئە) خاھىش، مەيل، قىزىقىش، ئارزۇ:

**رەغبەت ئەتمەك** — خالىماق، قىزىقماق؛ ئورۇنماق؛ ئارزۇ قىلماق؛
**رەغبەت ئەيلەمەك** — «رەغبەت ئەتمەك» كە قاراڭ؛
**رەغبەت قىلماق** — «رەغبەت ئەتمەك» كە قاراڭ.

**رەغبەتنەماي** [رغبت نماى] (ئەپ) رىغبەتلەنگۈچى، خالىغۇچى، قىزىققۇچى:

ني مەنزىلغە كىم بولسە ئىشرەتفەزاي،
تەبىئەت كىبرەك بولسە رەغبەتنەماي.

— نەۋائى.

**رەغم** [رغم] (ئە) بىرەر ئىشنىڭ ئەكسىنى قىلىش، ئەكسىچە ئىش كۆرۈش؛ قارىماستىن، ئېتىبار بەرمەستىن، ھېسابلاشماستىن:

رەغمىغە — قارشىسىغا، ئەكسىگە.

**رەف** [رف] كۆچمە م: قىسىلىش، سىقىلىش، تۈنجۇقۇش:

قويىمە يۈزىڭنى نىقاب ئىچىندە،

رەف ئۇلدى ئادەم ھەجاب ئىچىندە.
— نەسىماي.

**رەفاقەت** [رفاقت] (ئە) 1 › دوستلۇق، يولداشلىق؛ مېھرىبانلىق؛ ئېتىبار بېرىش، كۆيۈنۈش:

چىقىپ ئالدىغە مەرھەبا ئەيلەدى،
رەفاقەت روسۇمىن ئەدا ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى.
ئەگەر ئىككى كىشى تاپسە رەفاقەت،
بۇ ئىككەۋدىن ئىدى نەقلى ھېكايەت.
— ناقىس.

2 › سەپداش، دوست:

چۇ بەندەر بارۇرغە خەيال ئەيلەدىم،
رەفاقەتلەرىمگە سىگال ئەيلەدىم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رەفاقەت ئەيلەمەك** — دوستلۇق، مېھرىبانلىق كۆرسەتمەك؛ ئېتىبار بەرمەك، كۆيۈنمەك:

ئايا فەرھادۇ شېرىن، ئەيلەگىز بىزگە رەفاقەتلىك،
كى ھىجران ئوتى ھەرگىز بەرمەدى تەسكىن قەرارىمغە.
— ئا. نىزارى.

**رەفاھىيەت** [رفاھيت] (ئە) پاراۋانلىق، تۇرمۇش باياشاتچىلىقى؛ ياخشى ئەھۋال.

**رەفئەت** [رفعت] (ئە) يۈكسەكلىك، ئېگىزلىك:

ھەم رەفئەت ئەرشى بارىندە مەكان،
ھەم بۇراقىڭغە خۇلدى بارىندە چەرا.
— نەۋائى.

**رەفتار** [رفتار] (پ) 1 › ئادەت، رەسىم:

ئەي ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەج رەفتار فەلەك،
ئۈزدى بۇ غۇنچەمنى كۆردى بىۋەفا غەددار فەلەك.
— موللا سالىھ.

2 › يۈرۈش، يۈرگۈچى:

قايسى كۆز بىرلە سىنىڭدىن ئۈزگىنى مەن كۆزلەيىن،
قايسى پايىم بىرلە سەنسىز كوچىدا رەفتار ئېتەي.
— موللا بىلال.

**رەفتار ئەتمەك** — يۈرمەك؛

**رەفتار ئەيلەمەك** — «رەفتار ئەتمەك» كە قاراڭ:

كۆر نەزاكەت گۈل كەبى تاڭ يېلىدىن گۈلبەرگىمىم،

مەيلى رەفتار ئەيلەسە زاھىر قىلۇر يۈزدە ئەرەق.
— ئەرشى.

**باد رەفتار** — شامالدەك تېز يۈرەر؛
**تېز رەفتار** — تىز يۈرەر، يۈگۈرۈك:
ياكى ئات بىرلە ئېشەك بولسە ئىدى تېز رەفتار،
مىنىبان ئۈستىگە ئەل سەيردە قىلسۇن نە ئىلاج.
— شەۋقى.

**خۇش رەفتار** — خۇش يۈرەر؛ ئەۋرىشىم:
بەندەلىكنى تەۋقىنى بوينىغە سالغاي شول زەمان،
كىمكى كۆردى قامەتى ئول سەرۋ خۇش رەفتار شەمئ.
— قەلەندەر.

**رەفرەف** [رفرف] (ئە) پەلەمپەي، شوتا؛ باسقۇچ؛ يۇقىرىغا چىقىش ياكى تۆۋەنگە چۈ-
شۈش ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما:
دېگەيلەر ئۇممەتى رەفرەف سەۋارىم روزى مەھشەردە،
ئۇممىدۇر بىنەسىب ئەتمەس شەفائەت رەمزىدىن ھەرگىز.
— شەۋقى.

**رەفز** [رفض] (ئە) 1› تاشلاپ كېتىش؛ 2› رەت قىلىش، ئىنكار قىلىش.
**رەفئ** [رفع] (ئە) 1› كۆتۈرۈش، يۈكسەلدۈرۈش؛ يۈكسۈلۈش:
نەدۇر مەندىن تەمەننايىڭ بۇ مۇشتاقانە بەزم ئىچرە،
قولۇم سۇندۇم سوراھى بوينىغە رەفئى ھىجاب ئەيلەپ.
— مەشھۇرى.

2› يۇقىرى، ئېگىز:
مۇھەببەت غەيرەتى گۇلگۇن ھەرىردىن قىلمىش ئانداغ رەفئ،
تۈن ئاقسام تۆكمەئى جەيبىغە گەر مەھكەم ئېرۇر ئىلمەك.
— ئەرشى.

3› يول قىلىش:
ئانى سىپقاراي ئەيلەي ئەندۇھ دەفئ،
داغى نەشئەسى ئەيلەسۇن غەمنى رەفئ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى

**رەفئ ئەتمەك** — «رەفئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**رەفئ ئەيلەمەك** — كۆتۈرمەك، يوق قىلماق؛
**رەفئ ئولماق** — 1› كۆتۈرۈلمەك، يۈكسەلمەك؛ 2› يوق بولماق،
غايىپ بولماق؛
**رەفئى بولماق** — «رەفئ ئولماق» قا قاراڭ؛
**رەفئى رەۋاق** — يۇقىرى، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن پەشتاق، راۋاق؛

رەفئى مەقام ــ يۇقىرى جاي، يۈكسەك ماكان؛
رەفئى هىجاب ئەيلەمەك ــ ئارىدىكى ئۇياتنى يوق قىلماق؛ پەردىنى كۆتۈرمەك، ئېچىپ تاشلىماق؛
رەفئى ئولماق ــ «رەفئ ئولماق» قا قاراڭ.

رەفىق [رفيق] (ئە) هەمراھ، يولداش، دوست؛ بۇرادەر؛ مەهبۇبە، سۆيگۈنى، سۆيۈملۈكى؛ هەمدەرد، سىرداش، سۆهبەتداش:

تەقۋى ئەيلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل، ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخارەلەر يەڭلىغ بارالى ئۆزگەچە.
ـــ ئەرشى.

ئىشتىڭ دوستلار، بۇ كۈن جۇدا بولدۇم نىگارىمدىن،
رەفىقىم، هەمدەمىم، ئول مېهرىبانىم، گۇلئۇزارىمدىن.
ـــ موللا سالىھ.

رەفىق بولماق ــ هەمراھ، دوست بولماق، ئورتاقلاشماق:

دېدى: كۆڭلىڭىزدۇر مەلال، ئەي شەفىق،
تەماشا قىلىڭكى، بولالى رەفىق.
ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەفىقۇ ئاشنا ــ دوست ۋە ئاشنا:

بىلە ئالمان بۇ تۇلۇئ تالىئىمدۇر قايسى كەۋكەبدىن،
جەهان ئىچرە ماڭا هەرگىز رەفىقۇ ئاشنا يوقتۇر.
ـــ ئەرشى.

رەفىقۇ هەمدەم ــ هەمراھ، دوست؛
رەفىقى جاۋىدانىي ــ ئۆمۈرۋايەت ئورتاق، دائىمىي يار؛
رەفىقى رازجو ــ سىرداش؛
رەفىقى زېبا چېهر ــ گۈزەل سىمالىق (كۆرۈنۈشلۈك) هەمراھ؛
رەفىقى مەهرەم ــ سىرداش دوست؛ سۆيگۈنى، سۆيۈملۈكى؛
رەفىقى مەۋەددەت ــ مېهر ـ مۇهەببەتتە ئورتاق.

رەفىئ [رفع] (ئە) يۈكسەك، ئېگىز، بۈيۈك:

بار ئېردىكى زىندان ئىچى كۆپ ۋەسىئ،
تەهى هەم ئەمىقۇ شىكافى رەفىئ.
ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەفىئ مەكان ــ يۈكسەك ئورۇنلۇق، يۇقىرى دەرىجىلىك؛
رەفىئۇد ـ دەرەجات ــ يۈكسەك، بۈيۈك دەرىجىلەر.

رەقەبە [رقبە] (ئە) 1› گەدەن، بويۇن؛ 2› قۇل، چۆرى.

رەقەم [رقم] (ئە) 1› سان؛ بەلگە؛ يېزىق؛ يېزىش:

كۆرۈپ بارچەسىنىڭ گۇناهىن ئۆتۈپ،

ئەۋانلارغە بىر - بىر رەقەملەر پۈتتۈپ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 ﴾ مەكتۇب، نامە:
كاشفۇل - ئەسرارلىق زاھىر قىلۇر نەرگىسلەرە،
ئەھسەنەت - تەقۋىم ئانىڭ شەئنىگە بىر مۇختەس رەقەم.
— ئەرشى.
باشىم كېتىپ بارادۇر يانىاغاي بۇ سەۋدادىن،
ۋۇجۇد سەفھەسىگە ئىشقدىن رەقەم بولماس.
— شەۋقى.

3 ﴾ تەقدىر:
تىيىر ئىلگىدە نە قەلەم، نە رەقەم،
بەلكى رەقەم ئايەتى جەففەل - قەلەم.
— نەۋائى.

**رەقەم ئەتمەك** — «رەقەم ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**رەقەم ئەيلەمەك** — يازماق، پۈتمەك؛
**رەقەم تاپماق** — يېزىلماق، پۈتۈلمەك؛ كۆرسىتىلمەك؛
**رەقەم چەكمەك** — ھۆكۈم چىقارماق؛ يازماق؛ يېزىشقا باشلىماق؛
سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۆزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۈرلۈك رەقەم چەكتى.
— ئەرشى.

**رەقەم قىلماق** — يازماق، پۈتمەك:
بەيىيەنۇدەر، بەيان قەنى ئالىم، بە ئەمەل ھەممە،
فەتىۋا ئۆزرە رەقەم قىلۇر مۇفتى ئەگەرچە تۇجرۇ.
— زەلىلى.

**روزى رەقەم** — تەقدىر قىلىنغان كۈن:
كۆرۈپ بىرنى غەنى ئۆزىنى فەقىر، قىلما ھەسەدخورلۇق،
بىرىگە كۆپ، بىرىگە ئاز ئەتا روزى رەقەمدىندۇر.
— مەشھۇرى.

**رەقەمخان** [رقم خوان] (ئە + پ) سىرداش:
يەنە بىر يان ئۇستادۇ پىرىڭ سېنىڭ،
رەقەمخانى لەۋھى زەمىرىڭ سېنىڭ.
— نەۋائى.

**رەقەمزەد** [رقم زد] (ئە + پ) رەقەم چېكىش، يېزىش:
رەقەمزەد قىلماق — يازماق.

**رەقەمزەدە** [رقم زده] (ئە + پ) يېزىلغان، ئىنشا قىلىنغان:

لاجەرەم بۇ شەردىن سىلسىلەنىڭ مەناقىبى شەرھىنى ۋە ئەھۋالىنى
ئالارنىڭ بەئىزى قۇدسىيا كەلىماتلارى بىلەكى، مەئاردىن نىگارخانە-
لەرىنىڭ رەقەمزەدەسى بولۇپتۇر، مىسكىيەتۇل - خىتام قىلىلدى.

— نەۋائى.

رەقەمزەن [رقم زن] (ئە + پ) يازغۇچى، كاتىپ:

چىقاردى سەفھەيۇ كىلكىم قەلەمزەن،
ھەمۇل يەر سۇرەتىن بولدى رەقەمزەن.

— نەۋائى.

رەقەمسەنج [رقم سنج] (ئە + پ) دانىشمەن، بىلىمدان.

رەقەمكار [رقم كار] (ئە + پ) 1 › يېزىلغان، سىزىلغان؛ 2 › رەقەم چەككۇچى.

رەقەمكەش [رقم كش] (ئە + پ) يازىدىغان، پۈتۈدىغان.

رەقەمى [رقمى] (ئە) رەقەملىك؛ يېزىلغان:

يا رەب، چېكىبان كۆپ رەقەمى جۇرمۇ گۇناھ،
نامەمنى قارا قىلدىمۇ ئۇمرۇمنى تەباھ.

— قىدىرخان يەركەندى.

رەقبە [رقبه] (ئە) ئېرىق، ئۆستەڭ بويىدىكى يەر، سۇغا يېقىن يەر.

رەقس [رقص] (ئە) ئويۇن (تۈرلۈك شەكىلدىكى سەنئەت ئويۇنلىرى)؛ ئۇسسۇل:

جەننەت مەگەر بىزە دېسە ئولدەم ئۆزىن جەھان،
رەقس ئۇردى ئاشقانە يۈرۈپ چەرخ چەنبەرى.

— سەيفى سەرايى.

رەقسان [رقصان] ئۇسسۇلچى، ئۇسسۇل ئوينىغۇچى:

ئېيدى ۋەسل بولماس بەھەم ئىشقىڭدا قۇربان بولمايىن،
جان قۇشۇڭ تاغىڭ ھەۋاسى ئۆزرە رەقسان ئولمايىن.

— مەشھۇرى.

رەققاس [رقاص] (ئە) 1 › ئويۇنچى؛ ئۇسسۇلچى:

سەمادە ئەيلەپ ئۇچۇپ تا بولدى رەققاس،
ئىكى قولدەك پەرىدىن چىقتىلار قاس.

— خىرقەتى.

قىلۇر ھەركىم بىلۇر ياخشى قىلىقلار،
غەزەلخانلىق بىلە ھەم رەققاسلىقلار.

— خىرقەتى.

2 › تەشۋىشكە ياكى ھاياجانغا ئىزتىراپقا چۈشكەن؛ تېنچىسىز،
تىنىمسىز؛ كۆڭلى غەش؛ بىتاقەت، بىئارام:

مېھمان بولماق ئېمىش جان ئۆيىدە،

يۆركۇم، كۆڭلۇم ئولۇپتۇر رەققاس.
— نەۋائى.

**رەقىب** [رقيب] (ئە) كۆزىتىپ يۈرگۈچى، پايلاقچى، دۈشمەن:
رەقىبىڭ ئولماسۇن مەقسۇدى هاسىل،
ئەلىفدەك قەددىمى ئول سالدى دالە.
— نەسىمى.
فىراقىڭ زۇلمىدە داد ئىستەرەم داد،
رەقىبىڭ دەستىدىن فەريادۇ فەرياد.
— سەيىد ئەهمەد.

**رەقىق** [رقيق] (ئە) مېهرىبان، شەپقەتلىك:
كىم قەلبى رەقىق ئېرۇر، ئاڭا مۇهتاج ئول،
توقلۇق چۇ كۆڭۈلنى قاتىق ئەيلەر ئاچ ئول.
— نەۋائى.

**رەڭ** [رڭ] (پ) «رەگ» كە قاراڭ:
هېچ ئۇزۇيىم خالى ئېرمەس غۇنچە لەئلىڭ فىكرىدىن،
سۇ شەجەر تەهتىگە يەتسە، سىر بولغاي شاخۇ رەڭ.
— گۇمنام.
جەننەت ئەگەر بولسا تەكىدە دۇرۇر،
فەيزى فۇتۇئ جان رەكىدە دۇرۇر.
— زەلىلى.

**رەكەئات** [ركعات] (ئە) [بىرلىكى: رەكئەت] «رەكئەت» كە قاراڭ.

**رەكئەت** [ركعت] (ئە) ئۆتىلىۋاتقان نامازنىڭ بىر قىسمى، يەنى بىر قىيام (تىك تورۇپ ئوقۇش)، بىر رۇكۇ (ئىگىلىپ ئوقۇش)، سۇجۇت (يېتىپ باش قويۇپ ئوقۇش) قاتارلىقلار. مەسىلەن: پېشىن نامىزى ئون رەكەت، شام نامىزى بەش رەكەت دېگەندەك:
ئوقۇغىل تۆرت رەكئەت، ئەي بۇرادەر،
كى هەر رەكئەتكە بىر قۇليا بەرابەر.
— «فەۋزۇن ـ نىجات»

**رەكىك** [ركيك] (ئە) سۇس، زەئىپ:
رەكىك گۇفتار ـ سۇس، خۇنۇك سۆز، گەپ.

**رەگ** [رگ] (پ) تومۇر، قان تومۇر:
رەگى گۇل سىيمگۇندۇر شىشەئى شەبنەمنى نۇش ئەتكەچ،
چەمەن گويا مۇسىبەتخانەدۇر بۇلبۇل خۇرۇش ئەتكەچ.
— زەلىلى.
رەگ ئۈزمەك ـ تومۇر ئۈزمەك؛ ئالاقە ئۈزمەك.

**رەگ - بەرەگ** [رگبرگ] (پ) تومۇر - تومۇرلىرى:

قىلىچ زەخمى ئانداغ ئۆتتۈپ رەگ - بەرەگ،
بۇ ئەھۋالنى كۆردى بىچارە سەگ.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رەگزەن** [رگ زن] (پ) 1› تومۇرغا نەشتەر ئۇرۇپ قان ئالغۇچى؛ 2› چالغۇ تارىنى چەككۈچى، مۇزىكا ئورۇنلىغۇچى، مۇزىكانت.

**رەڭ I** [رنگ] (پ) 1› رەڭ، بوياق، تۈس:

زىيبا سەنەمۇ بادەئى گۈل رەڭسىز ئولماس،
ھەر كىمسەئى لۇتفۇ كەرەمى زۇلمىنەن ئىستەر.
— تەجەللى.

2› خىل، تۈر؛ 3› نەپ، پايدا:
رەڭگى يوقتۇر چۇن قىزىل گۇلدىن ساڭا، ئەي ئەندەلىب،
ئەل قولاغىن ئەسرۇ كۆپ يالقىتما فەريادىڭ بىلە.
— نەۋائى.

4› يۈز، چىراي، بەشىرە؛ كۆرۈنۈش، ھالەت:
مەي ئىچكەن قىز كەبى تۇرسا قىزارىپ،
كىيتەر ئۆزگە سۈچۈك رەڭگى قاۋارىپ.
— خىرقەتى.
ئەزدى كۆڭلۈم جىلۋەگەر كۆرگەچ بۇ رەڭ ئاقىل يىگىت،
بەرقدەك جەۋلان قىلۇردا ھەر تەرەف مايىل يىگىت.
— ئەرشى.

5› ئىنتىزام، يۈرۈش - تۇرۇش، تەرتىپ:
بۇ رەڭ بارماغلىقۇ كەلمەگلىك ئاڭلاپ تىشلەبان بارماغ،
تەجەللى جىلۋە قىلدى بارىبان خۇرشىدى سان ئاندا.
— ئەرشى.

6› بايلىق؛ مەنسەپ، ئەمەل، ھۆكۈم؛ دەرىجە، مەرتىۋە، ئابرۇي:
ھەم ھۇسەينى سۆزىدىن رەڭى غەرىب،
ھەم غەرىبى دەمىدىن بەيتى ئەجەب.
— نەۋائى.

7› كۆز بوياش، ئالداش؛ ئالدامچىلىق؛ 8› خىسل، تۇر، قىسىم، يوسۇن:
ھىيلەگەر زاھىدنى كۆرگەچ ئىشق ئىبلى بولمىش بۇ رەڭ،
قەسدى جان ئانداغكى بۈركۈت ئەيلەگەي تۈلكۈ كۆرۈپ.
— ئەرشى.

رەڭ ئەتمەك ــ بويىماق، پەدەزلىمەك؛
رەڭ ئەيلەمەك ــ «رەڭ ئەتمەك» كە قاراڭ؛
رەڭ تۇتماق ــ رەڭلەنمەك، بۇيالماق، قىزارماق؛
رەڭ قىلماق ــ «رەڭ ئەتمەك» كە قاراڭ؛
رەڭگا-رەڭ ــ ھەرخىل تۈسلۈك، رەڭمۇ رەڭ؛
رەڭگى كافۇرىي ــ ئاپئاق رەڭلىك؛
رەڭگى گۈلنار ئولماق ــ ئانار گۈلىگە ئوخشاش رەڭدە بولماق؛
رەڭگى مەلبۇسات ــ ھەر خىل رەڭلىك كىيىم؛ نەقىشلىك؛
رەڭگىنى ياقۇت ئەتمەك ــ قىزارتۇرماق، پەدەزلىمەك، ياشناتماق.

**رەڭ II** [رنگ] (پ) تاغ ئۆچكىسى:

بەلىغ سەيد ئەيلەبان ھەر يان نەھەڭى،
نىچۇككىم رەڭ سەيد ئەتگەي پەلەڭى.
— نەۋائى.

**رەڭ ئامىز** [رنگ آمیز] (پ) 1) رەڭ، بوياقلارنى ئارىلاشتۇرغۇچى، نەققاش؛ 2) رەڭمۇ رەڭ، رەڭ ئارىلاشقان، تاۋلىنىدىغان؛
رەڭ ئامىزلىق ــ 1) نەققاشلىق، بوياقچىلىق؛ 2) كۆز بويامچىلىق، ھىيلىگەرلىك.

**رەڭ-بەرەڭ** [رنگ رنگ] رەڭگا رەڭ، خىلمۇ خىل، تۈرلۈك:

جەھان ئەيۋانى ئىچرە باش چىقارمىش رەڭ-بەرەڭ گۈللار،
سىنىدەك چىقماغاندۇر ھېچ بىرى گۈلبەرگىدىن ھەرگىز.
— شەۋقى.

**رەڭرىز** [رنگ ریز] بۇياقچى؛
رەڭرىزلىق ــ بۇياقچىلىق:

كۆرۈپ ئول رەڭرىزلىق ئىشلەرىنى،
تەراغ كۆلمەككە ئاچىپ تىشلەرىنى.
— نەۋائى.

**رەڭگىن** [رنگین] (پ) 1) رەڭدار، تاۋلىنىپ تۇرىدىغان؛ رەڭلىك؛ گۈزەل؛ رەڭمۇ رەڭ:

خەيالى شۇئلەئى رەڭگىن قۇياشىم قىبلەگاھىمدۇر،
دەمى فىكرى ھىلالى نازەنىنىم سەجدەگاھىمدۇر.
— ئەرشى.

2) بېزەكلىك، نەقىشلىك؛ 3) شېرىن، دىلكەش، يېقىملىق:

تۇشۇپ مەزمۇن رەڭگىنكىم، بۇ گۈل كۆڭلىگە سالغاچ بەرق،
گۈلىستانى سۇخەن ئىچرە بولۇر بىر نەۋئى گۈل يەكتا.
— ئەرشى.

رەڭگىن بولماق — بويالماق، قىزارماق؛
رەڭگىن قىلماق — رەڭدار قىلماق، بېزىمەك، زىننەتلىمەك؛
رەڭگىنلىغ — گۈزەللىك، رەڭدارلىق:

لەئل يەڭلىغ رەڭگىنلىغ چىقمىش ئۆيىدىن ئافتاب،
بادەئى رەڭگىن مەي ئىچتى ئول لەبى سەرشارىدىن.
— ئەرشى.

رەڭگىنلىق — «رەڭگىنلىغ» گە قاراڭ.

رەڭلىغ [رنگ ليغ] چىرايلىق، رەڭلىك؛ مەنالىق؛ جەزىبىلىك.

رەم [رم] (پ) قورقۇش، چۈچۈش، ھۈركۈش، ھۈركۈپ قېچىش:

رەم ئۇرما زەلىلى مەئرىفەتىدىن ھەرگىز،
دەرۋىش دۇئايى ساھىب خەير ئەيلەر.
— زەلىلى.

رەم ئەتمەك — چۈچۈپ قاچماق، چۈچىمەك، ھۈركىمەك؛
رەم بەرمەك — چۈچۈتمەك، ھۈركۈتۈپ قاچۇرماق؛
رەم قىلماق — «رەم ئەتمەك» كە قاراڭ؛
رەم قىلىپ قاچماق — ھۈركۈپ قاچماق؛
رەم يېمەك — «رەم ئەتمەك» كە قاراڭ.

رەمان [رمان] (پ) ھۈركۈگەن، ھۈركۈپ قاچقان:

ۋەھشەتىم دەشت ئۆزرە زاھىردۇر جۇنۇندىن ئانچەكىم،
ۋەھشىكىم مەجنۇنغە رام ئېردى، ئېرۇر مەندىن رەمان.
— نەۋائى.

رەمە [رمه] (پ) توپ، پادا (ئادەملەر توپى، قوي پادىسى دېگەندەك)؛ گۇرۇھ، جەمئىيەت، خەلق:

مۇلك ئەھلىغە مېھرىبانلىغ ئەيلە،
ئانداقكى رەمەغە شۇبانلىغ ئەيلە.
— نەۋائى.

رەمەد [رمد] (ئە) كۆز ئاغرىقى:

قىلىپ نەرگىس ئۆز غۇنچەسىن بەيزەدار،
كى كۆزىندە ئېردى رەمەددىن غۇبار.
— نەۋائى.

رەمەزان [رمضان] (ئە) توققۇزىنچى ئاي (ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا)، رۇزا ئېيى:

چىراكىم خەير بىسيار ھاسىل ئولغايلار بۇ ئاي ئىچرە،
مۇبارەك رەمەزاننىڭ جابدۇغىدىن يېڭى جان كەلمىش.
— شەۋقى.

رەمەق [رمق] (ئە) جان چىقىش ئالدىدىكى نەپەس، تىنىق، ئەڭ ئاخىرقى نەپەس:

ئۇتغە تۈشسە مەھۋ ئۇلماي نېتكۈسى ناگاھ قىل،
قايدا قالسۇن سوزىشى ئىشق ئىچرە بۇ جاندىن رەمەق.
— ئەرشى.

**رەمز** [رمز] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇمۇز] 1) ئىما، ئىشارەت، ئالامەت؛ ئۆزئارا كېلىشىلگەن يوشۇرۇن بەلگە، شىفىر:
خىلافى رەسم ئۈچۈن بۇ رەمزىدىن بولمىش كىشى ئاگەھ،
پەرىزادى پەرى ئاسىبىدىن تەئۋىز تاپغاي ۋەھ.
— ئەرشى.

2) كىنايە:
شوخىنىڭ تەبەسسۇمدە چۇ دىققەت ئىدى،
رەمز ئىلە نۇكتەئى دەقىق دېدى.
— نەۋائى.

3) مەخپىيەت، مەخپىيەتلىك:
كى ئىستەرمەن بۇ رەمزىڭ ئاشكارا،
مەنى يارىڭغە ئايغايسەن، نىگارا.
— ناقىس.

**رەمل** [رمل] (ئە) [كۆپلۈكى: رىمال] قۇم، قۇم بىلەن پال ئېچىش؛ پالچىلىق؛ رەمل مەشقى — پال ئېچىش ئۈچۈن قەغەزگە تۈرلۈك سىزىق ۋە نۇقتىلارنى سىزىپ مەشق قىلىش، پالچىلىق مەشقى.

**رەممال** [رمال] (ئە) پالچى، قۇم (تاش) بىلەن پال ئاچقۇچى.

**رەمۇز** [رموز] (ئە) ئىما — ئىشارەتلەر؛ «رەمز» گە قاراڭ:
ناز قىلىپ رەمۇز ئىلە قىلدى كۆڭۈلنى پۇر جۇنۇن،
بارمىدى ياكى بىلمەدىم لەيلى بىلەن قەرابەتى.
— ئەرشى.

**رەمۇزات** [رموزات] (ئە) «رەمز» گە قاراڭ.

**رەمىدە** [رميده] (پ) ھۈركۈگەن، چۆچۈگەن، قورققان؛ چۆچۈپ قالغان، قورقۇپ قالغان؛ ھۈركۈپ قاچقان؛
رەمىدە ئەيلەمەك — ھۈركۈتۈپ قاچۇرماق؛ چۆچۈتمەك؛
رەمىدە بولماق — يىراقلاشماق، قاچماق؛
رەمىدە خاتىر — خاتىرى، كۆڭلى پەرىشان؛
رەمىدە ھۇش — ھۇشىدىن ئايرىلغان، بىھۇش.

**رەمىم** [رميم] (ئە) كونا، ئەسكى، قەدىمكى؛ ئەسكىرىگەن، چىرىگەن:
كەتمەگەي مېھرىڭ مېنىڭ باشىمدىن، ئەي ھۇرى زەمان،
قىلسە بۇ گەردۇنى دۇن سۆڭەكلىرىمنى گەر رەمىم.
— قەلەندەر.

ئەزمى رەسىم — چىرىگەن سۆڭەك.

رەنج [رنج] (پ) 1〉 مۇشەققەت، قىيىنچىلىق؛ مىھنەت:

سودىگەركى يامبۇ بولسا نەچە تۈمەن،
بىرلەھزە يەتمەسە ئاڭا ھىچ رەنج-لەھەن.
— سەبۇرى.

يار ۋەسلىن ئىزدەسەڭ قويغىل بۇ ئالەم لەززەتىن،
رەنجى چەكمەي گەنج تاپماي كىم سەفا بولدى دەرىغ.
— شەۋقى.

2〉 زەخمەت؛ ئازاب، ئازار، دەرد، ئەلەم؛ ئاغرىق:

بۇ دەردىنىڭ ھىچ دەۋاسى يوقتۇر.
بۇ رەنجىنىڭ ھىچ شىفاسى يوقتۇر.
—موللا سالىھ.

بەرمەگىل قولدىن قەنائەت گەنجىنى،
بولغۇسى ئول گەنجى رەنجىڭگە ئىلاج.
— شەۋقى.

رەنج پەرۋەرد — مۇشەققەت بىلەن ئۆسكەن، كىيسەلمەن؛
رەنج پەيماي — مۇشەققەت تارتقان، رەنجىگەن؛
رەنج پەيمۇدەلىغ — قىينالغانلىق، مۇشەققەت تارتقانلىق؛
رەنج تاپماق — قىينالماق، مۇشەققەت چەكمەك؛
رەنج فەرساي — قايغۇلاندۇرغۇچى، غەم-قايغۇغا سالغۇچى؛
رەنج فەرسۇد — جاپا-مۇشەققەتتىن ھارغان، دەرد-ئەلەمدىن ھالسىزلانغان؛
رەنج كۆرمەك — «رەنج تاپماق» قا قاراڭ؛
رەنجگە سالماق — ئازار بەرمەك، خاپا قىلماق؛
رەنجۇ ئەلەم — دەرد-ئەلەم، جاپا-مۇشەققەت:

ماڭا مۇنچە رەنجۇ ئەلەم قىلغۇچە،
تومۇغدىن فۇزۇنراق سىتەم قىلغۇچە.
— ئا. نىزارى.

رەنجۇ ئەنا — ئازاب-ئوقۇبەت، مىھنەت-مۇشەققەت، دەرد-ئەلەم؛
رەنجۇ تەئەب — كىيسەللىك ۋە ھارغىنلىق:

مەن ئۆلسەم فەرەھلىك بىلە روز-شەب،
ساڭا يەتسە مۇنداقكى رەنجۇ تەئەب.
— ئا. نىزارى.

رەنجۇ رىيازەت — دەرد-ئەلەم، جاپا-مۇشەققەت:

نىيكىم تەقدىر بولسا، ئول بولار تەھقىق بىلگەيسىز،

ئېرۇر مەڭگۇ جەدەل، رەنجۇ رىيازەت بارچە بەھۇدە.
— بابىر.

رەنجۇ زەلەل — مۇشەققەت ۋە خارلىق؛
رەنجۇ مۇشەققەت — جاپا - مۇشەققەت، دەرد - ئەلەم:
يۈزلەنىپ ئەمنۇ فەراغەت غۇسسەۋۇ غەم بولدى دەفئ،
ئەيشۇ ئىشرەت قىلدىيۇ رەنجۇ مۇشەققەت قالمادى.
— بابىر.

رەنجۇ مىھنەت — غەم - غۇسسە، جاپا - مۇشەققەت، دەرد - ئەلەم:
ساڭا بولدى شامى ھەجرىڭ ئاقىبەت سۇبھى ۋىسال،
گەرچە تارتتىڭ، ئەي قەلەندەر، رەنجۇ مىھنەت بۇ كېچە.
— قەلەندەر.

رەنجى خۇمار — خۇمار ئاغرىقى:
ئۆلتۈرۈر ھەردەم مېنى مەي ئىچمەسەم رەنجى خۇمار،
مەن نېچۈك بولماي ھەمىشە كۆلبەئى خۇممار ئارا.
— مەشھۇرى.

رەنجى رەۋان — جان ئازابى؛
رەنجى زەخمەت — جاراھەت، زەخمەت ئاغرىقى، دەردى:
ۋا دەرىغا، بىر كۆنى كەلگەي كەمىنگاھدىن ئۆلۈم،
جان ھىسارى تەنگە ئۇرغاي رەنجى زەخمەت بىر تەرەف.
— شەۋقى.

رەنجى ھادىس — تۇيۇقسىز بالا - قازانىڭ دەرد - ئەلىمى:
ۋەلى بىر ئۆمۈر، بۇ گۈلشەندىن ھەۋادىس،
قىلىپ جانىمغە ھىجران رەنجى ھادىس.
— قىدىرخان يەركەندى.

**رەنجان** [رنجان] (پ) رەنجىگەن:
ئەزاسىدىن بولۇپ ھەر خەيل رەنجان،
يەنە ھەق مەۋھىبەت ئەيلەپ يېڭى جان.
— نەۋائى.

**رەنجە** [رنجه] (پ) رەنجىگەن، قىينالغان، ئازابلانغان، سىقىلغان؛ خاپا؛
رەنجە ئەيلەمەك — قىينالماق، ئازابلانماق؛
رەنجە قىلماق — «رەنجە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**رەنجۈر** [رنجور] (پ) كېسەلمەن، دەردمەن؛ ئېزىلگەن؛ كېسەل، كۈچسىز، ماغدۇرسىز:
ھەبىبىڭ ھۇرمەتىدىن شەۋقى ئىمانىنى مەھكەم قىل،

ئۇلەر ۋەقتىدە شەيتان غارەتىدىن قىلماغىل رەنجۇر.
— شەۋقى.

تاشىدۇر ھۇققەئى ياقۇت ئارا دۇر،
كۆرۈپ سىھھەت تاپار گەر بولسا رەنجۇر.
— خىرقەتى.

رەنجۇر بولماق — ئازابلانماق، قىينالماق؛ كېسەل بولماق، سىقىلماق:
دىدى گۇل بىزدىن ئۆتكەن بولسا مەئزۇر،
مەنى بىچارەدىن كۆپ بولما رەنجۇر.
— خىرقەتى.

رەنجۇرلۇغ — كېسەللىك، بىمارلىق؛
رەنجۇر ئولماق — «رەنجۇر بولماق» قا قاراڭ:
يار رەنجۇر ئولدى مەن ئاندىن داغى رەنجۇرراق،
ھالەتىم دىشۋاز، ئەي پەرۋاردىگارا، بول تەبىب.
— زەلىلى.

رەنجىدە [رنجيده] (پ) رەنجىگەن، مۇشەققەت تارتقان، ئازاب چەككەن:
قەدەم رەنجىدە قىل كۆڭلۈم ئۈچۈن، ئەي يارىنىڭ ئوقى،
مىنىڭ بۇ ناتەۋان كۆڭلۈمگە چۇن دەرماندىن ئارتۇقسەن.
— بابىر.

رەھ [ره] (پ) يول، ئىز؛ «راھ I» گە قاراڭ:
يەئنى تەرىقەت يولى تۇرفە رەھى مۇستەقىم،
ئاندا قەدەم راست قويكىم، خەتەرى بولماسا.
— زەلىلى.

ئىت كەبى تەلمۈرۈبان خاك رەھىڭ باش قويۇبان،
شەھى ئىقلىم ھەمە مۇھتاجۇ گەدايان يەڭلىغ.
— شەۋقى.

رەھ ئاۋەرد — 1) سوۋغا؛ 2) مەسلەك، ئۇسۇل؛
رەھ رەۋان — يولغا راۋان بولۇش، يۈرۈپ كېتىش:
ئالىپ رۇخسەت ئاندىن بولۇپ رەھ رەۋان،
بۇ مەجمۇئەغە تاپماق ئۈچۈن بىر مەكان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەھا [رها] (پ) خالاس بولغان، قويۇپ بېرىلگەن، بوشىتىلغان؛ قويۇپ بېرىلىش، بوشىتىلىش؛ ئازات، ئەركىن:
نىشانغە ئوقنى رەھا ئەيلەگەي،
كۆڭۈل مەقسەدىنى ئەدا ئەيلەگەي.
— ئا. نىزارى.

دېدى: «پۇت ـ قولىنى قىلىڭلار رەھا،
كى ئەمردىمنى قىلىھال كېتۇرسۇن بەجا».
ــ ئا. نىزارى.

رەھبە [رحبە] (ئە) سەھنە، ئۆيۈن ـ كۆلكە جايى؛ سۇپا:
مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىي ... بىر رەھبەدە ئولتۇرۇپ
ئېر مىشلەر.
ــ نەۋائى.

رەھبان [رھبان] (ئە) بۇتپەرەسلەر ئۇستازى، رەھبىرى، باشلىقى:
ئاندا نې رەھبان ئىدى نې بەرەھمەن،
لېك بارى بۇتلەر ئىدى سىيمتەن.
ــ نەۋائى.

رەھبەر [رھبر] (پ) يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى؛ ئۇستاز:
رىزا باشىنى سۇئالىڭغە ئەيلەسەڭ رەھبەر،
سۇئال ئىچىندە كۆتۇر سەرۋى قامەتىڭنى پات.
ــ شەۋقى.

خەيرۇ شەررۇ رىزقۇ ئۇمرۇ خارۇ ئىززەت جۇملەسى،
شەۋقى بىلسەڭ ھەقدىن ئۆزگە ھېچ رەھبەردىن ئەمەس.
ــ شەۋقى.

رەھدار [رەدار] (پ) يول ساقچىسى، يول نازارەتچىسى، يول كۆزەتچىسى.
رەھرەۋ [رەرو] (پ) يول يۈرگۈچى؛ مۇساپىر، «راھرەۋ» گە قاراڭ:
نەچە تەشنە رەھرەۋنى سىيراب ئېتەر،
ئۇنىڭ سايەسىدە تېخى خاب ئېتەر.
ــ زەلىلى.

رەھرەۋى جەھان پەيما ـ تېز يۈرگۈچى جاھانگەشتى؛
رەھرەۋى فەرزانە ـ دانىشمەن يولۇچى.
رەھزەن [رە زن] قاراقچى، يول توسار؛ «راھزەن» گە قاراڭ:
كېلىپ تەگدى رەھزەن بوران ياكى چاڭ،
پۇلىن بەردى ئەمما قۇتۇلدى ئاغاڭ.
ــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بۇ نېچۇك كۆز، بۇ نېچۇك تەرز، بۇ نېچۇك نازۇ نىگاھ،
ھەر بىرى يۈز كارۋانى ئەقلىنىڭدۇر رەھزەنى.
ــ مەشھۇرى.

رەھشۇناس [رەشناس] (پ) يول تونۇيدىغان، بىلىدىغان؛ يول بىلگۈچى، يول تونۇغۇچى:
بولۇپ ئەنجۇم ئەھۋالىغە رەھشۇناس،

تەبسئەتلەرىنى داغى ئەيلەپ قىياس.
— نەۋائى.

رەھ فىكەندە [رەفكندە] يولغا، يەرگە تاشلانغان.

رەھكاۋ [رەكاو] (پ) «راھرەۋ» گە قاراڭ.

رەھكۇب [رەكوب] (پ) يول باسقۇچى، يول يۈرگۈچى:
رەھكۇب بولماق — يول باسماق، يول يۈرمەك.

رەھگۇزار [رەكذار] (پ) 1 › قاتناش يولى، كاتتا يول، ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يول؛ 2 › يولۇچى، ئۆتكۈنچى.
دىمە كويىدا ھەر سارى ئاچىلغان نەرگىسى شەھلا،
سەرا سەر رەھگۇزارىن لەشكەرى نەززارە ياستانمىش.
— ئەرشى.

رەھگۇزەر [رەكذار] (پ) «رەھگۇزار» غا قاراڭ:
تەرىقەت ئەھلى بۇ كۈن بەردىلەر ئەجەب خەبەرى:
قەلەندەرانە ئۆتۈڭلەر جەھان چۇ رەھگۇزەرى.
— زەلىلى.
ئۇشبۇ ئالەم گويىيا بىر رەھگۇزەر،
قىلماغىل زىنھار ئاڭا ئەندەك نەزەر.
— خەراباتى.

رەھل [رحل] (ئە) 1 › ئەسۋاپ؛ يول (سەپەر) جابدۇقلىرى (يۈكى)؛ 2 › سەپەرگە چىقىش؛ كۆچۈش؛ 3 › ئوقۇش ۋاقتىدا كىتاب قويىدىغان تاختا، ئورۇندۇق.

رەھم I [رحم] (ئە) رەھىم، شەپقەت، جان كۆيدۈرۈش؛ ئىچىنىش:
رەھمىسى كەلمەس غەرىبنىڭ ئاھىغە،
كىرگەلى قويماس رەقىب دەرگاھىغە.
— غەيرەتى.
رەھم ئەتمەك — «رەھم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:
داغىدىن جىسمىم ئارا ھەر سارى ئاچىلغان سۆڭەك،
كۆرسە، رەھم ئەتكەي كۆلۈمسۈپ، شاد ئولۇر ئول باغرى تاش.
— ئەرشى.
رەھم ئەھلى — قېرىنداشلار، رەھىمدىللار؛ جان كۆيەرلەر؛
رەھم ئەيلەمەك — رەھىم قىلماق؛ ئىچىنماق:
لۇتف ئېتىپ مىسكىن رىدزائى ھالىغە رەھم ئەيلەگىل،
بىر نەزەر قىلساڭ ماڭا ھېچ يوقتۇر ئارمانىم مېنىڭ.
— رىدزائى.
رەھم قىلماق — «رەھم ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

ئىجابەتكە بولدى دۇئايىم قەرىن،
ماڭا رەھم قىلدى جەھان ئافەرىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رەھم II** [رحم] (ئە) بالاياتقۇ:
رەھم ئىچرە غىزا ھەم ئۇلكى مەئلۇم،
ھەۋايى دىلكۇشا ھەم ئۇلكى مەئلۇم.
— نەۋائى.

**رەھمان** [رحمان] (ئە) رەھىم- شەپقەت قىلغۇچى، ئاللا:
يۈزىڭدە سۇرەتى رەھماننى كۆردۈم،
قاشىڭدە قاف ۋەل-قۇرئاننى كۆردۈم.
— نەسىمى.

بەندە ئاجىزغە ئاغىر كەلتۈرسە مىزان پەللەسى،
ياخشى ئەئمال بىرلە شايەد زات رەھمانىمغە ئەرز.
— شەۋقى.

**رەھمانىي** [رحمانى] (ئە) خۇداغا، تەڭرىگە تېگىشلىك، خۇدانىڭ، خۇدادىن.

**رەھمەت** [رحمت] (ئە) مەرھەمەت، مۇرۇۋۋەت؛ رەھمەت، تەشەككۇر:
مۇھەييا ئەيلەگەيلەر ئانچۇنانكىم ئابۇ نېئمەتدىن،
ئۇشۇل رەھمەت ئىلە ماھى مۇبارەك رەمەزان كەلمىش.
— شەۋقى.

ئىلاھا، قىل مېنى رەھمەت سىرىشتە،
سالىپ بوينۇمغە مېھرىڭ بىرلە رىشتە.
— خىرقەتى.

رەھمەتەن لىل- ئالەمىن — ئالەم ئۈچۈن رەھمەت:
چۇن ۋۇجۇدى رەھمەتەن لىل ئالەمىن،
سەجدەگاھ بولدى ماڭا رويى زىمىن.
— خەراباتى.

رەھمەت شەرابى — ئىلتىپات، تەشەككۇر شەرابى:
بوستان ئىچىندە تۇرلى چەچەك ئەنجۇمەن قۇرۇپ،
رەھمەت شەرابى بىرلە بولۇپ مەست ھەر بىرى.
— سەيفى سەرايى.

رەھمەت قىلماق — شەپقەت قىلماق، مەرھەمەت قىلماق؛
رەھمەتىغە بارماق — «رەھمەتىغە ۋاسىل بولماق» قا قاراڭ؛
رەھمەتىغە ۋاسىل بولماق — دۇنيادىن ئۆتمەك، قازا قىلماق؛
رەھمەتى ھەق — ھەقتائالانىڭ رەھمىتى، ئاللانىڭ مەرھەمىتى:
تەۋبە ئوت، رەھمەتى ھەق بىرلە ئۇتۇن بارچە گۇناھ،

تەۋبە رەھمەت ئۇتىنىڭ شەرھىدە قىلسۇن نە ئىلاج.
— شەۋقى.

**ئايەتى رەھمەت** — رەھىم قىلىش، مەرھەمەت قىلىش توغرىسىدىكى ئايەت:
نەسىب ئەتكىل، ئىلاھا، ئول پەرىغە ئەيش ئىلە ئىشرەت،
ئانىڭ ھەققىدە نازىل بولدى گويا ئايەتى رەھمەت.
— قەلەندەر.

**ئەھلى رەھمەت** — رەھمەتكە لايىق كىشى:
ئىبرۇر تالىبغە تەڭ ئەيش ئۇلسا نىئمەت،
بارىغە شۇكر ئىتەر بىل ئەھلى رەھمەت.
— خىرقەتى.

**دەريايى رەھمەت** — مەرھەمەت دەرياسى:
شەفائەت بىرلە ھەق دەريايى رەھمەتدىن ئۇمىد ئەتسەڭ،
تەكەببۇر قىلماغىل شەۋقى ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل مەئجۇز.
— شەۋقى

**دۇرى رەھمەت** — رەھمەت ئۈنچىسى، تەشەككۇر ئۈنچىسى:
ئەخىر ئىشقۇ فەنادىن بەقا ئىبرۇر ھاسىل،
ئۇلانىسەلەر دۇرى رەھمەتكە ئاندا ئابى ھەيات.
— شەۋقى.

**رەھمەتفىزاي** [رحمت فزای] (ئە + پ) رەھىم - شەپقەتلىك؛ مەرھەمەت قىلغۇچى.

**رەھمەتۇللاھ** [رحمة الله] (ئە) رەھمەتلىك، خۇدانىڭ رەھمىتىگە لايىق، مۆمىن (ۋاپات بولغان كىشى ھەققىدە):
ۋەئدەئى لاتەقنەتۇمىن رەھمەتۇللاھدىن ئۇمىد،
شەۋقى، نالان بولماغىل بەس فىئلى شەيتانىڭغە ھەيف.
— شەۋقى.

**رەھن** [رهن] (ئە) رەنە، گۆرۈ:
رەھن ئەتمەك — گۆرۈگە، رەنىگە قويماق؛
رەھن ئەيلەمەك — «رەھن ئەتمەك» كە قاراڭ.

**رەھنەما** [رهنما] (پ) يولباشلىغۇچى، يولباشچى، يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى؛ رەھبەر، «راھنەما»غا قاراڭ:
مېنى خەلق ئەيلەگەن قادىر خۇداسەن،
يولىن يوق ئەيلەگەنگە رەھنەماسەن.
— ناقىس.

تەلەبدە بولساڭ ئەگەر ياخشى رەھنەما ئۇچرار،
كۆڭۈلنىڭ زەڭگىنى ئاچقۇندەك ئاشنا ئۇچرار.
— شەۋقى.

رەھنەماي [رهنمای] (پ) «راھنەما» غا قاراڭ.

رەھنەمۇن [رهنمون] (پ) يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى؛ «راھنەمۇن» غا قاراڭ:

تاپسپ دانا مۇئەللىم زۇ فۇنۇنى،
جەمىئى ئەھلى دانىش رەھنەمۇنى.
— ناقىس.

رەھنەۋەرد [رهنورد] (پ) يول يۈرگۈچى، يولۇچى، ساياھەتچى، كەزگۈچى:

دېدىمكى، سۇرمە قىلاي گەردى رەھنەۋەردىڭنى،
قىغانكى، تاپمادى كۆز تۇتىياغە گەردىڭنى.
— نەۋائى.

رەھۋار [رهوار] (پ) تېز، راۋان:

ئول ئەشھەب گەردى پەست ئېردى رەھۋار،
نېچۈككىم بولسە غەلتان دۇررى شەھۋار.
— نەۋائى.

رەھىق [رحیق] (ئە) ساپ، سۈزۈك (تىنىق) مەي، ياخشى مەي.

رەھىل [رحیل] (ئە) 1› كۆچۈش، كېتىش؛ يولغا چىقىش؛ 2› ئۆلۈش؛
رەھىل ئاغاز قىلماق — كۆچۈشكە باشلىماق؛ كېتىشكە تەمشەلمەك؛
رەھىل ئەتمەك — كۆچمەك، كەتمەك؛ يولغا چىقماق؛
رەھىل تۇتماق — كۆچمەك، سەپەر قىلماق؛

رەھىلكوش [رحیل كوش] (ئە + پ) 1› يولۇچى؛ 2› يولغا سالغۇچى:

سۆز ناقەسىنىڭ رەھىلكوشى،
بۇ نەۋئ چېكەر ھۇدى خۇرۇشى.
— نەۋائى.

رەھىم [رحیم] (ئە) مەرھەمەتلىك؛ رەھىملىك، رەھىم قىلغۇچى، مېھرىبان؛ مېھرىبان ئاللا:

ئەگەر يەتسە شەھىدىن ماڭا بۇ سىتەم،
رەھىم سەن بۇ بەندەڭغە قىلغىل كەرەم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

ئىلاھا، رەھم ئېتىپ ئەرشى دۇئاسىن مۇستەجاب ئەيلە،
رەھىمى رەھنەما سەنسەن، ماڭا قىل مەغفىرەت ئەرھەم.
— ئەرشى.

رەھىمەھۇللا [رحم الله] (ئە) ئاللا ئۇنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، گۇناھىدىن ئۆتسۇن:

... ۋە مەۋلانا ئەبدۇسسەلام شىرازىي رەھىمەھۇللاھكى،
ئول زەمانىنىڭ ماھىر ھەكىمى ۋە ھازىق تەبىبى ئېردى — بۇ
زەئىفغە مۇئالىج ئېردى.
— نەۋائى.

رەۋ [رو] (پ) قوشما سۆز تەركىبىدە «يۈرگۈچى، كەزگۈچى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:
رەھرەۋ — يول يۈرگۈچى، كەزگۈچى، ساياھەتچى.

رەۋا I [روا] (پ) 1 › لايىق، مۇناسىپ، ماس، مۇۋاپىق؛ 2 › چىقىرىش؛ 3 › يەتمەك، ئېرىشمەك؛
رەۋا ئەيلەمەك — مەقسەتكە يەتمەك (يەتكۈزمەك)، ئېرىشمەك (ئېرىشتۈرمەك)؛ ھەل قىلماق، ئاسانلاشتۇرماق:
مەيى لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھاننى ئاڭا فىدا قىلايىن.
— ئەرشى.
مېنىڭ بۇ دەردىمە، يا رەب، دەۋاقىل،
ماڭا لۇتفۇڭ ئىلە ھاجەت رەۋا قىل.
— خىرقەتى.
رەۋا بولماق — لايىق كەلمەك؛ مۇمكىن بولماق؛
رەۋا تۇتماق — لايىق كۆرمەك، مۇناسىپ كەلمەك؛
رەۋا كۆرمەك — «رەۋا تۇتماق» قا قاراڭ:
بۇ گۇلشەندە مېنىڭ كۆڭلۈم خۇشى سەن،
نېچۈك مېھنەت رەۋا كۆرسەم ساڭا مەن.
— خىرقەتى.

رەۋا II [روا] (پ) «رەۋان» سۆزىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى يۈرگۈچى، ماڭغۇچى، كەتكۈچى.

رەۋاتىب [رواتب] (ئە) [بىرلىكى: راتبە] بەلگىلەنگەن ھەق؛ مائاش، نەپەقە.

رەۋاج [رواج] (ئە) 1 › ئېتىبار:
تاپماغاي ئېردى رەۋاجى قىسسەئى ئابى ھەيات،
زۇلمەت ئىچرە نەچچە يىل خىزرۇ سىكەندەر بولماسا.
— زەللى.
2 › قوللىنىۋاتقان پۇل؛ 3 › ئامال، چارە:
تاپالمام كېتەرنىڭ ئىلاجىنى ھەم،
بىلەلمەم تۇرارنىڭ رەۋاجىنى ھەم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رەۋاق [رواق] (پ) پېشايۋان؛ ئايۋان؛ راۋاق.

رەۋان I [روان] (پ) 1 › مېڭىش، يۈرۈش، كېتىش:
چىقىپ مەن بۇ يەردىن تاڭ ئاتقان زەمان،
يۈرۈپ ئەھلى تۇججار قاشىغە رەۋان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ئېقىش، تامچىلاش، تۆكۈلۈش (كۆز يېشى):

ناۋەكى ئىشقىڭ تېگىپ ئانداغ كۆڭۈل مەجرۇھدۇر،
هەر قايان بولدى رەۋان هەر قەترە قانىمدىن قىيان.
— ئەرشى.

3) دەرهال، دەررۇ، تىز؛ 4) سىلىق، سىپايە؛ 5) قىممەتلىك، قىممەتباها.

رەۋان ئايتماق — پاساھەت بىلەن سۆزلىمەك، سىلىق ئېيتماق؛
رەۋان ئەتمەك — بىجا كەلتۈرمەك، ئورۇنلىماق؛
رەۋان ئەيلەمەك — «رەۋان ئەتمەك» كە قاراڭ؛
رەۋان ئولماق — يۈرمەك، ماڭماق، يولغا چىقماق؛ 2) كەتمەك قايتماق؛
رەۋان قەد — خۇش قامەت، بوي - تۇرقى كېلىشكەن؛
رەۋان قىلماق — 1) ئەۋەتمەك، يولغا سالماق:

ئاتاسى بۇ قىزنىڭ ئىشىتكەن زەمان،
دېدى: هەر شەهەرگە قىلىڭ خەت رەۋان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

گەردى باد ئەيلەپ ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم ۋادىسىدا،
كوهى غەم سەر مەنزىلى سارى رەۋان قىلغان فەلەك.
— ئا. نىزارى.

2) ئۇرماق، سالماق:

غەزەب بىرلە خەنجەرنى قىلدى رەۋان،
تېگىپ دالۇسىغە، كېسىلدى چاپان.
— ئا. نىزارى.

رەۋان II [روان] (پ) جان، روھ؛ هايات، تىرىكلىك.

رەۋان ئاسا — جاندەك، جانغا ئوخشاش؛
رەۋان بەخش — جان بېغىشلىغۇچى، روھلاندۇرغۇچى؛
رەۋان تاپماق — جان تاپماق، تىرىلمەك؛
رەۋانى پۇر ئەنۋار — نۇرلۇق، پاكىزە روھ؛
رەۋان كىرگۈزمەك — جانلاندۇرماق؛
رەۋانى هەشمەت — ئۇلۇغلۇق، هەشەمەتلىك، دەبدەبە.

رەۋان ئاسا [روان آسا] (پ) راهەتبەخش؛ ناهايىتى راۋان.

رەۋانە [روانە] (پ) «رەۋان I» گە قاراڭ:

رەۋانە ئەيلەمەك — كۆز يېشى قىلماق، تۆكمەك، ئاققۇزماق.

رەۋانپەرۋەر [روان پرور] (پ) هايات بەخش.

رەۋان سۇ [روان سو] ئېقىن سۇ.

رەۋانىي [روانى] دەرهال، تىزدىن، تىز سۈرئەت بىلەن.

**رەۋايىھ** [روايح] (ئە) يېقىملىق، خۇشپۇراق ھىدلار؛ «رايىھە» گە قاراڭ.

**رەۋەندە** [رونده] (پ) 1 › يۈرگۈچى، كەزگۈچى؛ كەتكۈچى؛ 2 › مۇساپىر؛
3 › خەت توشۇغۇچى؛ چاپارمەن.
رەۋەندەئى سەما — ئاسمان كېزەر.

**رەۋزە** [روضه] (پ) 1 › باغ، باغچا؛ گۈلشەن؛ 2 › جەننەت:
ئىقامەت چۈنكى قىلدىڭ، بابىرا، ئول ھۇر كويىدا،
مەقامىڭ رەۋزەدىن ئەئلا، ئۆزۈڭ رىزۋاندىن ئارتۇقسەن.
— بابىر.

3 › قەبرە، مازار، زىيارەتگاھ:
رەۋزەسىدە تەئبىيە قەندەلى نۇر،
رەۋشەن ئەيلەپ مىسلى تەجەللى زۇھۇر.
— زەلىلى.

4 › باب، بۆلۈم، پەسىل.
رەۋزە بوستانى — جەننەت بوستانى؛
رەۋزە پاك — مۇقەددەس مەقبەرە، پاك قەبرە؛
رەۋزە مانەند — گۈلباغ، جەننەتتەك؛
رەۋزەئى جان — جان گۈلشىنى؛
رەۋزەئى جەننەت — جەننەت بېغى:
سۆيۈنۈپ دەرمەن ئانىڭكىم رەۋزەئى جەننەتدۇرۇر،
دەۋزەخ ئەر ئىچىندە بولسام لەئلى رەخشانىم بىلە.
— قەلەندەر.
رەۋزەئى جىنان — جەننەت باغلىرى؛
رەۋزەئى خەزرا — ياپ-يېشىل باغ، يېشىل بوستان؛
رەۋزەئى خۇلد — ئەبەدىي جەننەت، دائىم كۆكلەپ تۇرىدىغان باغ؛
رەۋزەئى دارۇل-بەقا — «رەۋزەئى خۇلد» قا قاراڭ.
رەۋزەئى رۇھ ئەفزا — دىلنى شاتلاندۇرغۇچى باغ؛ جان بېغىشلىغۇچى گۈلشەن؛
رەۋزەئى رىزۋان — «رەۋزەئى جىنان» غا قاراڭ:
مەگىز يا رەۋزەئى رىزۋانىمدۇر بۇ؟
ئاغىز يا غۇنچەئى خەندانىمدۇر بۇ؟
— ئاتايى.
رەۋزەئى زەركار — ئالتۇن بېزەكلىك بىنا؛
رەۋزەئى فىردەۋس — جەننەت بېغى:
رەۋزەئى فىردەۋس ئېرۇر ھەرقانچە كىم راھەت سىرىشت،
يوقتۇرۇر مەشھۇرىدا جۇز ئارزۇيى ۋەسلى يار.
— مەشھۇرى.

رەۋزەئي نەزم ــ شېئىرىيەت بېغى، نەزم گۈلشىنى؛
رەۋزەئى ئىرەم ــ ئىرەم بېغى (ئەپسانىۋى گۈزەل بىر باغنىڭ نامى).

**رەۋزەن** [روزن] (پ) تۆشۈك؛ تۈڭلۈك؛ دەرىزە:

قىلىپدۇرمەن دىلۇ جانىم نىسارىڭ،
تېنىمنى قىلدى رەۋزەن نىش خارىڭ.
ــ خىرقەتى.

رەۋزەن ئەيلەمەك ــ تەشمەك، تۆشۈك ئاچماق؛ دەرىزە ياكى تۈڭلۈك ئاچماق؛
رەۋزەن ـ رەۋزەن ــ ئۆتمىتۆشۈك؛
رەۋزەن ئۆزرە رەۋزەن ــ ئۆتمىتۆشۈك، تۆشۈك ئۈستىگە تۆشۈك.

**رەۋزەنە** [روزنه] (پ) 1) «رەۋزەن» گە قاراڭ؛ 2) ئۈزۈم بارىڭىغا ئىشلىتىلىدىغان بادرا.

**رەۋشەن** [روشن] (پ) 1) روشەن، يورۇق، يارقىن؛ 2) سۈزۈك، غۇبارسىز، پاك؛ 3) غەمسىز؛ شات ـ خورام:

چىراغى تىيرە ئولسە ياغ قۇيماق،
كېلىپ رەۋشەن قىلىپ ئورنىغە بارماق.
ــ خىرقەتى.

رەۋشەن ئەتمەك ــ بىزەك بەرمەك، زىننەتلىمەك؛
رەۋشەن ئەيلەمەك ــ مەلۇم قىلماق، ئاشكارىلىماق؛
رەۋشەن چەراغ ــ نۇر چاچقۇچى؛ پەيز بەرگۈچى؛
رەۋشەن دىل ــ پاك قەلب؛ ئوچۇق كۆڭۈل؛
رەۋشەن قىلماق ــ يورۇتماق؛
رەۋشەن گۇۋاھ ــ ئوچۇق دەلىل؛
رەۋشەن ئولماق ــ نۇرلانماق، روشەنلەشمەك، پارلىماق.

**رەۋشەن راي** [روشن راى] (پ) مۇتەپەككۇر، دانا، پىكرى رەۋشەن.

**رەۋشەن رەۋش** [روشن روش] (پ) گۈزەل ئەخلاقلىق، شان ـ شەرىپىگە داغ تەككۈزمىگەن.

**رەۋنەق** [رونق] (ئە) 1) جىلۋە قىلىش، يالتىراش، پارلاش؛ 2) كۆركەم، گۈزەل؛

مەي ئىچەردە گۈل ۋەقتى رەۋنەقى چەمەن ياخشى،
تازە بولدى ھەر مەجلىس شەمئى ئەنجۇمەن ياخشى.
ــ زەلىلى.

3) روناق، راۋاج، تەرەققىيات:

گۈلىستانى چەمەندە رەۋنەقى ئابى تەراۋەت يوق،
تەرەننۇم ئەيلەگەيمۇ بۇلبۇلى باغى خىتا ئاخىر.
ــ زەلىلى.

رەۋنەق تاپماق ـــ تەرەققى قىلماق، يۈكسەلمەك، يۇقىرىغا ئۆرلىمەك، راۋاجلانماق، روناق تاپماق؛

رەۋنەقلىق ـــ كۆركەملىك، گۈزەللىك.

**رەۋھ** [روح] (ئە) ئارام، راھەت.

**رەۋىش** [روش] (پ) 1) يولىيورۇق؛ 2) ئادەت، قىلىق، مىجەز:

كىچىك ـ چوڭغە مۇنداغ رەۋىش خۇب ئەمەس،
ئىشتىمەي سۆزۈمنى ساڭا ئەرزىمەس.
ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

3) رەسمى ـ يوسۇن، قائىدە:

قىلىپ ئىشلارىمدا ئول ئاگاھلىق،
ئۆتتۈپ بۇ رەۋىشدە شەھەنشاھلىق.
ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

4) ئىش:

ئېرۇر ئالتىنچى ھازىرلىق بۇ ئىشدە،
رىزا جويەندەلىقدۇر ھەر رەۋىشدە.
ـــ خىرقەتى.

**رەئد** [رعد] (ئە) 1) چېقىن ـ چاقماق ئاۋازى؛ گۈلدۈرماما:

ياقام يىرتىپ، كۆكس تىرناپ، ساچىپ ئوت سوزى جانىمدىن،
گەر ئۆلسەم رەئد يەڭلىغ مەنئى فەرياد ئەتمەدىك ھەرگىز.
ـــ گۇمنام.

2) ئوت چاچقۇچى قورال؛ توپ.

رەئد ئەسبابى ـــ ئوت چاچقۇچى قورال، توپ؛

رەئد تاشى ـــ ئوت ئاتقۇچى قورالنىڭ تېشى، ئوقى؛

رەئد يايى ـــ ئوت ئاتقۇچى قورالنىڭ يايى.

**رەئىس** [رأس] (ئە) باش، باشلىق.

رەئسەن ـ بە رەئىس ـــ باشمۇ ـ باش؛ تەڭ.

**رەئشە** [رعشه] (ئە) تىترەك، لەرزە.

رەئشە قىلماق ـــ تىترەتمەك، لەرزىگە كەلتۈرمەك.

**رەئفەت** [رأفت] (ئە) مېھرىبانلىق، غەمخورلۇق، خەيرىخاھلىق، دوستلۇق؛ ھېسسىداشلىق:

ماڭا مەئلۇم ئولدى ئانىڭ ھىممەتى،
كۆڭۈلگە پەيدىدار ئولۇپ رەئفەتى.
ـــ ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رەئنا** [رعنا] (ئە) 1) گۈزەل، چىرايلىق، يېقىملىق؛ زىيباە زىننەتلىك:

دىلبەرىم، سەندەك جەھاندە ھېچكىم رەئنا ئەمەس،

فۇرقەتىڭدە ھېچكىم مەندەك ساڭا شەيدا ئەمەس.
— نەۋبەتى.

2) بىر خىل گۈلنىڭ نامى:
ئەبىرۇ ئەنبەرۇ رەئنايۇ سەۋسەن،
خوخاگۈل، ياسۇمەن ھەم مىسلى گۈلشەن.
— خىرقەتى.

**رەئنايي جەھان** — جاھان گۈزىلى:
كى رەئنايى جەھان مەئشۇق ۋەسلىدىن ئۈمىد ئەتكەچ،
قىزىلگول ئەشكى خۇندىن سەفھە رۇخسارىغە قان پەيدا.
— شەۋقى.

**رەئنايي خوتەن** — خوتەن گۈزىلى:
خىتا ئىقلىمى گەرچە مۇرغىزارى ھۇسن دەيدۇرلار،
كى رەئنايى خوتەنغە، ئەي كۆكۈل، قىلمە تەقابۇل سەن.
— زەلىلى.

**رەئنا سىفەتلىك** — خۇشپىچىملىق، گۈزەللىك، زىبىالىق؛ يېقىملىق؛
**رەئنا قەد** — گۈزەل قامەت، سەۋرى قەد.
قىلىپ رەئنا قەدىڭ يادىن سەھەردە ئانچە يىغلارمەن،
كۆزۈمنىڭ جويىبارى ئىچرە سەرۋى نارۋەن بولدى.
— سەككاكى.

**رەئنالىغ** — خۇشقامەتلىك، گۈزەللىك؛ يېقىملىق؛ مەغرۇرلۇق؛
**رەئنالىغ قىلماق** — ئۆزىنى خۇشقامەت قىلىپ كۆرسەتمەك؛
**رەئنالىق** — «رەئنالىغ» قا قاراڭ؛
**رەئنا نىھال** — گۈزەل قامەت، خۇش قامەت.

**رەئىس** [رئيس] (ئە) باش؛ باشلىق، سەردار؛ بىر دۆلەتكە ياكى بىرەر جەمئىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلغۇچى:
ئەكابىر رەئىسلەر چىقىپ سەيرىگە،
ئويۇن تۈزدى باقماي شەرۇ خەيرىگە.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رەئىسي شەرىف** — ئەزىز رەئىس، شەرەپلىك رەئىس:
تۇتۇپ جامى زەررىن رەئىسى شەرىف،
قويۇپ ئالدىمىزغا غىزايى لەتىف.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

قيلدي وشنه رخ روپي ناقل | بارايدي بورنا برنجي عاقل
عاطري عدليه تمام بولوب آگاه | گم هم عصرايه دملار فيج قيد
نخنه خصلتلاري بيحه فصيحه | اردي عبد الحميد امينك اكسيجا
تخت عزتده ايدي برقرار ابرد | يوق نمه محرشيد ابار ايردو
تا كوان ننا ميناك عشقي ين | رسم آيين بيله شيني دين
بركم بيله وكا ير ساني | آلدي پيل اوزره ملكا نيدا ياقي
مشتري قيلدي برنا همواره | چيقدي پردين وزهب نجه پاره
تابلي كم پاره سيبي بولار انشي | عدوي لا يعد للي كچي
انكا اودي اول قيوب كذر قيلدي | ساقوچ غه موني خبر قيلدي

اوشنا اوزر شهرنده نورانيان | كوردكلري اوضه ويرديكي پناه
هپسيهم اكر بوده بولشلر | بنده صوشتا جمهور اولدن كا
اونلره اوز شهرنده بيلمشلر | نيجه سكوب كوب ...
پادشاهلر كاشغر حسن ايكي يول | كل كلندلر ايله سمن ايكين

---

بيشه ... اكر وما عينه | باقابين مرحله ير اغيشه

---

جمهور پيشه قديدن ... | بونلري كوللارك پيله ...
هر جهان بوريسه چمن ... | ايلا كايلار بوملكشن ...

---

يا جهان اهلي كوزلري بلبل | بوشهر زنك ... پيا ...
كچه كوندوز چكيت صداي فراق | اوزنكا تا ... ين دوراي فراق
عمر سني اوزكانز ... | تا النفوس وجه و ... وا كلكن
بوكيجه ... پارينه السلطان | كاشغر شهرنده ... زمان

62a
زادي مشكلدوني مقدم حل | كرادن سرفلان خبر اعقل
واردي براشنك قوانشلو | هم اولو بوللو هم كيا سلو
چوق كچرمش زمانه دن چغلر | بوكلرا لتنده صيزاب يغلر
نوح پيغمبرك كميه سي اول | ورمش اليه قوريغيله يول
ديرمش بن دوشار دم دوشكي | درلركيم انوب عزيزانشكي
خوش نفس ديربو اهل مسيح | حرمت ايلارمش حكار مسيح
قورت قورقاردي قلاغندن | اصلان از كاردي چوماغندن
اونو قاتنه بومسكين خر | واردي بونه سوردي ديدي اكي سرور
سن اشكلر احيتك كه ... | عاقل وشيخ واهل فاضل سن
انده كا صلاح ... | خرد حاله ديبيلر كر وكور
منزل مؤمنينه رهبرسن | مركب صالحينه مظهرسن
نسبتكدر مثل خطيب لره | نفسك خوش كلورا ديبلره
سن اشك سن نه شك حليم اجل | مشكلم وار كرمدن انكل حل
بوكن اوتلقده كوردم اوكز لر | شكر وبر لوره ... كوكز لر
هر بريسي سمين و قوتلو | اچي وطاشي يغلو و اتلو
بونلره نيچون اولدي ارزاني | بزه بلدرشو تاج سلطاني

بيلنك قارچيغه بيته قيسمي بولور | كه بريري نيك ازكا اسيمي بلور
اوبيره ديوريته اوبدان اوي دوزلوه | بو توريته قلور چيد نيه سوزكوه

ايره ديوتيغون توشيجي سازالا | ايورنيه ده دنيايه بر انتهها
جوتويغونني بولوراق كوشانر | اوجوشني بابيدا باره دين تيز
كما اكوتر قونشني خوي نشابانز | كه چيد انتهها سي دغاريلة غاز
اكرت سن همتلا وزيلند | شكار بنكه توبغونه قلار جيد




源　泉（布拉克）（维吾尔文）总35期　　بۇلاق (ئومۇمىي 35 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

«MAGAZINE OF BULAK» (UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجوڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1063/1
本刊代号：　58－108定价：1.90元
国外代号：　Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 _ 58　باھاسى: 1.90 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118